ئەختەم ئۆمەر

# يىراق قىرلاردىن ئانايەرگە سالام

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئەختەم ئۆمەر

# يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

## مۇندەرىجە

يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام ........................ 1
ياۋروپادىكى يېڭى «يىپەك يولى» ........................ 2
مەن كۆرگەن ئىستانبۇل ........................ 9
ھەرەمنىڭ كۆزىدىن يۇرتۇمغا نەزەر ........................ 43
بىزدىكى ئىسراپچىلىق ........................ 53
1. سالامەتلىكنىڭ ئىسراپ بولۇشى ........................ 53
2. ئۆي ئىسراپچىلىقى ........................ 59
3. ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ........................ 62
4. ۋەدە - لەۋز ئىسراپچىلىقى ........................ 65
5. يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقى ........................ 66
6. گەپ - سۆز ئىسراپچىلىقى ........................ 70
7. ئادەملىك قىممەتنىڭ ئىسراپچىلىقى ........................ 72
8. ئادەم ئىسراپچىلىقى ........................ 75
9. ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ئىسراپچىلىق ........................ 82
10. ئوزۇقلىنىش جەھەتتىكى ئىسراپچىلىق ........................ 87
11. ئۇلۇغ سۆزلەش ئىسراپچىلىقى ۋە ھېكمەتلەر كاساتچىلىقى ........................ 91
12. نام - ئاتاق ئىسراپچىلىقى ۋە ئاتاقسىزلىقتىن كەلگەن مەھرۇم قېلىش دىشۋارچىلىقى ........................ 95
13. بالا تەربىيلەشتىكى ئىسراپچىلىق ........................ 100

14 . تەبىئەت بۇلغىنىشى ۋە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ
بۇزۇلۇشى ........................................ 103
15 . مەسئۇلىيەت - بۇرچ ئىسراپچىلىقى ........... 106
16 . ئايال لار ھۆسن - گۈزەللىك ئىزدەشتىن
تېپىۋاتقان ئىسراپچىلىقلار ..................... 111
17 . ماختاش، مەدھىيە كاساتچىلىقى ............... 115
18 . سالاھىيەت ئىسراپچىلىقى ....................... 116
19 . شەرم - ھايا ئىسراپچىلىقى ...................... 119
20 . ھارۋىكەشلىك ئەخلاقىنىڭ نۆل دەرىجىسى ... 123
21 . تور ئىسراپچىلىقى ................................ 127
22 . ئەمەل - مەنسەپ ئىسراپچىلىقى ............... 130
23 . ئادىمىيلىكنى پۇل ئورنىدا خىراجەت قىلىش
ئىسراپچىلىقى .................................... 132
24 . ئەخلاق كاساتچىلىقى ............................. 134
25 . ئۆزىنى قوغداش ئېڭىدىكى ئىسراپچىلىقلار ... 137
26 . دوستلۇق مېھىر - مۇھەببەتتى مەڭگۈلۈك
بولسۇن ............................................. 139
27 . شەھەر - بازار قۇرۇشتىكى ئىسراپچىلىقلار ... 144
28 . قەبرىستانلىقتىكى ئىسراپچىلىقلار ............. 148
29 . مۇقەددەس رەڭ چۈشەنچىسى ۋە رەڭ
ئىسراپچىلىقى .................................... 150
**فارابىنىڭ قالۇن ئىجاد قىلىشى** ...................... 155

# يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام

(ئەدەبىي خاتىرە)

مەن دوستلىرىمنىڭ دەۋەت قىلىشى ۋە ياردىمى بىلەن دۇنيا كۆرۈپ، نەزەر كۆزۈمنى ئېچىپ كېلىش مەقسىتىدە 1992 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1993 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىدىكى بەزى دۆلەتلەر ۋە رۇمىنىيە، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولۇپ، ئۇ يەردىكىلەر بىلەن بىزنىڭ ئورتاقلىقىمىز ھەم پەرقىمىز ھەققىدە ئويلىغانلىرىم، شۇنداقلا، چەت ئەلدە ئۇچراشقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىدىن كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىم ۋە ھېس قىلغانلىرىمنى كەڭ ئوقۇرمەنلىرىم بىلەن ئۆز ئارا ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە ئەينەن بايان قىلدىم. دۇنياغا نېمە ئۈچۈن تۆرەلدۇق، قانداق ياشاۋاتىمىز، قانداق ياشىماقچى، قانداق ياشىساق بولىدۇ؟ دېگەن ھايات يوللىرى توغرىسىدا ئادەتتىكى بىر ئادەمنىڭ كاللىسى بىلەن كۆزەتكەنلىرىم، ئويلىغانلىرىمنى پەردازلىماستىن، تۇزلۇك ـ سەممىيلىك بىلەن يازدىم.

مېنىڭچە، بۇ تېخى دەسلەپكى تەسىراتىم، مەن يەنە پۇرسەت بولۇپ، سەپەر چىقسا، تېخىمۇ كۆپ يەرلەرنى كۆرۈشنى، بولۇپمۇ بىزدىن ياخشى ياشاۋاتقان، بىزدىن ياخشى ئويلىيالايدىغان، سۆزلىيەلەيدىغان، قىلالايدىغان، ئىلغار، زامانغا لايىق ئىنسان تەبىئىتى، ئەخلاق يولىدا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئادەملەرنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ، پىكىر ھەم تەسىراتىمنى يۇرتۇم خەلقى بىلەن ئورتاقلىشىشنى پەرز دەپ ھېسابلايمەن.

# ياۋروپادىكى يېڭى «يىپەك يولى»

ماۋزۇدىكى بۇ ئاتالغۇ مېنىڭ ئىجادىيىتىم بولماستىن، رۇمىنىيىنىڭ كونىستانتىن شەھرىدە ئۆيىگە لىققىدە يىپەك بېسىپ قويۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يىپەك سودىگەرلىرىگە يىپەك سېتىۋاتقان، تەكتى قاغىلىقلىق ئابدۇلھەمىدخاننىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان گەپ ئىدى. 1980 ـ يىللىرى قاغىلىقتىن چىقىپ كونىستانتىن شەھرىنىڭ ئاۋات بىر كوچىسىدا ئۆي ئېلىپ ئولتۇرغان ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە قاراپ ھەيران قالدىم. مېنىڭ ئادەتلەنگەن قاششاق ئېڭىم بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۇيغۇرلار پەقەت تەڭرىتېغىنىڭ ئەتراپىدا كەتمەن چېپىشقا، پادا بېقىشقا، باققاللىق، كاۋاپچىلىق، تۆمۈرچىلىك، ناۋايلىق قىلىشقىلا يارالغاندەك، كۆز ئالدىمدىكى قاپقارا چاچلىرىنى ئامېرىكىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك چاچ مېيى بىلەن مايلىغان، يانچۇقىدىن پىل چىشىدىن ئىشلەنگەن تارغاقنى چىقىرىپ، چاچ تاراۋاتقان 34 ياشلىق، بۇرۇتلۇق يىگىت ئۇيغۇر بولماي، ئىنگلىز، نېمىس ياكى باشقا مىللەت بولۇشى كېرەكتەك تۇيۇلدى. ئۇچىسىدا گېرمانىيىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك كاستۇم - بۇرۇلكىسى، پۇتىدا ئىتالىيىنىڭ مودا ئايىغى تۇرغان بۇ يىگىتنى زادى ئۇيغۇر دەيمۇ - دېمەيمۇ دېگۈم كېلىدۇ. ئەمما ئۇ تېپىك ئۇيغۇر يىگىتى ئىدى. دېمەك، ئۇيغۇرلار ۋىلكىدا تاماق يېسە، پىكاپتا ئولتۇرسا، ئالىي دەرىجىلىك كىيىملەرنى كىيسە بولىدىكەنغۇ؟ شۇئان يۇرتۇمدا دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان ياغلاشقان دوپپا، ئەرزان باھالىق سۇنئىي تالالىق كىيىم، تۇزلۇق تەر، قارا كىر، ئىس يېنىپ تۇرغان كاۋاپدان، ھۇقۇيتۇپ تۇرىدىغان ھورلۇق ئاشخانىدا چالا پىشقان بادىرچۆپ لەغمەن، ئېشەك ھارۋىسى، جۇۋاز، تۆمۈرچىخانا، ئوغرى ئالمىغىچە تاشلىۋەتمەي مىنىۋېرىدىغان ۋېلىسىپىت، قىستاڭ ئاپ-

توبۇس، چالما، سىپسىقچىلىق، پوق ـ سۈيدۈك بىلەن تولغان ھاجەتخانا، يىل بويى ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان يىرىم چارەك كەتمەن بىلەن قارا يەر ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان ئەرزان ئىغىر ئەمگەك، قارا قىشتا توك يىرىپ بىكارغا چاپىدىغان ھاشار، ھوسۇلنى ئاق تالونغا سىتىپ، ئاز پۇلنى نىسى سۈرەپ ئالالماي، توپىغا پىرىتىپ، تىزلىنىپ، ئاللاغا سىغىنىپ يىغلاۋاتقان كۆرۈنۈشلەر ئىغىر ئەسلىمە بولۇپ، كۆز ئۆڭۈمدىن ئۆتتى.

— مەن ھەيران قىلىۋاتىمەن. سىز تەكلىماكان قۇملۇقىدىن چىقىپ، قار يىغىۋاتسىمۇ ياپيىشىل چىمەنلىك ئىچىدە ياشىرىپ تۇرىدىغان ياۋروپا زىمىنىدا سودا ـ تىجارەت قىلىپ، شۇنچە ھەشەمەتلىك تۇرمۇش بىلەن يۇرتىڭىزدىكىدىنمۇ ئەركىن ياشاۋىتىپسىز، تىلدا قىينالمىدىڭىزمۇ؟

ئابدۇلھەمىدخان ياپونىيىدە ئىشلەنگەن، باھاسى 8000 يۈەنلىك (بىزنىڭ پۇلغا سۇندۇرغاندا)، ھەر خىل رەڭ ئۆزگىرىشلىك، ھازىر قارا كۆرۈنۈۋاتقان كۆزەينىكىنى ئىلىۋىتىپ كۈلدى:

— بىزمۇ دەسلەپتە، تىل بىلمىسەك قانداق قىلارمىز، دەپ بىشىمىز قاتقان. پۇلدىن ئىبارەت بۇ قۇدرەتلىك قورالنى خۇدا بىزگە بىرىۋىدى، يولىمىز ئىچىلىپ، ئىشىمىز ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كەتتى. چەت ئەلدە ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزىمىزدىن باشقا خەلق بىلمەيدىغان بىچارە تىلمىكىن دىسەم، پۇل مەن بىچارە ئۇيغۇرنىڭ قولىغا چۈشۈۋىدى، موسكۋا، سانكت پىتربۇرگ، ۋارشاۋا، بونن، سان ـ فرانسىسكولۇقلارنىڭ تىللىرىنى ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈپ بىرىدىغان تەرجىمان ئەتراپىمىدا پەرۋانە بولىدى. سودا ـ تىجارىتىم مانا سىلى كۆرۈۋاتقاندەك راۋان ـ ئوبدان يۈرۈشۈۋاتىدۇ. تارىم بويىدىن سودا ـ تىجارەت ئۈچۈن ياۋروپاغا قاڭقىپ چىققان بىر توپ ئۇيغۇر باللىرى پارىژ، لوندون، ئامستردام، ئىستانبۇل، بۇداپىشت، سوفىيە، بۇخارىست، روستوۋ … شەھەرلىرىدە دوللار نەگە قاچسا، شۇ يەرگە ئۇچۇپ بىرىپ،

قوغلاپ يۈرۈپ ئوقەت قىلىۋاتىمىز. ياۋروپادىكى ئاساسلىق شە-
ھەرلەرنىڭ ئايرودروم، پورت، ۋوگزال، بېكەتلىرىدە ئۈيغۇر بالى-
لىرى بار. قىسقىسى، بىز ياۋروپادا يېڭى «يىپەك يولى» ئاچتۇق.
بۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا، ئۇ ماڭا زەي سالماي پو ئېتىۋاتقان
لاپچى ئاداشتەك تۇيۇلدى. ئەمما، سەل ئۆتمەستىن، ئۇ تىلغا
ئالغان ئاشۇ بىرقانچە شەھەردىن كەلگەن تېلېفون ھەم رۇمىنىيە
پوچتىسىدىن كەلگەن تېلېگراممىلار بۇ گەپلەرنىڭ راست ئىكەنلى-
كىنى ئىسپاتلىدى. راست، ئۇلار راستىنلا ياۋروپادا يېڭى «يى-
پەك يولى» ئېچىپتۇ. كونا «يىپەك يولى» خارابلىشىپ، تارىخ-
تىكى سەلتەنىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، بۇ يول ئىگىلىرىنىڭ
نەچچە ئەسىرلەردىن كېيىنكى چەۋرىلىرى يەنە ياۋروپاغا سودا
ئۈچۈن چىقىپ، بۇ يەردە ئەجدادلىرىنىڭ ئىزلىرى ئورنىغا يېڭى
ئىزلارنى قالدۇرۇپتۇ.
— سىز قاغىلىقتا نېمە ئىش قىلاتتىڭىز؟
— ئۆزلىرى ئۇ يەردىن كەلمىگەندەكلا گەپ قىلىلىغۇ، ياز-
غۇچى ئەپەندى. مەندەك ساۋاتسىز ئادەم نېمە ئىش قىلىدۇ. شاپاق
دوپپامنى قىستۇرۇپ كېيىپ، بەلۋاغقا زاغرىنى تۈگۈپ، كەتمەن-
نى دولامغا سېلىپ: «دېھقانلارنىڭ بەختى بار، ھاشار بېشىدا
تەختى بار. كېۋەزلىكتە ئالتۇن بار، قوناقلىقتا تىللا بار» دەپ
ناخشىنى دۆڭ توۋلاپ، دېھقانچىلىق قىلاتتىم شۇ.
— سىز نېمىشقا ئوقۇمىغان؟
— ئوقۇشقا كىرىپ بىر يېرىم ئاي بولغاندا، پىئونېر قىلى-
مىز دەپ دەسلەپ ياخشى بالىلارنى تاللىدى. بىرىنچى بولۇپ مەن
تاللاندىم. قەسەم بېرىپ، بوينۇمغا قىزىل گالستۇك تاقاپ، ئۈچ
كۈن بولغاندا مۇئەللىم: «سەن باي دېھقاننىڭ بالىسى كۆز بويام-
چىلىق قىلىپ، پىئونېرلار سېپىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋاپسەن» دەپ
بالىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بوينۇمدىن گالستۇكنى تارتىۋېلىپ، ئۇ-
زاق تىللىدى. پىئونېر بولۇپ خۇشلۇقۇمدىن بېشىم ئاسمانغا

يەتكەندەك بولغانىدىم، ئەمدى ئىزا تارتقىنىمدىن ئەرشتىن موللاق ئېتىپ يەرگە چۈشكەندەك بولۇپ، يول بويى يىغلاپ، مەكتەپتىن شۇ يېنىپ چىققانچە قايتا ئوقۇمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ساۋاتسىز بولۇپ قالغانمەن. مانا ماۋۇ تۇغقىنىمىزنىڭ بالىسى مۇھەممەت ئون يىل ئوقۇپ، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، كادىر بولىدىغان مەكـتەپكە كىرەلمەي قايتىپ كەلگەن، كەتمەنـنىڭ ئاستىدىن تارتىپ ئەپچىقمىۋالدىم.

مۇھەممەت دېگەن قارا بالا كۈلۈپ گەپ قىستۇردى:

— بىر ھېسابتا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيمۇ ئوبدان قىپتىكەنـمەن. ئۆتكەن بولسام دادامنىڭ ئېتىزدىن مىڭ ئۆلۈپ ئاران تاپقان پۇلىنى خەجلەپ ئوقۇپ، سىلىدەك ئايدا 300 يۈەنگە ئىشـلەيدىغان كادىر بولۇپ قالىدىكەنمەن. ئۇ پۇل ئۆزۈمگىمۇ يەتمەي بىچارە دادامدىن يەنە پۇل ئېلىپ خەجلەپ، ئاچچىق ھاراقنى ئىچىپ يۈرىدىكەنمەن. ھازىر ئايدا 2000 دوللارغا ئىشلەيمەن، بىزنىڭ پۇلغا 18 مىڭ يۈەن دېگەن گەپ. مەن تۇغۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە دادامنىڭ دېھقانچىلىق قىلىپ تاپقان پۇلى مېنىڭ ئىككى ئايلىق ئىش ھەققىمگە يەتمەيدىكەن. دادامنىڭ يېنىدا بولسام دادامنى يۇنۇپ يەپ، يوق پۇلىنى خەجلەپ قەرزدار قىلاتتىم. ھازىر ئايدا دادامغا 100 دوللاردىن 300 دوللارغىچە پۇل ئەۋەتىپ بېرىمەن. ئاڭلىسام، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتـكەن ساۋاقدىشىم ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگىلى بىر يىل بوپتۇ. ھازىرغىچە 200 يۈەن ئايلىق بېرىدىغان يەر تاپالماي، قاقشاپ يۈرۈپتۇ. ئۇ بەش يىل ئوقۇش جەريانىدا دادىسىنىڭ كەم دېگەندە بەش ـ ئالتە تويىقىنى ساتقۇزۇپ خەجلەپ بولغاندۇ. ئۇ مەندىن ئەقىللىق، دەرسلەردە بەك ئۆتكۈر بالا ئىدى، شۇڭا ئىمتىھاندىن ئۆتەلىگەن. شۇ كاللىسى بىلەن ھازىر مۇشۇ يەردە بولسا، چوقۇم مەندىن جىق پۇل تاپاتتى. يەنە بىر مەزگىل خىزمەت تاپالمىسا، ۋەتەندىن ئايرىلىشقا چىدىسا، ئەپچىقىۋالىمەن. مانا مۇشۇنداق

گۈزەل جاي، ئالىي دەرىجىلىك ئۆي، ۋېلىسىپىتنىڭ ئورنىدا پىكاپ تۇرۇپ، ئاشۇ توپا ئاستىدا قالغان ۋەتەننى، ئەسكى تاملىق پاكار ئۆينى، ئېشەك هارۋىسىنى سېغىنىپ يىغلايمىز.

ئۇ شۇ گەپنى دەپلا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇپ كەتتى. ۋەتەندىن چىققىلى 20 كۈن بولماي تۇرۇپ مېنىڭ كۆزۈمگىمۇ ئىختىيارسىز ياش كەلدى. سەممىي گېپىمنى دېسەم، كىچىك چاغلىرىمدا ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئايروپىلانغا قاراپ، «ئايروپىلانغا قانداق ئادەملەر چىقىدىغاندۇ؟ خۇدا ئادەملەرنىڭ پېشانىسىگە ماۋۇ ئايروپىلانغا چىقىدۇ، ماۋۇ ئېشەك هارۋىسىغا، دەپ يېزىپ قويامدىغاندۇ؟ ئۆمرۈمدە بىر قېتىم ئايروپىلانغا چىقىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم قالمايتتى،» دەيتتىم. ۋەتەندە قانچە قېتىم ئايروپىلانغا چىققىنىمنى ساناپ خاتىرىلىۋالغاندىم. بۇ يەردە بولسا نۇرغۇن سەپەرنى ئايروپىلاندا باستىم. بۇ يەرگە كېلىشتىن قانچە ئايلار بۇرۇن ئالىي دەرىجىلىك چەت ئەل پىكاپلىرىنى كۆرسەم ۋېلىسىپىتتا ئېغىناپ كېتىۋېتىپ، ئارقىسىدىن قاراپ ئويلانغاندىم: «ئاشۇ پىكاپقا پەقەت ۋالىي بولسا ئاندىن چىققىلى بولارمۇ؟ مىجەزىمدىن قارىغاندا، مەن مەڭگۈ باشلىق بولالمايمەن. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇنداق پىكاپقا ھەرگىزمۇ چىقالمىغۇدەكمەن - دە» دەپ كۆڭلۈم يېرىم بولغانىدى. كېيىن، خىزمەت بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمدە، قەستەن قانچە پۇل خەجلىسەم خەجلەپ، چەت ئەلنىڭ پىكاپىغا بىر چىقىپ باقاي دەپ قانچە تاكسى توختىسا چىقماي، گېرمانىيىنىڭ پىكاپىنى ئاتايىن توسۇپ چىقىپ ئولتۇرۇپ باقتىم. ناھايىتى 20 يۈەن ئالدى. بۇ پىكاپ ھەقىقەتەن ھۇزۇرلۇق، يۇمشاق ئىكەن. شۇ مىنۇتلاردا مەن، دېمەك بىزنىڭ باشلىقلار شۇڭا ئۆزىنى تولىمۇ سالاپەتلىك، بىزدىن ئۈستۈن تۇتىدىكەن. ھېچ بولمىسا، باشلىقلىقنىڭ نۇرغۇن ھالاۋىتىدىن باشقا مۇشۇنداق پىكاپلارنىڭ راھىتى ئۈچۈن بولسىمۇ داۋاملىق ئۆز ھوقۇقىنىڭ غېمىدە بولۇپ، تىخىد-

مۇ ئۆسكىسى، مەنسەپ ئورۇندۇقىغا ئىخىمۇ چىڭ چاپلاشقۇسى كېلىپ تۇرىدىكەن. بەزىلىرىنىڭ مەنسەپتىن چۈشكەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا كېسەل بولۇپ، تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى — مۇشۇنداق پىكاپلاردىن كېلىدىغان راھەتتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن ئىكەن، دېگەن تەھلىلنى قىلغانىدىم. ئەينى چاغدىكى بۇ ساددا تەھلىلىمنى ئويلىسام، ھازىر كۈلۈپ كېتىمەن. بۇ يەردە بولسا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن دېھقان بالىسى بۇنداق پىكاپنى «ھارۋام» دەپ رومىنىيىنىڭ بۇخارىست، كونىستانتىن شەھەرلىرىدە ھەيدەپ يۈرۈپتۇ. قەيەرگە بارسام ئاشۇنداق پىكاپتا مىڭىشقا توغرا كەلدى. شۇ پىكاپتا كېتىۋېتىپ، ئۆيۈمدە قالغان كونا ۋېلىسىپىتىم، قەشقەر كوچىلىرىدا شۇ ۋېلىسىپىتىمنى كۆچەپ تېپىپ مىنىپ، قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشۈم ئويلىمىسامۇ كۆز ئالدىمدىن نېرى بولمىدى. ئالىي دەرىجىلىك پىكاپى بار بۇ بالا ئايدا ئاز دېگەندە 2000 دوللارغا ئىشلىسە، ئايدا ماشىنا، تاماق ۋە باشقا چىقىمغا 500 دوللار كېتىدىكەن، ئايلىق كىرىمىنى بىزنىڭ پۇلغا سۇندۇرغاندا 18 مىڭ يۈەن بولىدىكەن.

— سىز قانداق قىلىپ رومىنىيىدە بۇنداق «يىپەك يولى» ئۆتىڭى قۇرۇۋالدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم مەن ئابدۇلھەمىدخاندىن.

— كىچىك ئەترەت باشلىقىنىڭ خاسىيەتلىك بىر تەستىكى بولمىغان بولسا، ھازىرمۇ يەنە شۇ «دېھقانلارنىڭ بەختى بار» دېگەن ناخشىنى توۋلاپ ئېتىزدا يۈرەتتىم. شۇ بىر تەستەك يېگەن باھانە بىلەن ئۆيدىن 600 يۈەن پۇلنى ئېلىپ، بىر ماڭغانچە بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇلاردا كاۋاپچى، چايچى بولدۇم؛ بىلەتچى، دوللارچى، ئەتكەسچى، ئوغرى، قىمارۋاز، تىجارەتچى، ئاشپەز، يۈگۈر - يېتىمچىمۇ بولدۇم؛ ئالىي مېھمانخانىدىمۇ، پەلەمپەي ئاستىدىمۇ، شېغىل ئۈستىدىمۇ، ئېسىل خېنىملارنىڭ قۇچىقىدىمۇ، قاراڭغۇ تۈرمىدىمۇ ياتتىم. ئاخىر بىر چاغلارغا كەلگەندە ئۇيغۇرلارنى شاڭخەيدىن قوغلاش بولدى. گۇاڭجۇغا بار-

دۇق. ئۇ يەردىمۇ دەسلەپ ئوبدان بولدۇق، بارا - بارا ياتاق بەرمەس بولۇپ، كېيىنكە كەلگەندە ئۇ يەردىمۇ بىر قوغلاش، تۇتۇش بولۇۋېدى، شياڭگاڭغا چىقىپ، شۇ يەردىن تۈركىيىگە كېلىپ، هازىر بۇ يەردە سىلى كۆرگەن ئوقەتچىلىك بىلەن كۈن ئېلىۋاتىمەن.

مەن ئالما - ئاتادا كۆرگەن ئۇيغۇر ئوقەتچى باللارمۇ يەنە شۇ يۇرتىمىزدىن چىقىپ كەتكەن دېھقان باللىرى ئىدى، موسكۋادا مەن بىلەن ئەسرا بولغان، يەكەندىن چىقىپ، موسكۋادا تۇرۇپ قالغان ئابدۇلھەمىد ئەرباب، ئۇنىڭ «يەكەن - موسكۋا - ئىستانبۇل ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى» دىكى مىركامىل، ئادىل، نامان، ياقۇپ دېگەن باللارمۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، يۇرتىدا چىقىش يولى تاپالماي، چەت ئەلگە قاچقىپ چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇر باللىرى ئىدى. ئۇلار موسكۋا ئايرودرومىدا دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىغا ئۆچىرەتسىز بىلەت ئالالايدۇ. موسكۋا ۋوگزالىغا بېرىپ، ۋوگزال ئەمەلدارلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈشىگە مۇيەسسەر بولالايدۇ. ئۇلار هەرقايسى دۆلەت كونسۇلخانىلىرىغا بىمالال كىرىپ، ساقچىلار، كونسۇلخانا خىزمەتچىلىرى بىلەن قىزغىن چاقچاقلىشىپ، ماڭا ۋىزا ئېلىپ بەردى. ئايروپىلان بېلىتى قالمىۋېدى، ئايروپىلان باشلىقىغا ماڭمىسا بولمايدۇ دەپ ئايروپىلان خادىملىرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ يولغا سالدى. موسكۋا، كىيېۋ، بۇخارىست، كونىستانتىن، سوفىيە، ئىستانبۇل، مەككە، مەدىنە، جىددە··· مەن بارغان جايلارنىڭ هەممىسىدە توپ - توپ ئۇيغۇر باللىرى يۈرۈشىدۇ. ئايرودرومدا شۇ دۆلەت پۇقرالىرى ئۆچىرەتتە تۇرۇپ بىلەت ئالالمىسا ئۇيغۇر باللىرى كىرىپ، بىلەت ئېلىپ چىقىپ، پايدا ئېلىپ ساتىدۇ. ۋوگزاللاردا باشقا دۆلەت يولۇچىلىرى ماللىرىنى پىربۇۋت قىلالماي ئۇيغۇر باللىرىغا كۆپلەپ پايدا بېرىپ ماللىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. كونسۇلخانىلاردا ۋىزا ئالالمىغان باشقا ئادەملەرگە

ئۇلار ۋىزا ئېلىپ بېرەلەيدۇ. بۇلار بىزدە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن باللار ئىدى.

## مەن كۆرگەن ئىستانبۇل

1992 - يىل 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېچە سائەت ئۈچ بىلەن بولغارىيە - تۈركىيە چېگرىسىنىڭ تۈركىيە تەرەپ سىزىقىغا كىردۇق. ئەتراپ ئاپئاق قار بىلەن مۇز بولۇپ ئۈيىغان، دەرەخ شاخلىرى قىراۋنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ كەتكەنىدى. بوشلۇقنى قويۇق تۇمان قاپلىغان بولۇپ، يۇلتۇزلار كۆرۈنمەيتتى. قار كۆمگەن تاغلارنىڭ قانچىلىك ئېگىز ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئىختىيارسىز بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىمنى ئەسلىدىم: موسكۋا ئايرودرومىغا چۈشكەندە مانا شۇنداق قار بىلەن قاپلانغان، مۇز بولۇپ ئۈيىغان زېمىنغا دەسسىگەنىدىم، ئەمما دەرەخلەر — قارىغاي، ئارچا، قېيىن ئورمانلىقى ياپيېشىل ياشىرىپ تۇراتتى. قاتمۇقات، قېلىن كىيىم بىلەن «ۋولگا» ماركىلىق پىكاپ ئىچىدە ئولتۇرۇپ توڭلىغاندەك بولدۇم. ئەمما كۆز ئالدىمدىكى يېشىللىقتىن — ئاللانىڭ بۇ زېمىننى شۇنداق كاتتا تەڭشىگەن كارامىتىدىن ھەيران قالدىم. بارا - بارا بۇ يەرنىڭ نورمال قىش مەنزىرىسى مۇشۇنداق بولىدىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلگىنىمدىن كېيىن، تېگى - تېگىدىن چىرايلىق، چېچەن سىڭگان قىزلىرىنىڭ توپ - توپ بولۇپ ئۆتكۈنچىلەرگە ئەگىشىۋالغانلىقىغا ھەيران قالمىغاندەك، پەرۋاسىز كېتىۋېرىدىغان بولدۇم. پويىز ئۇكرائىنا زېمىنىغا كىرگەندىن باشلاپ، ئۇ يەردىكى قىشنىڭ يۇرتىمىزدىكى قىشقا مۇتلەق ئوخشىمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. پويىز كۆپ ھاللاردا ياپيېشىللىق ئىچىدىكى تاغ - داللاردىن ئۆتتى. بۇ يەرنىڭ قىشى شۇنداق بولسا، يازدا

ئاسمان بىلەن دەريادىن باشقا ھەممە يەر گۈل ـ چېچەكلەر دۇنيا-
سىغا ئايلىنىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قالدىم. ئاستا ـ ئاستا بۇ
گۈزەل مەنزىرىگە ئانچە ھاياجانلانماس بولۇپ قالدىم. ئەمما،
يېشىل مەخمەلدەك چىمەنلىك ئىچىدىكى كەڭ ھەم چوڭقۇر،
زەڭگەر، سۈزۈك سۇلۇق دەرياغا كەلگەندە يەنە ھاياجانلاندىم.
دەريا بويىدىكى، يەردىن ئىككى گەز ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان
ياغاچ ئۆيلەرنىڭ مورىسىدىن كۆكۈش تۈتۈن چىقىپ تۇرىدۇ.
چىغىر يوللاردا كالا يېتىلەپ ماڭغان، بېشىغا ياغلىق سالغان
تولغان چىرايلىق ئاياللار، ئېرىق بويلىرىدا ئىت قوغلاپ ئويناۋات-
قان باللار، ئاتقا مىنىپ، ئوۋ مىلتىقى ئېسىۋالغان ئەرلەر،
دەريا ئۈستىدىكى سۈس تۇمان، يىڭنە ئۇچىدەك يېقىشلىق
سىم ـ سىم يامغۇر ماڭا تولىمۇ تونۇش تۇيۇلدى.
مولداۋىيە زېمىنىمۇ باغۇ بوستانلىق، ياڭاق بىلەن ئامۇت
كۆپ يەر ئىكەن. رۇمىنىيە زېمىنىغا كىرسەك، بۇغداي مايسىلى-
رى يېڭى ئۈنۈپ چىقىپ، شەبنەمدىن پارقىراپ تۇرۇپتۇ. ئاللا
زېمىنىنىڭ تۈز يېرىنى كۆرسەتمەك بولغاندەك، رۇمىنىيە زېمىنى
تۈپتۈز تاناپتەك تۈزلەڭ يەر ئىكەن، ئېتىزلاردا نە قىر، نە ئېرىق
يوق. يەردىن بىر غېرىچ ئېگىز تۇرۇۋېلىنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇرى-
دۇ. ئۇنىڭدىن پۈركىلىپ چىققان سۇ بۇغداي مايسىلىرىغا يام-
غۇردەك چېچىلىپ چۈشۈۋاتىدۇ. بۇخارىست شەھىرىگە كېلىپ
پاكىز كوچىلار، ئاۋات رەستىلەردە يۈرگەن ئادەملەرگە قاراپ
ئۆزۈمنى يېڭىسار ياكى گۇمىغا كەپقالغاندەك، ياكى يېڭىسار،
گۇمىنىڭ ئادەملىرى بۇخارىست شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەندەك
ھېس قىلىپ قالدىم. چۈنكى پۈتۈن ئادەملەر دېگۈدەك يېڭىسار-
لىقلارنىڭكىدەك ئۇزۇن، قارا كۆرپە تۇماق كىيىۋالغانىدى. مې-
ڭىش ـ تۇرۇشلىرى، چىرايى پەرق ئەتكۈسىز، پەقەت بىرلا
پەرقى، بۇلار ھەددىدىن زىيادە پاكىز ئىدى.
تۈركىيە چېگرىسىدىكى قىراۋلىق دەرەخ، تۇمانلىق ۋادىدىن

كىلىۋاتقان پۇراق تەبىئىي ھالدا مېنىڭ مەھەللەمدىكى قار ياغقان قىش ئەتىگىنى تۇمان بولغاندىكى سېزىمغا كەلتۈردى.

— مەرھابا قاردىشىم، تۈركمۇسىز؟

ساقـچى پاسـپورتۇمـغا قاراپ، خۇش تەبەسـسۇم بىـلەن سورىدى.

— مەرھابا ئۇيغۇر مەن، — دېدىم مەنمۇ جاۋابەن خۇش تەبەسسۇم قىلىپ. ئوچۇق سۆزلۈك، خۇشخۇي چېگرا ساقچىسى تېزلا چېگرىدىن كىرىش رەسمىيىتىمنى ئۆتەپ بەردى. سەپەرگە چىققاندىن بېرى تۇنجى قېتىم ساقچىلارنىڭ خۇش مۇئامىلىسىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، بوغۇزۇمغا ئاچچىق بىر نەرسە تۇرۇپ قالدى، رۇمىنىيە چېگرىسىدىكى كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. پويىز ئىچىدە ھەممە يولۇچى پاسپورتىمىزنى چىقىرىپ تەكشۈرۈش نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز. رۇمىنىيە ساقچىلىرى ھەربىر يولۇچىنىڭ قولىدىن پاسپورتىنى ئېلىپ، يولۇچى بىلەن پاسپورتقا تەكرار زەن سېلىپ قاراپ تامغىسىنى بېسىپ بولۇپ، ئۆز تىلىدا:

— سەپىرىڭىزگە خۇشاللىق تىلەيمىز، ئەپەندى، — دەپ ماڭدى. ئۆچىرەت ماڭا كەلگەندە پاسپورتۇمنى قولۇمدىن ئېلىپلا ساقچىنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈۋېدى، ئىختىيارسىز تېنىم شۈركەندى.

— چىن پاسپورت، — دەپ ئىنگلىزچە بىر مۇنچە قوپال سوغۇق گەپ قىلدى. مەن ئۇنىڭدىن «چىن پاسپورت» دېگەن گېپىدىن باشقا ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم. ئۇنىڭغىچە تۈركىيە تەۋەلىكىدىكى ئاغىنەم ئەنۋەر ئەپەندى ئالدىراپ كېلىپ، رۇسچە چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ سۆز ئارىلىقىدا پەقەت «مۇسلىم ئۇيغۇر» دېگەن گېپىنى ئاڭقىرالىدىم. ساقچى باش - ئايىغىمغا ئىنتايىن سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ، ئەنۋەر ئەپەندىگە بىر نەرسە دەپلا پاسپورتۇمنى ئېلىپ كەتتى. ھەممە يولۇچى مېنىڭ باش - ئايىغىمغا قاراپ قويۇشتى. ناھايىتى ھارسىنىپ، خورلۇق ھېس

قىلىپ، غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم.
— نېمە دەيدۇ ماۋۇ ئەبلەخ، يا مەن ئوغرى بولمىسام، ھەممە ئادەمگە ياخشى مۇئامىــلە قىــلىپ، نېمىشــقا ماڭا قوپال-لىق قىلىدۇ؟ — دېدىم بوغۇلۇپ.
— جۇڭگولۇق ئىكەن، رۇمىنىيىگە كىرىشكە بولمايدۇ، پويىزدىن چۈشۈپ كەتسۇن دەيدۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ، مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى:
— جۇڭگولۇق رۇمىنىيىلىكنىڭ كۆتىگە يانتاق قىستۇرۇپ-تىمۇ، ھۇ ئەبگالار، رۇمىنىيىدە تۇرىدىغان بولسام كاشكى، بۇ نېمىلەرنىڭ يۇرتىدا نېمە بار ماڭا، — مەن قايناپلا كەتتىم.
— خاپا بولماي تۇرۇپ تۇرۇڭلار. مەن سۆزلىشىپ سىلىنى رۇمىنىيىدە توختىماي ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەپ چۈشەندۈرەي. جۇڭ-گولۇق تىجارەتچىلەر كەلسىلا پارا ئېلىپ كۆنۈپ قالغان گۆيلار بۇ، بىزنىڭ تىجارەتچىلەر قائىدىسى، قانۇننى بىلمىگەندىكىن، رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ ـ ئۆتىمەي، چېگرىغا ئۇسۇپ كېلىۋېرىپ، توسۇۋالسا، پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي، پارا بېرىپ ئۆتۈپ، بۇلارنى يامان ئۆگىتىپ قويغاندىكىن، جۇڭگولۇقنى كۆرسىلا بىر نەرسە تەمە قىلىپ شۇنداق قىلىدۇ.
— مېنىڭ رەسمىيەتلىرىم تولۇق تۇرسا.
— تىل، قانۇن بىلمىگەندىكىن رەسمىيەت تولۇق بولسىمۇ، بوزەك قىلىدۇ.
— مۇشۇلارمۇ بوزەك قىلامدۇ ئەمدى؟
— ئەسلى بۇلار بوزەك قىلىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن چاغدا، بىز خەق ئۆزلۈكىدىن ئالدىغا كېلىپ، مېنى بوزەك قىل، دەپ ئۆزى ئۇلارغا ئۆگەتكەن، بۇلار ئۆگەنگەن گەپ. بۇلاردىن خاپا بولغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئادەملەر ئۆزاقتىن بۇيان چەت ئەلگە چىقىپ باقمىغاچقا، خەلقئارا قائىدە ـ قانۇننى بىلمەيدۇ. قانۇننى بىلمىگەندىكىن، باشقىلار تەرىپىدىن قانۇنسىز دەپ قارى-

لىدۇ. قانۇنسىز ئادەمنى ھەرقانداق يەردە خالىغانچە دەپسەندە قىلسا، ئۇنى توسىدىغان ئىش يوق. بىزنىڭ ساۋاتسىز تىجارەتچىلەر ئاخىر بىزنىڭ قانۇنلۇق يولۇچىلارنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بولدى خاپا بولماي تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن چىقىپ سۆزلىشەي. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن يېرىم يولدا — بۇ ئادەمسىز يەردە پويىزدىن چۈشۈپ قالساڭلار يالغۇزلۇق، تىلسىزلىقتا ئاچ قالىسىلەر. خۇدا بۇيرىسا، ئېلىپ كېتىمىز، خاتىرجەم بولۇڭلار.

ئەنۋەر ئەپەندى ئالدىراپ پويىزدىن چۈشۈپ كەتتى. دېرىزىدىن روھىم چۈشكەن ھالدا قاراپ - قاراپ تۇردۇم. ئۇ چېگرا ساقچى پونكىتىغا كىرىپ كەتتى، بىر ھازادىن كېيىن چىقىپ:

— باشلىقى بىلەن پاسپورت تەكشۈرگەن ساقچىغا 20 دوللاردىن پارا بېرىپ، ناھايىتى تەستە ئىشىڭلارنى توغرىلىدىم، — دېدى، — خۇداغا شۈكرى، ھەر ھالدا ئىنساپلىق گۆيلار ئىكەن. قايتۇرىمىز دەپ تۇرۇۋالغان بولسا، سىلىنى يالغۇز تاشلاپ بىز قانداق كېتىمىز، ئۇ چاغدا بەك جىق زىيان بولاتتى دەڭلار.

مەن ئىچىمگە تىنىپ جىمىپلا كەتتىم. ھەممە يولۇچى ھەقسىز ئۆتكەن رەسمىيەتكە رۇمىنىيىدە تۇرمىسامۇ پۇل تۆلەپ ئۆتسەم، 40 دوللار دېگەن مېنىڭ بىر يېرىم ئايلىق مائاشىم تۇرسا. خىيال بىلەن ئولتۇرسام، تاموژنا خادىملىرى كېلىپ ھەممە ئادەمنىڭ سومكىسىنى ئاختۇردى. باشقا يولۇچىلارنىڭ نەرسىسىنى بوشراق، بىزنىڭكىنى ئەزمىلىك بىلەن ئۇزاق ئاختۇردى. ئاندىن ھەربىرى ئىككىدىن ئالىي دەرىجىلىك چاقماقنى ئېلىپ، ھىجىيىپ تۇرۇپ، يانچۇقلىرىغا سالدى. ئەنۋەر ئەپەندى گەپ قىلماڭلار، دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىتى قىلدى. مەن ئۈنسىز ھالدا ئۇلارغا تىكىلىپ تۇردۇم.

ساقچىلارنىڭ يولسىزلىقى غۇرۇرۇمغا قاتتىق تەگدى. ئەسلىدە رۇمىنىيىدە توختاش ئويۇممۇ يوق ئىدى. «توختا، —

دېدىم مەن ئىچىمدە، — يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىگىچە، رۇمىنىيىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كۆرۈپ كېتەي» دېگەن نىيەت-كە كەلدىم ـ دە، بۇخارىست، كونستانتىن شەھەرلىرىنى ئايلى-نىپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سەپەرداشلىرىم بىلەن تۈركى-يىگە قاراپ يول ئالدىم.

تاڭ يورۇغاندا تۇمان تارقاپ قاقاس تۆپىلىكتە كېتىۋاتقانلى-قىمىزنى كۆردۈم. بۇ يەردىكى تۆپىلىك، ئېدىرلار توقسۇننىڭ كۇمۇش ئەتراپىغا ئوخشىسا، تۇپراقنىڭ رەڭگى بۇگۇر يايلىقىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

— بۇ يەرلەرنى كۆرۈپ بىردىنلا جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدۇق، تۈركىيىنىڭ يەرلىرى بىزنىڭكىگە ئوخشامدۇ نېمە؟ — يېنىمدىكى ھەمسەپەر دوستۇم ئابلىز ھاجىمـ دىن سورىدىم. ئابلىز ھاجىم كۈلۈپ، ئەتراپقا زەن سېلىپ قاراپ:

— راست، مۇشۇ ئەتراپ بىزنىڭ يۇرتقا ئوخشايدىكەن، ئەمما بۇنداق يەر ئاز، ھېلى كۆرۈسىلەر، ھەممە يەر يېشىلچىلىق، — دېدى.

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا، ئېگىز چوققىدا ئاق ئاتقا مىنگەن بىر ئادەمنىڭ جىممىدە قاراپ تۇرغىنىغا كۆزۈم چۈشتى.

— دەل شۇ.

— نېمە دەل شۇ؟

ئابلىز ھاجىمنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرگىچە، كۆز ئۆڭۈمدىكى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك بىر مەنزىرە مېنى ئۆز قوينىغا سۆرەپ كىرىپ كەتتى.

چوڭ تۆپىلىك، تىكەنلىك، كۆك يانتاق، چاتقال ··· مەمەت ئاۋاق قارا تەرگە چۆمۈپ قاچتى، دۈم يىقىلدى، يۈزلىرىنى كۆك يانتاق تىكەنلىرى تىلىپ، ئالىقانلىرىغا سانسىز ئوغرى تىكەنلەر سانچىلدى ··· چاتقاللار تىتىۋەتكەن ئىشتانلىرىدىن كۆرۈنۈپ قال-

غان ئىنچىكە پاچاقلىرى قانلىق، تىلىم - تىلىم سىزىقلار بىلەن تولدى ... كۆيدۈرىمەن، بۇ دالىدىكى تىكەنلەرنى، چاتقاللارنى ... ھەممىنى ئۆرتەيمەن، قىساس ئالىمەن ...

ياۋا ئات قۇيرۇقىنى سۇس شىپاڭلىتىپ ھەيكەلدەك تۇردى. ئۇ قۇياشقا قاراپ قېتىپ قالغانىدى. مەمەت ئاۋاق ئاستا - ئاستا ئاتقا يېقىنلاشتى. ئات قىمىر قىلماستىن، قىزغۇچ كۈن نۇرى ئەكس ئېتىپ تۇرغان، چەكچەيگەن كۆزلىرىنى مەمەت ئاۋاققا تىكتى. مەمەت ئاۋاقنىڭ قىزارغان چوڭقۇر كۆزلىرى ئاتنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. مەمەت ئاۋاقنىڭ ئىچىگە قورقۇنچلۇق بىر تىترەك كىرىپ كەتتى. ئارقا تەرىپىدىن ئابدۇ ئاغىنىنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى. «پاڭ - پاڭ» ئوق مەمەت ئاۋاقنىڭ سالۋاراپ تۇرغان چاچلىرى ئارىسىدىن كۆيۈك پۇراپ ئۆتۈپ كەتتى. ئات قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ بىر پۇشقۇردى. مەمەت ئاۋاق مۇشۇكتەك بىر سەكرەپلا ئاتنىڭ ئۈستىگە قونۇۋال-دى. ئات قاتتىق بىر كىشنەپ، ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئادەمدەك ئۆرە بولدى. ئابدۇ ئاغىنىنىڭ ئادەملىرى يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. ئات ئۇزۇن ئاق بۇلۇتتەك بىرلا سوزۇلۇپ قۇياش نۇرى ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ كەتتى.

ياشار كامال چوقۇم مۇشۇ دالىنى، ئاشۇ ئاتلىق ئادەمنىڭ قىياپىتىنى يازغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلدىم. مەن قايتا قارىغاندا، ئاپتوبۇس بىر ئېدىرلىققا ساڭگىلاپ ھېلىقى ئات-لىق ئادەم تۇرغان چوققا كۆرۈنمەي قالغانىدى. ئاپتوبۇس بىر ئەگىلىپ، يۇمران ئوت - چۆپلەر ئۆسكەن تۆگە ئۆركىشىدەك دۆڭلەر كۆرۈندى. يىڭنىدەك كۆلۈپ چىققان چىرايلىق مايسىلار بارغانچە قويۇقلىشىپ، پۈتۈن زېمىن ياپيېشىل، ئاسمان كۆپكۆك بولۇپ كۆرۈندى. تېنىم يايرىغانلىقىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم روھلى-نىپ، سەپەر ھاردۇقلىرىم ئاشۇ يېشىللىققا تاراپ كەتتى. بۇ يەرنىڭ 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىكى قىشى مۇشۇنداق بولسا،

باھار پەسلى قانچىلىك گۈزەل بولۇپ كېتىدىغاندۇ ـ ھە؟ يېشىل دۆڭلەر ئارىسىدىن دېھقان ئۆيلىرى كۆرۈندى. چىرايلىق پاكار رېشاتكا ئىچىدە ھەر خىل گۈللەر كۆكلەپ تۇرۇپتۇ. گۈللۈك يېنىدا — مەرمەر خىش ياتقۇزۇلغان يولدا چىرايلىق يوپۇقتا يۆگەلگەن بىرقانچە پىكاپلارنىڭ چاقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. گۈللۈك ئارىسىدىكى تار مەرمەر تاشلىق يول پەلەمپەي ئارقىلىق بىناغا كىرىدىكەن. تاملار ئاق مەرمەر تاشتىن پەردازلانغان بولۇپ، كۆن نۇرىدا پاكىز سۈرتۈلگەن دېرىزە ئەينەكلىرىدەك پارقىراپ تۇرىدۇ. ئىچىمنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بىر ئازاب پۈتكۈل ۋۇجۇ- دۇمنى چىرمىدى. مەن كېتىۋاتقان بۇ دالا سەھرا ئىدى. مەن ئۆزۈم سەھرادا ئۆسكەن سەھرا بالىسى. مانا، بىزدىكى ھەممە يېرىدىن توپا قۇيۇلۇپ تۇرغان كېسەك ئۆيلەر، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ سۇۋاقسىز تاملىرى، توپا چىراي دەرەخلەر، زىرائەتلەر، ئېگىز ـ پەس توپا يول، ھەممىسى خۇدا قانداق بەرگەن بولسا شۇ پېتى؛ قورۇ بىلەن قورۇ گۈللۈك، باغ، ئېرىق ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرماستىن، ئۇرۇمچىدە ئاپتوبۇستا ئۆرە تۇرۇپ قوڭنى سۆڭگەكچە سۇۋاپ تۇرغاندەك بىر ـ بىرىگە چاپلاپ سېلىنغان، تاملىرىمىز، يوللىرىمىز، باغلىرىمىزمۇ مۇشۇلارنىڭكىدەك بول- سا، ئىشىك ئالدىغا — پاخال ئۈستىگە ئېشەك باغلاپ قويماي، بىزمۇ ماشىنىغا چىرايلىق يوپۇق يېپىپ قويساق خۇدانىڭ دەپتە- رىگە گۇناھ بولۇپ يېزىلارمىدى؟ ئۇلارنىڭ تېمىنى خۇدا ئۆز قولى بىلەن مەرمەر قىلىپ بەردىمۇ؟ بۇ گۈللۈكنى خۇدايىم ياساپ بەردىمۇ؟ بۇ ماشىنىنى ئاسماندىن تاشلاپ ھەربىر دېھقاننىڭ ئۆيى- نىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويدىمۇ؟ ھەممىنى خۇدا مۇشۇ ئادەملەر- نىڭ ئەقلى، ئەجرى، ئەمگىكى بەدىلىگە يەتكۈزگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ دېھقانلارمۇ مۇشۇنداق ئۆي ياساپ ئولتۇرسا، پاكىز كىيىنسە، ئۆيىگە مۇنچا قىلىپ بەش ۋاخ تەرەتتە يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ تۇرسا، چاچ قويۇپ، گالستۇك تاقاپ، ئۆز-

لىرىگە ئەتىر چېچىپ، ماشىنىغا ئايالى، بالىلىرى چىقىپ مەس-
چىتكە، كۆكۈل ئېچىش سورۇنىغا، تويغا، مېھمانغا بارسا، كۆر-
مىگەن يۇرتلارنى ساياھەت قىلسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ بىزنىڭ
دېھقانلار بۇنداق ياشىسا گۇناھ، ئېشەك مىنسە، ئەرلىرى كەتمەن
چېپىپ، ئاياللىرى قىغ توشىسا ساۋاب دەپ خۇدانىڭ قايسى
كالامىدا بار ئىكەن؟ بۇلارمۇ بىزدەك دېھقان، يەر تېرىيدۇ، ئەمما
بىزنىڭ دېھقانلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلارنىڭمۇ يەرلىرى، كالا -
قويلىرى بار ئىكەن. بۇلارنى خۇدا مۇنداق، بىزنى ئۇنداق ياراتقان
ئەمەس. توپان بالاسى بولغاندا، نوھ ئەلەيھىسسالام پۈتۈن جانلىق-
لارنى كېمىگە سېلىپ، جاھاننىڭ تىنجىشىنى تەقەززالىق بىلەن
كۈتۈپ تۇرغاندا، شۇ كېمىدە ھەممىمىز ئوخشاش بار ئىدۇق.
ئاللا تەرىپىدىن جاھان قايتا تۈزۈلۈپ، تاغنىڭ ئورنىنى چۆل
قىلىپ ئۆزگەرتىپ بولۇپ زەيتۇن شېخى چىشلىگەن كەپتەرنى
نوھ ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتكەندە، نوھ ئەلەيھىسسالام: «يائاللا،
ھاياتلىق يېڭىدىن باشلىنىپتۇ، شۈكرى» دەپ ئىلتىجا قىلغاندا،
بىزمۇ كېمىدىن زېمىنغا تەڭ چۈشكەنىدۇق. ھېچقايسىمىز بىر
- بىرىمىزدىن ئارتۇق ئەمەس ئىدۇق. كېيىنكى چاغلاردا ئەقلى-
مىز، ياشاش ئادىتىمىز، ھاياتقا قىلغان ئەجرىمىز ئوخشاشمىغاچ-
قا، نىيەت، ئىقبالىمىزغا بېقىپ بىز ئادەم ئاتا ئەۋلادلىرىنىڭ
تەقدىرى قىسمىتىمىزمۇ ھەر خىل بولدى.

ئۇلار مەسچىتكە ۋىلىسىپىتلىك بېرىپ ناماز ئوقۇسا، بىز
شەيتان ھارۋىسى مىنگەن ئادەمنىڭ ئىبادىتى قوبۇل بولمايدۇ
دەپ، ئېشەكنىڭمۇ، ئۆزىمىزنىڭمۇ جېنىنى قىيناپ ئېشەك بىلەن
مەسچىتكە باردۇق. ئۇلار خۇدا بەرگەن گۈزەل چاچلىرىنى
يۇيۇپ - تاراپ، پاكىزلىنىپ مەسچىتكە كىرسە، بىز يۇيۇقسىز
ياغ بۆكنى كىيمىسە دۇرۇس بولمايدۇ، دېدۇق. ئۇلار ماشىنا
بىلەن يەر تېرىسا، بۇقۇسا بىلەن تېرىمىسا بولمايدۇ، دېدۇق.
كىيىمنى يېڭى، پاكىز كىيسە ھارام دەپ، پىتلىق جەندە كىيىش-

نى راۋا كۆردۇق. بىز ئاللاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ئاللى‐كىملەرنى پىر تۇتۇپ ئۇنىڭغا چوقۇندۇق. خەق ئىناق ‐ ئۆم، ئۆز ئىشىغا پۇختا بولسا، بىزنىڭ ئىش ‐ ئەمەلىمىز بىر ‐ بىرىمىزگە يامانلىق تىلەش، ئورا كولاش بولدى. ئۆزىمىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىنى بىلمەي، خەقنىڭ ئىشىغا بۇدۇشقاقتەك چاپلى‐شىپ، ئاخىر ساڭمۇ يوق، ماڭمۇ يوق كۆك ئۇچەي بىچارە بولۇپ، خۇدادىن ئاغرىنىپ، كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ، ھەممىنى خۇدا تاشلاپ بەرمىسە مۇشۇنداق بولغىنىم بولغان، دەپ قېيداپ ئولتۇردۇق؛ خۇددى خۇداغا يەپ بېرىدىغان، خۇداغا كىيىپ بېرى‐دىغان، خۇداغا ياشاپ بېرىدىغاندەك. مۇشۇنداق چېچىمىزدىن تولا تەتۈرلىكىمىز بىزنى بۇنداق، ئۇلارنى مۇنداق ھاياتقا ئېرىشتۈر‐دى. بىر خەلق بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئۇ ئەقلى ‐ ھوشىنى جايىغا ئىشلىتىپ، ئىناق بولۇپ، توغرا يول، ھالال ئەمگەك، ئىنساپ، ساپ نىيەت، ئورۇنلۇق سۆز، ئېسىل پەزىلەت بىلەن جان تىكىپ، ئىرادە ۋە چىدام بىلەن ئىشلىسە، تەمەخور، ھو‐رۇن، ئاچكۆز، ھەسەتخور بولمىسا، بۇ دۇنيادا ھەممىدىن بەخت‐لىك، باي ‐ باياشات ياشىيالماي قالامدىكەن؟ ھەم ئۆزۈمگە ئىچىم ئاغرىپ، مەن قانداق ئادەم دەيمەن، ھەم ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشى بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى سېلىشتۇرىمەن. ھەممىسىدە مەن قاششاق ئورۇندا، ئۇلار بولسا زامانىۋى دۇنياغا يۈزلەنگەن.

— چۈشۈڭلار، تاماق يەيدىكەنمىز!

ئابلىز ھاجىمنىڭ گېپى ئۆز يۇرتۇم بىلەن ئانادولۇ ئوتتۇرى‐سىدىكى سېلىشتۇرما ھايات ھەققىدىكى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى.

— ئىستانبۇلغا كەلدۇقمۇ؟

— ئىستانبۇلغا ئاز قالدۇق. بۇ، ماشىنىمۇ، ئادەممۇ تاماق يەيدىغان ئۆتەڭكەن.

دېرىزىدىن قاراپ ھەيۋەتلىك، ئازادە بىناغا ۋە لاتىن يېزىقى‐دىكى «تۈرك رېستورانى» دېگەن خەتلەرگە كۆزۈم چۈشتى.

— سىلەر چۈشۈپ تاماق بۇيرۇغاچ تۇرۇڭلار، مەن نەرسە-لەرنى جۆندۈۋېتىپ چۈشەي، — دېدى ئابلىز ھاجىم.
پۇتلىرىم مۇنجىما بولۇپ، قاملاشمىغان دەسسەپ يەرگە چۈشتۇم. تېيىلىپ كېتىپ تەستە توختىۋالدىم. يەرگە ياتقۇزۇل-غان سىلىق مەرمەر تاش يۈزۈمدىن پاكىزدەك ھېس قىلدىم. خۇدۇكسىرەپ ئەتراپقا قاراپ قويدۇم. ھەممە ئادەم ئۆز خىيالى، ئۆز ئىش - ئەمەلى بىلەن. شۇنچىلىك ئەركىن، كىمنىڭ نېمە ئىش قىلىشى بىلەن پەقەت كارى يوق، ھەتتا مەن پالاكەتلىك قىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەت سوزۇلۇپ ياتساممۇ ھېچكىم شاڭخو قىلىپ كۈلىدىغاندەك ئەمەس. مۇبادا قوپالمىسام يۆلەپ قويىدىكەن. ئەگەر مەن قەشقەر ئاشخانىلىرى-نىڭ ئالدىدا شۇنداق تېيىلىپ يىقىلسام ئون ئادەم كېتىۋاتقان يولىدىن توختاپ ھاڭۋېقىپ قارىسا، كەم دېگەندە بەش ئادەم ئەخ-مەقلەرچە سەت ھىجىيىپ كۈلىشەر ئىدى، دەپ ئويلىدىم. دې-مەك، بىر كىم ئازابلانسا، قىيىن ئەھۋالدا قالسا، بىزنىڭ تې-تىقسىزلارچە سەت كۈلىدىغان ئادىتىمىز، كۈلمەيدىغان ئىشقا كۈلىدىغان، كۈلىدىغان ئىشقا ھاڭۋېقىپ قاراشلىرىمىز بارغانچە ئادەملىك سۈپىتىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىمىزدىن دېرەك بېرى-دۇ، خالاس. ئەتراپ شۇنچە پاكىز. يەر بىلەن پەلەمپەينىڭ، تام بىلەن تاماق شىرەسىنىڭ پاكىزلىقىدا پەرق يوق. بىر چوڭ پەرق ئۆزۈم بىلەن ئەتراپىمدىكى ئادەملەرنىڭ پەرقى ئىدى. كىيىملى-رىمىزنىڭ كونا - يېڭىلىقى ئوخشاش، ھەتتا مېنىڭ يېڭى دېيىش-كە بولىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ شۇنچىلىك پاكىز، رەتلىك، مې-نىڭ ئۇنداق ئەمەس. ئۇلارنىڭ يۈزى، پېشانىسى، قۇلاق، بويۇن-لىرى، ھەربىر تال چېچى، تىرناقلىرىغىچە تېگى - تەگىدىن پاكىزلىق يېغىپ تۇرسا، گەپ قىلىشلىرى، خۇش مۇئامىلىسى، چىراي ئۆزگىرىشلىرىدىن مەدەنىي — تەربىيە كۆرگەنلىكى چى-قىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزىدىن كىچىككىنىمۇ غەم، مۇڭ ئالا-

مەتلىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. مېڭىشلىرى ئۆز ئۆيىدە كېتىۋاتـ
قاندەك خاتىرجەم، ئەركىن.

مەن ئاستا كەينىمگە ياناي دەپ تۇرسام كۆتكۆچى بالا كەلـ
دى. ئۇ باش ـ ئايىغىمغا قاراپ:

— كۆردمۇ سىز؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ئۇيغۇر مەن، — دېدىم.

— هەئە، ماشائاللا قارداش. بۇيرۇڭ، نى كېرەك ئابى.

مەن گەپ قىلماي قايتىپ چىقتىم. سەۋەب، بىر خىل
خورلۇق ھېسسىياتى مېنى چەكسىز ئازابقا سالغان، كەمسىتىـ
لىشتىن ھاسىل بولغان دەرد يۈرىكىمنى مۇجىغانىدى. مېنى بۇ
يەردە ھېچكىم خورلىمىدى، ھېچكىم كەمسىتمىدى، بەلكى مەن
ئۆزۈمنى ئۆزۈم خورلىغان، كەمسىتكەنىدىم.

پۈتۈن ئەتراپ — ئاسمان ـ زېمىن، گۈل ـ گىياھ،
دەل ـ دەرەخ، تام ـ تورۇس، شىرە ـ ئورۇندۇق، قاچا ـ
قومۇچ، ئوچاقـبېشى، ئەر ـ ئايال، خوجايىن ـ چاكار،
ئاشپەز ـ كۆتكۆچى ... ھەممىسىدىن پاكىزلىق يېغىپ تۇرىدۇ.
مەندىنچۇ؟ ئۆزۈمدىن ئۆزۈمگە ھەممە يېرىمدىن — تىنىقىمدىن
تارتىپ بىر تال مويۇمغىچە كىر تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۆزۈمدىن
ئۆزۈم قاتتىق زېرىكتىم. خۇددى بىر توپ ئادەم ئالدىدا ئىشتىنىم
چۈشۈپ كەتكەندەك نومۇس قىلدىم. قەشقەردە بولسا ئالدىنقى
پاكىزلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالمىسامىمۇ مەينەتلەردىنغۇ ئەمەس
ئىدىم، دەيتتىم، ئۆزۈمچە. ئەمما، ھازىر بۇ يەردە ھەممە پاكىز،
بىرلا مەينەت نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ مەن، دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ
ئازابى ئىچ ـ ئىچىمگە مەڭگۈلۈككە ئورناپ كەتتى. كېيىنكى
سەپىرىمدە، مەيلى قەيەردە بولسۇن بىر كۈندە قانچە قېتىملاپ،
سائەتلەپ يۇيۇنۇپ، ئىستانبۇلنىڭ، مەككىنىڭ ئادەملىرىگە يېـ
قىن كېلىپ، ئۆز كۆڭلۈمدە شەخسىي تازىلىقىمنى، رەتلىك ـ
پاكىز كىيىمىمنى دىتلاپ، ئۇلارغا سېلىشتۇرۇپ باقتىم. ئەمما،

ئۇلارنىڭ تېگى ـ تېگىدىن پاكىزلىق يېغىپ تۇرىدۇ. مەندىن كىر، مۇڭ، سۇنۇقلۇق يېغىپ تۇرغانلىقىنى كۆڭلۈم سېزىپ تۇردى.

— نېمىشقا يېنىپ چىقتىڭلار؟ — دەپ سورىدى ئابلىز هاجىم.

مەن جاۋاب بەرمىدىم. مەن هازىرغىچە ئۇچراتقان ئادەملەر ئىچىدە بۇ ئاغىنەم ھەممىدىن سەزگۈر، ئىنكاسى ئەڭ تېز، ئادەمنىڭ كۆڭلىگە غىل ـ پال بىر نەرسە كېلىپ بولغۇچە خۇددى ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە كەچكەندەك بىلىۋالىدىغان يىگىت ئىدى. ئۇ كۈلۈپ كېتىپ:

— ئەتراپىڭلاردا ھېچكىم يوقتەك ئالدىڭلارغا قاراپ پەرۋا-سىز مېڭىۋېرىڭلار. قەشقەردىكى پەدەڭلىدە يۈرسەڭلار چەت ئەلدە جان باقالمايسىلەر. قورۇنۇپ، بوشاپ، ماكچىيىپ يۈرمەڭلەر، بۇنداق يۈرگەننى بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بەك ئۆچ كۆرىدۇ. بۇ يەردە ئاتقىلى ئېلىپ ماڭغان جىنايەتچىمۇ جازا مەيدانىغا ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم، ئازادە ماڭىدۇ، — دېدى ئابلىز هاجىم چاقچاق ئارىلاش سۆزلىگەچ مېنى رېستورانغا باشلاپ كىرىپ.

ئۇ تاماق بۇيرۇدى. ھەر بىرىمىزنىڭ ئالدىغا بىردىن كىچىك پەتنۇستا غىزا كەلتۈرۈلدى. پەتنۇس ئىچىدە بىر تەخسىدە بىر دانە كۈنجۈتلۈك توقاچ، بىر پىيالە قېتىق، بىر دانە تۇخۇم، كەمپۈتتەك چوڭلۇقتا سېرىق ماي، گۈلدەك قۇتىدا گىلاس مۇراب-باسى، بىر ئىستاكان سۇ، بىر پىيالە قورداق ۋە قوشۇق بىلەن ۋىلكا بار ئىكەن.

— يېمەمسىلەر؟

— ئاۋۋال سىلەر يەڭلار، — دېدىم مەن. ئابلىز هاجىممۇ، مەنمۇ خىرىلداپ كۈلۈشتۇق. ئابلىز هاجىم مېنى ئاياپ كۈلدى، مەن خىجىل بولدۇم. چۈنكى رۇمىنىيىدە مەن ئۇسال بولغان كۈلكىلىك تاماق يېيىش ۋەقەسى يۈز بەرگەنىدى. يول بويى

ياۋروپاچە تاماق، يەنى سوغۇق تاماق، قورداق، بولكا يەپ، ئۇيغۇرچە تاماقنى، بولۇپمۇ ئۇزاق سەپەرنىڭ هاردۇقىنى چىقىرىدىغان سۇيۇقئاشنى تولىمۇ سېغىنغاندۇق. ئۆي ئىگىسى يىگىتلەرمۇ بىزنى ياخشى مېھمان قىلدى. ئەمما، شۇنچە ئېسىل ياۋروپاچە تاماقمۇ بىزنىڭ يۇمغاقسۇت ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان ئۈگرىدەك ئاچقان يەرگە بارمىدى. دېمەك، كاتەككە كۆنگەن توخۇدەك بىز ئۆز تۇرمۇشىمىزغا مەڭگۈلۈك كۆنۈپ كەتكەنىكەنمىز. شۇڭا، ئۆي ئىگىسى يىگىتلەرگە سەمىمىيلىك بىلەن تەلىپىمىزنى ئوچۇق - يورۇق دېدۇق.

— گاز ئەكېلىپ قويغىلى ۋاقىت بولماي قالدى. توك ئوچاق بار، سەل ئاستا، خالىساڭلار ھەممە نەرسە - كېرەكنى ئەكىرىپ بەرسەك، ئۆزۈڭلار ئېتىپ ئىچسەڭلار، چۈنكى بىز بىر قېتىملىق قورساق تويغۇزۇشقا بىر ئاش پىشىم ۋاقىت چىقىرالمايمىز، — دېدى.

بىز خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدۇق. ئۇلار بىزگە ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن تەييار چۆپ، ھەر خىل ئوتياش، توخۇ گۆشى ئەكىرىپ بەردى. يەڭنى تۈرۈپ، ئۆزۈم سۇيۇقئاشقا تۇتۇندۇم. ئاش ئېتىمەن دېگىنىمگە تويۇپ كەتتىم. توك ئوچاقتا قازان تۈزۈك قاينىماي يامان جىلە قىلىۋەتتى. يولغا چىقىدىغانغا 20 مىنۇت قالغاندا تەقەززا بولغان سۇيۇقئاش ئاران پىشتى، ھەممىمىز ئالدىراپ قالدۇق. يولغا چىقىشنىڭ تەقەززالىقى قانچە كۈنلەردىن بۇيانقى ئاشقا بولغان تەقەززالىقتىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەندى. قىزىق سۇيۇقئاشنى ئالدىراپ، پۈۋلەپ - پۈۋلىمەي ئىچىپ كېتىپتىمەن. ئەس - يادىمدا چاققان بولمىساق كېچىكىمىز، دېگەن ئوي - خىيال ھۆكۈمران. بىر چاغدا ئۆزۈمگە ئۆزۈم «قارا» دېگەندەك بېشىمنى كۆتۈرسەم، ئالتە ئادەمنىڭ ھەممىسى ئاشنى ئىچمەي ماڭا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ قاراپ ئولتۇرۇشى چۆلدە قېلىپ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دېگەن

ئادەمنىڭ بۇلاقتا دۇم چۈشۈپ سۇ ئىچىشىگە قاراپ تۇرغانلارغا تولىمۇ ئوخشاپ كەتتى. ئابلىز ھاجىممۇ ماڭا قاراپ خىرىلداپ كۈلگىلى تۇرۇپتۇ.

— نېمە بولدى؟ كېچىكىۋاتساق، تامىقىڭلارنى ئىتتىك يېمەي قاراپ تۇرۇپسىلەرغۇ؟! — ھەيران بولۇپ، تەرلىرىمنى سۈرتۈپ تۇرۇپ سورىدىم. ئابلىز ھاجىم قۇلىقىمغا ئاستا پىچىرلىدى:

— بۇ يەردە، تاماقنى ئاۋاز چىقىرىپ يېگەننى بەكمۇ ئەيىپ ئالىدۇ. سىلەر بۇ ئىشقا دىققەت قىلمىدىڭلار.

— دەپ قويمىساڭلار نېمە بىلىمەن بۇ ئىشنى، تېز بولۇڭلار دەيسىلەر، قىزىق سۇيۇقئاشنى سۇ ئىچكەندەك ئىچكىلى بولامتى؟ ئىچىمنى سىقماڭلار تولا. ياۋروپالىق تاماق يېگەندە ئاۋاز چىقارمايمىز دەپ بولكىدىن باشقا تامىقى يوق خەق ئىكەن بۇ.

تېرىكىپ ئېشىمنى كۆتۈرگەنچە ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ ئاش ئىچتىم. شۇئان يۇرتىمىزدىكى قايناق بازارلار، ئاشخانىلار، ئاشپەزلەرنىڭ كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ - جارقىراشلىرى، ئۇنئالغۇلارنىڭ ئادەمنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەيدىغان گۇلدۇر - غالاپ ئاۋازلىرى، سىنقويغۇلارنىڭ كالدىرلاشلىرى، جېنىمىزنىڭ بارىچە گەپ قىلىپ سەت كۈلۈشلىرىمىز، ئاغزىمىزدىن چىقىۋاتقان ھاياسىز — تىلغا ئالغۇسىز چاقچاقلىرىمىز، قاۋاقخانا، رېستورانلاردا تۈكىنى تارتقان ئۆچكىدەك سەت ۋارقىراشلىرىمىز، تاماق يەۋېتىپ بۇرنىمىزنى تارتىشلىرىمىز، بەلغەم تۈكۈرۈشلىرىمىز بىرمۇبىر كۆز ئالدىمغا كېلىپ: «دىققەت قىلمايتىمەن، راست، ئەجەب سەت بىر ئىشلاركەنغۇ بۇ؟» دەپ ئۆزۈمچە نومۇس ھېس قىلدىم. قاچامنى قويۇپ تاماق يەۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كىردىم. ۋاقىت شۇنچە قىستاپ كېلىۋاتسىمۇ ئۇلار قوشۇقنى ئاغزىغا پەم بىلەن، ئۈن - تىنىشسىز سالىدۇ. ھېچكىم گەپمۇ قىلمايدۇ. ئۆي ئىچى تىلسىمدەك جىمجىت. «ھۇ گەجگىمىزگە ئۆتۈپ قالغان ئەقىل، شۇنچىۋالامۇ تەربىيىسىز قېلىپ،

ئادىمىيلىكتىن شۇنداقمۇ يىراقلاپ كېتەمدۇق. زادى ئەسلىدىنلا تەربىيىسىز، مەدەنىيەتسىز بولساققۇ بۇرۇنمۇ شۇنداقكەن دې-سەك. بىزنىڭ ئەجدادىمىز مەدەنىيەت ئۆگەنگۈچى ئەمەس، مەدە-نىيەت تارقاتقۇچى بولۇپ، سەلتەنەت سۈرگەن ئەمەسمىدى؟ ئاش-خانىلاردا تاماق يەۋاتقان ھالىتىمىزنىڭ بىر - بىرىدىن قىزغىنى-شىپ، غالجىرلىشىپ قاۋاپ، كالاپشىتىپ مەنتاڭ ئىچىۋاتقان ئىتتىن نېمە پەرقى بار» . بىردىن كۆزلىرىمگە مىڭ ئۆيلىرىمىز-دە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن، پەزىلەت، ۋىجدان، ئىلىم، سەنئەت يېغىپ تۇرغان گۈزەل رەسىملەر كۆ-رۈندى. ئۇلار شۇنداق ئەدەپلىك سالام بېرىشىپ كېتىۋاتىدۇ. قاراڭ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار، روھلۇق قەدەم بېسىشلىرىغا، مې-ڭىش - تۇرۇشلىرىدىكى سالاپەتكە، كىيىملىرىنىڭ رەتلىكلىكى-گە، قاچا - قوشۇق تۇتقان قوللىرىنىڭ شۇنچە ئەپلىكلىكى، تاماق چايناشلىرىنىڭ سىپايىلىقى، ئېغىز - لەۋلىرىنىڭ ئېچى-لىپ - يۇمۇلۇشلىرىدىكى سۆلەتلەرگە. شۇلار مېنىڭ بوۋىلى-رىم، مومىلىرىم ئەمەسمىدى. سىلەر بۇ خىسلەتلىرىڭلارنى ماۋۇ ياۋروپالىقلارغا ئۆگىتىپ قويۇپ، بىز بالاڭلارنى ئېغىلغا سولاپ چوڭ قىلدىڭلارمۇ؟ بىزنى تېپىپ قويۇپ، تۇزۇك تەربىيىلىمەي چارۋا قاتارىغا قوشۇپ باقتىڭلارمۇ؟ بالىنى ھايۋانمۇ تاپىدىغۇ؟ ئادەم بىلەن چارۋىنىڭ پەرقى نەدە، تەربىيىلەشتىغۇ؟ دەپ ۋارقى-رىغۇم، يىغلىغۇم كەلدى، ئەمما زۇۋانىم تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ دۇنياغا بارغاندا، دادامنى تاپقان چوڭ دادام قېنىسەن، چوڭ دادامنى تاپقان بوۋام قېنىسەن، دەپ سىلەردىن بىرمۇبىر ھېساب ئالايمۇ؟! قېنى، قايسىڭلارغا كەلگۈچە ئادەمتىڭلار؟ قايسىڭلاردىن باشلاپ ئادىمىيلىكتىن چىقتىڭلار؟! بىر ئادالەت سورىقى بولىدىغان پۇرسەت كەلسە - ھە ... مەندىكى بالىلارچە قالايمىقان «كۇپۇرانە» خىيال رېئاللىقتىن ھالقىپ رىۋايەت بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەندى. ئاشۇ گۈزەل تام سۈرەتلىرىدىكى نۇرانە

سېيما، رەتلىك تونلار، قارا كۆرپە تۇماقلار، سۇتتەك ئاق پاكىز سەللە، پارقىراق ئۇزۇن ئۆتۈكلەر، يالتىراپ تۇرغان قىلىچلار، كۇمۇش ساپلىق خەنجەرلەر، تاۋار كۆرپە، يۇڭ پايپاق، بوستانلارغا پاياندار قىلىپ سېلىنغان گىلەملەرنى تاشلاپ، جالاقلاپ تۇرغان رەزىل ساپايە، ساپايە تەگكەن پىتلىق قۇراق چاپان، ساۋاش بولۇپ، يىرىم ئەسىر يۇيۇپ تارالمىغان، پىت ئۇۋۇلىغان چاڭگا چاچلار بىلەن توپىغا يۇمىلىنىپ، توپىدىن تىرىك هالدا گۆرگە كىرىپ نەشە تارتىپ، بىهوش بولۇپ ساۋاپ، جەننەت تېپىشلار، پاك ئاللانى پاسكىنا بولۇپ گۆرگە كىرىپ ئىزدەشلەر ... بۇ نەس لەنتىلىكلەر هېلىمۇ رەهمىتى كەڭرى ئاللانىڭ ئەپۇسىغا، شاپائىتىگە ئېرىشىپ كەلدى. تەكلىماكاندا شالاپلىتىپ ئۇماچ ئىچىپ، كالا تېزىكىگە دەسسەپ يۇرۇپ چوڭ بولغان دېهقان بالىلىرى بۇ يەردە — ياۋروپادا ئادەم بولۇشنى، ئەخلاقىي پەزىلەتنى، پاكىزلىقنى ئۆگىنىدىغان، تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە كېتىۋاتقان جەمئىيەتتە، مەندەك 20 يىل ئوقۇغان، تەربىيىلەندى، دەپ يۇرىدىغان ناداندىن كۆپ مەدەنىيەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇلار شۇنچە پەم بىلەن، ئېهتىيات بىلەن تاماق يەپمۇ يەنە شۇ بارىدىغان يەرگە ئۇلگۇردۇق. شۇ مىنۇتتىن باشلاپ خىيالچان بولۇپ جىمىپلا كەتتىم، سۇكۇتكە چۆمدۇم؛ پۇتكۇل چەت ئەل سەپىرىدە گەپ خۇشياقماس بولۇۋالدىم. دوستلىرىم مىجەزىمدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى تېزلا بايقاپ هەر خىل پەرەزلەرنى قىلىشىپ: ئايالىنى سېغىنىدى، تاماققا كۆنەلمىدى، بىزنىڭ گېپىمىز تېتىمىدى ... دېيىشتى. مەندىكى مۇلايىملىق توڭلۇققا، خۇشخۇي، ئوچۇق سۆزلۈك، چاقچاقچىلىق، مۇڭداش-قاقلىق مۆرىمەسلىككە — قاپىقى يامانلىققا ئايلاندى. يېڭى تونۇشقان سورۇندا بىرگە ئولتۇرغانلار: «ئەجەب بۇرقتۇرما، توڭ بىر ئاداشكەن» دېيىشىپتۇ. بۇ مىجەزىم يەتمىگەندەك جىمغۇر بولغانسېرى خاپىغان، جىلىخور، تېرىككەك بولۇپ قالدىم. بۇ مىجەزىم بىلەن

ئۆزۈمنىڭمۇ، دوستلىرىمنىڭمۇ خۇشى قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن: «چەت ئەلگە ساياھەتكە كەلمىسەم بوپتىكەن. دۇنيا دېگەن ئاشۇ تارىم بويىدىكى ھايات شۇ. دۇنيادىكى ھەممە ئادەم بىزگە ئوخشاش ياشايدۇ. ئۆيلىرى، يوللىرى، باغلىرى، دەريالىرى، تاغلىرى، ئېرىق - ئۆستەڭلىرى ئوخشايدۇ، دەپ يۈرۈۋەرگەن بولسام، ماڭا بۇ يەرلەرنى كۆرۈشنى كىم قويۇپتۇ» دېگەنلەر ئاغزىمدىن چۈشمىدى. بۇ گەپلىرىم بىلەن بىرگە ماڭغان دوستلىرىمنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ رەنجىتتىم. مەن بۇ يەرگە خۇشاللىق ئىزدەپ چىققانىدىم، ئەمما ئازاب چېكىدىغانلىقىمنى پەقەت تەسەۋۋۇر قىلىپ باقماپتىكەنمەن. شۇڭىمۇ روھىم بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ، ئىچىمدە بىر ۋەسۋەسە مېنى خاتىرجەم كۈلەلمەيدىغان، خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان، نېمە ئويلىسام شۇنى خاتىرجەم سۆزلىيەلمەيدىغان، بىردەم جىم تۇرالمايدىغان، ئەمما قىلىدىغان ئىشىمنى تاپالماي جىلە بولىدىغان قىلىپ قويدى. مانا بۇ جىمغۇرلۇقتىن، گومۇشلۇقتىن تۇغۇلغان سەمىمىي رىئاللىق ئىدى. مەن ئىستانبۇلدا تۇرغان ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە مۇشۇ ۋەسۋەسىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى — «مەن قانداق ئادەم» دېگەن سوئالغا جاۋاب تېپىش ئىكەنلىكىنى ئاخىر ئويلاپ يەتتىم.

مەن تۇرغان ئۆي دوستىمىز ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ دادىسى، تېگى ئاتۇشلۇق، ئۆزى مېھرىبان، ئوچۇق سۆزلۈك ئابدۇكېرىم ھاجىم ئاكىنىڭ ئۆيى بولۇپ، دېڭىز بويىدا ئىكەن. قولى ئوچۇق، ئاق كۆڭۈل، پەرىشتە سۈپەت، ئىشچان، مېھماندوست بىر بوۋاي مېنى ياتاق، كۆڭلۈم تارتقان تاماق، مېۋە - چېۋە، ئىشقىلىپ ھېچ نەرسىدىن غەم قىلغۇزمىدى. بىر كىشىنى ئالدىراپ بىر پىيالە چايغا ياكى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشقا ۋاقتى بولمايدىغان، دادىسى بالىسىغا مائاش بېرىپ ئىشقا سالىدىغان، قىسقىسى، ھەر جەھەتتىن جىددىيلىك بىلەن تولغان ئىستانبۇلدەك شەھەردە بىزدىكىدەك بىر توخۇسى بار نامرات ئۇيغۇر دېھقانىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ

قالسا، ئويلاپ ئولتۇرمايلا شۇ توخۇسىنى مېھمانغا يېگۈزىدىغان مېھماندوست، ئاق كۆڭۈل، ساددا خاراكتېرىنى ئۆز ئەينى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئۆزى بۈيۈك قەھرىمانلىق، تونۇمايدىغان بىر قانچە ياش بالىنى ئۆيىدە نەچچە ئايلاپ بېقىش پەقەت خىزىر سۈپەت كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئۇلۇغلۇق ئىدى. كېيىن بىلسەم، بۇ كىشى يالغۇز بىزنىلا ئەمەس، ۋەتەندىن چىققان، ئىستانبۇلدىكى قىممەت تۇرمۇشقا بىر كۈنمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەرگە بىزگە قىلغان مۇشۇ سېخىيلىقنى قىلغانىكەن. مەن سېخىيلىقتا خۇددى ھاتەمدەك بۇ ئالىيجاناب پەزىلەت ئىگىسىگە — ئاشۇ خىزىر سۈپەت بوۋايغا تېخىمۇ ئۇلۇغلۇق تىلىدىم. مەن شۇ خىزىر سۈپەت كىشىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ يېشىل چىملىق ئىچىدىكى تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، توختاۋسىز مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان زەڭگەر دېڭىزغا قاراپ، ئۇنىڭدىن ئۆزۈمچە جاۋاب ئىزدىدىم. دولقۇنلار ئۈستىدە چايكىلار توختىماي چۇرۇقلىشىپ ئۇچۇشماقتا. قىتئەلەر ئارا قاتنايدىغان ئوكيان پاراخوتلىرى مەن قاراپ ئولتۇرغان مەرمەر دېڭىزدىن ئۆز يولىغا قاراپ راۋان بولماقتا. خىيالىم بولسا ئاشۇ چايكىلاردەك ئەركىن، دېڭىزدەك كەڭرى، پاراخوتلاردەك ئېغىر ئىدى. دېڭىز بويىدىكى ئاشىق - مەشۇقلار، پۇتبول ئويناۋاتقان باللار، كۆچۈك يېتىلىۋالغان خېنىملارغا ھاڭۋېقىپ: «جاۋاب تاپ، بۇلار قانداق ئادەم، مەنچۇ؟» دەپ تەكرارلايمەن ئۆز - ئۆزۈمگە.

مەن ئىستانبۇل، جىددە، مەككە، مەدىنە، ئۇرۇمچىلەردە تۆت ئاي يۈرۈپ، قەشقەرگە قايتىپ كەلدىم ۋە تار ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپ، ئاخىر بۇ جاۋابنى يېزىشقا تۇتۇندۇم. مەن ھەربىر ئەقىل ئىگىسىنىڭمۇ مۇشۇ سوئال ئۈستىدە ۋىجدان بىلەن ئويلاپ، ئۆزىگە لايىق جاۋاب ئىزدەپ تېپىشنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ياشاقچى بولغان قەدىمى ھەقىقىدە ئادەملىك سۈپىتى بىلەن ئويلىنىپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

نېمىشقا دەپ سوراۋاتامسىز؟
بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي: چۈنكى، مەيلى سىز زىيالىي بولۇڭ، ياكى دېھقان بولۇڭ ۋە ياكى تىجارەتچى – سودىگەر بولۇڭ، ئالتۇن تاغلىرى بىلەن پامىر تاغلىرى، قورغاس ئېغىزى بىلەن شىڭشىڭشيا (ئارا يۇلتۇز) ئارىلىقىنىلا مەئىشەتكە تولغان ئادىمىي ھاياتنىڭ قاينىمى دەپلا قارىماي، نەزىرىڭىزنى يىراق – يىراقلارغا تاشلاڭ، ئۆزگىلەرنىمۇ كۆرۈڭ! ئۇلار ھەققىدە ئاڭ-لاڭ! شۇ چاغدىلا ئاندىن بىلىم – مەدەنىيەتنىڭ، ياشاشنىڭ ۋە جاھاندارچىلىقنىڭ، قىسقىسى، ئادەملىكنىڭ زادى نېمە ئىكەنلى-كىنى چىن مەنىسىدىن چۈشىنىپ يېتەلەيسىز.
مانا ئەمدى مېنىڭ چەت ئەلگە چىقمىسام، كۆرمىسەم بوپتى-كەن دېگەن ۋەسۋەسەم تۇغقان خۇلاسە گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئارام تاپتى. مەن ئاخىرقى سۆزنى باشتا يازدىم. ئەمدى مېنى مۇشۇ خۇلاسىگە كەلتۈرگەن تەسىراتلىرىمنى ئاڭلاپ بېقىڭلار.
يېشىل تۆپىلىكلەر ئارىسىدىن ئىستانبۇلغا يېقىنلاشقانسېرى بىپايان زەڭگەر دېڭىزنى كۆرۈپ جان – تېنىم يايراپ، يۈرىكىم گويا دېڭىزنى سۆيۈپ ئۇچۇۋاتقان چايكىلاردەك ئويناقشىپ كەت-تى. شىشىدەك سۈزۈك، فرانسۇز قىزلىرىنىڭ كۆزىدەك زەڭ-گەر، مېھرىلىك دېڭىز مېنى ئۆزىگە شۇنداق بىر راھەتلىك سېزىم بىلەن سېھىرلىۋالدى. ئىستانبۇلغا كىرىپلا تۇنجى بولۇپ كۆزۈمگە چېلىققىنى ياپيېشىل چىمەنلەر پىلەك يېيىپ يامىشىپ كەتكەن قەدىمكى سېپىل بولدى. توختىماي قار ئۇچقۇنداۋاتقان بولسىمۇ سېپىل تۈۋى، سېپىل خىشلىرىنىڭ ئاراشلىرىدىن يۇم-ران گىياھلار قويۇق ئۈنۈپ كەتكەنىدى. تۈرك ھەم كۇرد قويچى-لار سېپىل تۈۋىدە توپ – توپ قويلارنى ھەيدەپ يۈرۈشەتتى. ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ قەدىمكى سېپىلنىڭ كۆزىتىش راۋىقىدا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق قىزىل بايرىقى لەپىلدەپ تۇراتتى. سېپىل مۇنارلىرى تۈۋىدە سىگانلار چېدىر

تىكىپ ئولتۇرۇپتۇ. سېپىل دېڭىز ئىچىگە چۆرۈلگەن بولۇپ، دولقۇنلار توختىماي ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بۇزغۇنلارغا قاراپ باتۇر تۈرك لەشكەرلەرىنىڭ: «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ قىلىچ - نەيزىلىرىنى ئويىنىتىپ، سېپىلغا خەنجەر قاداپ تۇرۇپ يامىشىپ، سېپىل ئۈستىدىكى ۋىزانتىيە لەشكەرلىرى بىلەن قىلىچلىشىۋاتقان قۇۋچاقلاشما جەڭلىرى كۆزۈمگە كۆرۈنگەندەك بولدى. سېپىلنىڭ ھەربىر تاش - خىشلىرىدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مىڭلىغان ئوغلانلىرىنىڭ قانلىق ئىزلىرى ھازىرمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

سېپىل ئىچى - سىرتى، دېڭىز بويلىرى، كالتە بازار، دۇكان — ھەممە يەردە ئادەملەر شۇنچە قىستاڭ ھەم كۆپ، لېكىن مېنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى، شۇنچە ئالدىراش كېتىۋاتقان ئادەملەر بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ، ۋارقىرىشىپ - جارقىراشمايدۇ، شۇنچە تەرتىپلىك. ئىستانبۇل قەدىمكى شەھەر بولغاچقا يوللىرى شۇنچە تار، ئادەملەر قىستىلىشىپ دېگۈدەك ماڭىدۇ، ئەمما شاۋقۇن - سۈرەن ئاڭلانمايدۇ، ۋارقىراپ گەپ قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق، ئادەم كۆپ، ھەرىكەت تېز، ئەمما تىلسىمدەك جىم. شۇئان ئۈرۈمچى، قەشقەر كوچىلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى. بىزدە بولسا بازار ۋە كوچىلار بۇ يەردىكىدىن كۆپ ھەم كەڭرى، ئەمما ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ، ۋارقىرىشىپ، ئۇرۇشۇپ، تىللىشىپ ماڭىمىز. بازار ئىچىدىكى ۋارقىراشماقتا، قىقاس - سۈرەنگە چىداپ تۇرغىلى بولمىسىمۇ، شۇنىڭغا نائىلاج كۆنۈپ كەتكەنمىز. مۇبادا مۇشۇ ئىستانبۇل كوچىلىرىدىكى ئادەملەرنى شۇنداقلا كۆچۈرۈپ بىزنىڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر بازارلىرىغا ئاپىرىش مۇمكىن بولسا، ئۇلار چوقۇم: «ئىپتىدائىي - ياۋايى يىرتقۇچلار جىلغىسىغا كېلىپ قاپتۇق» دەيدىغاندەك، ئۈرۈمچى «ئىتتىپاق تىياتىرى» ئالدىدىكى بەس - بەستە، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىتىپ ئۈنئالغۇ قويۇۋېلىپ، ئادەملەرنى بىزار قىلىدىغان ئۈن - سىن لېنتىلىرىنى سېتىش دۇكانلىرىنىڭ ئالدىغا كەلسە:

«غالجىرلاشقان ساراڭنىڭ سولاقخانىسىغا كىلىپ قاپتۇق» دەپ كۆزلىرى چەكچىيىپ، قۇلاقلىرىنى ئەتكەنچە قېچىپ كېتىدىغاندەك، ئەكسىچە بىزنىڭ ئادەملەر ئۇ يەرگە بارغۇدەك بولسا، زۇۋانسىزلار دۆلىتىگە كىلىپ قاپتۇق دەيدىغاندەك تۇيۇلدى.

بىر كۈنى دوقمۇشتا تاكسى ساقلاپ تۇرۇپ قالدىم. بالا يېتىلىگەن بىر موماي تار، پاتقاق كوچىدىن چىقىپ كەلدى. چوڭ يول قىرىغا كېلىپلا توختىدى ـ دە، ئىزىدا ئۆلتۇرۇپ يانچۇقىدىن تازىلىق قەغىزىنى چىقىرىپ، ئاۋۋال نەۋرىسىنىڭ، ئارقىدىن ئۆزىنىڭ كەشىدىكى لاي ـ پاتقاقلارنى پاكىز ئېرتىپ، چەمىدىكى لايلارنى قىرىپ، ئۇنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلاپ، ئاندىن چوڭ يولغا كىردى. بىرمۇنچە تاكسىلار ئۆتۈپ كەتتى. مەن يولۇمغا مېڭىشقا ئالدىرىماستىن يەنە كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ تۇردۇم. شۇ كوچىدىن چىققاندا بىرقانچە ئادەملەرمۇ شۇنداق قىلىپ، ئاندىن چوڭ، پاكىز يولغا چۈشۈپ يولىغا مېڭىشتى.

تاكسىدا ئۆلتۇرۇپ يەنە شۇ: «مەن ئادەممۇ، نىمە؟» دېگەن خىيالنى قىلدىم. مېنىڭ قارىشىمچە بولغاندا، يول مېنىڭمىتى، بۇ يولدا يالغۇز مەنلا ماڭامتىم، مەيىنەت بولسا نىمە كارىم، تازىلىق ئىشچىسى يولنى تازىلىمىسا نىمە ئىش قىلىدۇ؟ دەيمەن.

ئاۋۇلارنىڭ ئېڭى بويىچە ئويلاپ باقتىم.

مەن ئادەم، بۇ يول دائىم مەن ماڭىدىغان يول. شۇڭا، ئۇ پاكىز بولۇشى كېرەك، مۇشۇنداق پاكىز يولغا لاي ئايىغىم بىلەن كىرىپ مەيىنەت قىلسام ئەيىب، نومۇس، گۇناھ ئەمەسمۇ؟ دېمەك، ئۇلار چوڭ يولنى ئاشۇنداق ئاسرىغان يەردە ئۆز ئۆيىنى قانچىلىك پاكىز تۇتىدىغاندۇ؟ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مۇنداق بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى. بىزدە ئايىغىدىكى لاي ـ پاتقاقلارنى سۈرتۈپ مېڭىش ئۇياقتا تۇرسۇن، جامائەت سورۇنلىرىدا ئورۇندۇقلاردىكى توپىنى سۈرتۈپ ياكى ئۈستىگە گېزىت، ياغلىق سېلىپ ئۆلتۈرغانلارنى كۆرسە بەزىلەر تېخى: «تازا سۆسەركەن»

دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ. ئەسلىدە دىنىمىز، ئەخلاقىمىز مەينەتچىلىكتىن قاچىدىغان، پاكىزلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن ۋە ئەخلاق ئىدىغۇ، بۇ تەتۈرلۈك، مەينەتچىلىك بىزگە قەيەردىن، كىمدىن، قانداق قىلىپ يۇقۇپ قالدى؟

بىر چاغدا، قەشقەر كوچىلىرىنىڭ بىرىدە، ئالىي دەرىجىلىك سارجىدىن كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن بىر يىگىت دوستلىرى بىلەن كېلىپلا پاسكىنا يەردە ئولتۇردى. ھېچقايسىسى يەرنىڭ پاسكىنىلىقىنى پەرۋايىغا ئېلىپمۇ قويمىدى. ئۇلارنىڭ ئادەتلەنگەن ئېڭىچە، بۇ ئۇلارنىڭ نوچىلىقى، ئۆزىچە بۇنداق قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كۆزگە ئىلىپ كەتمىگىنى ئىدى. پاكىز، قاتۇرۇپ دەزماللانغان سارجا كىيىمىگە قاراپ ئىچىم سىرىلىپ كەتتى. شۇ يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىچە قاراپ تۇردۇم. ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا كاسىسىغا خۇددى كونا ماتادىن ياماق سالغاندەك بىرمۇنچە توپا چاپلىشىپ قوپتى. ئۇ بولسا پەرۋاسىزلا كاسىسىنى ئىككى شاپىلاقلاپ قويۇپ يولىغا ماڭدى. كاسىدا تەڭگىدەك چوڭلۇقتىكى شالتاق ئىزلىرى قالدى. ماۋۇ قاسماق نوچىغا قاراڭ، دېدىم ئېچىنىپ، كىر يۇيمايسەن، ئۆيدە سېنىڭ كىرىڭنى يۇيىدىغان ئاناڭ ياكى خوتۇنۇڭ بار. ئۇ سېنىڭ قول ياكى دېدىكىڭدەك ھەممە ئىشنى قىلىدۇ، ئۆزۈڭ بولسا تەييارتاپ، سېنىڭ نوچىلىقىڭ شۇنچىلىك. سەن يىگىرمە بەشلەرگە كىرگەنسەن، بەلكىم بالاڭ باردۇ. سەندىكى ئادەملىك تەربىيىسى شۇنچىلىك بولسا، سەن بالاڭنى قانچىلىك تەربىيىلەرسەن. ئۇمۇ سېنى دوراپ چوڭ بولىدۇ. ھېلىقى موماي ئايىغىنى سۈرتۈپ قويغان سەبىي بالا چوقۇم كەلگۈسىدە بالىسىنىڭ ئايىغىنى سۈرتىدۇ. ئۇمۇ بالىسىنى خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش تەربىيىلەيدۇ.

بىز ئاۋۋال ئۆزىمىزنى، ئاندىن كېيىن ئىزىمىزنى باسىدىغان بالىمىزنى تەربىيىلىشىمىز كېرەك ئىدى. بالىنى تېپىپ قويۇپ، ئۈچ ۋاق تاماق بېرىپ، تەربىيىنى مەكتەپ بېرىدۇ دەپ، كېيىن

بۇ بالا كۈنبويى قاۋاقخانىدىن چىقمايدىغان، ئۇرۇش - جودانى پۇلغا سېتىۋالىدىغان، ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان كۆكەرمە، ئۇششۇق، لۈكچەك، بېشىمىزغا بالا بولىدىغان ئادىمىي هايۋانغا ئايلانغاندا، ئۇنى باشقۇرالمىدىم، ماڭا مۇشۇنداق بالىنى بەرگىچە بەرمىسەڭ بولمامدۇ دەپ ئاللاغا تاپا قىلىپ، تۇرمىگە ئاپىرىپ سولۇتۇشلارنىڭ ئۆزى ئەسلىدە ئۆزىمىزدە ئادەملىك تەربىيىنىڭ، ئەخلاقنىڭ، ۋىجداننىڭ، ئادىمىيلىك تەبىئەتنىڭ كەملىكىدىن كېلىپ چىققان پاجىئە ئىدى. سېنىڭ خۇداغا تاپا قىلىدىغان هېچقانداق هەققىڭ يوق، هۆكۈمەتتىن قاقشايدىغانغا چويلىدا توختىغۇدەك باهانە - سەۋەبىڭ يوق، مەكتەپتىن ئاغرىنىدىغان قىلچە ئاساسىڭ يوق، بالىنى كىم تاپتى؟ ئۆزۈڭ تاپتىڭ، توقسان پىرسەنت مەسئۇلىيەت سېنىڭ زىممەڭدە. هايۋاننى سەن كۆپەيتىپ بەرمىسەڭمۇ، ئاللانىڭ يولى بىلەن ئۆزى كۆپىيىپ، يېتىپ ئېشىۋاتىدۇ، خالاس.

مەن كۆرگەن شەهەرلەردە كىمنىڭ قانچىلىك باي ئىكەنلىكىنى يولدا كېتىۋېتىپلا بىلگىلى بولىدىكەن. كىمنىڭ ئىشىك ئالدى، يوللىرى پاكىز تۇرسا، ئەخلەت ساندۇقى، تازىلاش ماشىنىسى، گۈللۈكى، دەرەخلىرى بولسا، تاملىرى پارقىراپ تۇرسا، شۇ كىشى باي سانىلىدىكەن. دېمەك، ئۇلار پۇلنى تاپىدىكەن، هەممىنى پاكىزلىق - تازىلىق ئۈچۈن خەجلەيدىكەن. بىزچۇ؟ بىزنىڭ بايلىرىمىزنىڭ تۇرقىغا، ئىشىك ئالدىغا ماڭىدىغان يولىغا قاراپ باقايلى! ئۇلار نېمىگە باي بولدى. ئاشۇ مەينەت كىيىم بىلەن يۇرۇش ئۈچۈنمۇ؟ پاكىز، رەتلىك، ئازادە كىيىنسە ئۇلارغا ياراشمامدۇ؟ ئۇلار پۇلنى تېپىپ تام تۇۋىگە كۆمگىچە ئىشىك ئالدىنى، مەهەللە يولىنى، يۇندا ئېرىقلىرىنى، تازىلىق ئەسلىهەسىنى، هاجەتخانىلارنى ياساشقا ئىشلەتسە، ئەل - جامائەتنىڭ دۇئاسىنى ئالماسمىدى؟ شۇ قىلغانلىرىنىڭ ساۋابى ئۈچۈن، خۇدا ئۇلارنىڭ هەرىكىتىگە يارىشا كۆپلەپ بەرىكەت بەرمەسمىدى؟

ھەرەمدە، يېشى ئاتمىشتىن ھالقىغان قەشقەرلىك بىر كىشى بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالدىم. ئۇ ئادەم 14 يېشىدا دادىسىغا ئەگە-شىپ ھەرەمگە كەلگىنىچە يۇرتىغا قايتىپ بارالماپتۇ. دادىسى ھەرەمدە، ئانىسى قەشقەردە ۋاپات بوپتۇ. قەشقەرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشىپتىپ، كۆزلىرىدىن توختىماي ياش قۇيۇلدى.

— يول ئۇچۇق، قەشقەرگە نېمىشقا بېرىپ كۆرۈپ كەلمەي-لا؟ — دېدىم مەن. ئۇ ئادەم جىمىپ ئولتۇرۇپ كېتىپ:

— بالام، كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن. راست گەپنى قىلمىسام بولمايدۇ. سىلەردىن ھەرەمگە كېلىپ ـ كېتىۋاتقانلارنىڭ تازىلى-قىنى كۆرۈپ، يۇرتتا پاكىزلىق تولىمۇ كەمكەن دەيتتىم. بىز-دىن بارغانلاردىنمۇ يۇرتتا تازىلىقنىڭ بەك ناچارلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن قەشقەردىن چىققاندا قەشقەر ئېرىق ـ ئېرىق سۇ ئاقىدىغان، باغۇ بوستانلىق، تولىمۇ پاكىز شەھەر ئىدى. ئاڭلىشىمچە، ھا-زىر پاكىز يەر بەك ئاز دەيدۇ. مەينەتچىلىكتە ئادەمنى نەس باسىدۇ. مەينەتچىلىكتىن قورقۇپ بارمىدىم. بۇ گېپىمنى ھەر-گىز كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا. پاكىز يەردىن پەرىشتە، بەرىكەت، ئامەت ئەگىپ يۈرىدۇ. مەن يۇرتۇمنىڭ ئەسلى تەبىئىتىدەك پاكىز بولۇشىنى بەك ئارزۇ قىلىمەن. ئەگەر بۇگۇن ئاشۇ كوچىلار تۈزۈلۈپتۇ، سېسىقچىلىق تۈگەپتۇ، دېسە ئەتىسىلا بارىمەن. ئادەم پاكىز بولسا، روھى كۆتۈرۈلۈپ، بەدىنى يەڭگىل، ئوي ـ خىيال-لىرى تاتلىق، ھەرىكىتى چاققان، ئۆزى ئۈمىدۋار بولىدۇ، ئىش-لارمۇ ئوڭغا تارتىپ تۇرىدۇ. مەينەت باسقانچە، چۈشكۈنلىشىپ، نەس بېسىپ، تۈز يولدا كېتىۋېتىپمۇ پۇتلىشىپ كېتىپ دۇم چۈشىدىغان ئىشلار بولىدۇ ...— بوۋاي كۆپ سۆزلىدى. دەسلەپتە ئۇنىڭ گەپلىرى كۆڭلۈمگە كەلدى. ئاستا ـ ئاستا بۇ راست گەپكە نومۇس ئىچىدە قوشۇلدۇم. دېمىسىمۇ، ھاۋا ئىسسىغان كۈنلەردە كوچىلاردىن كېلىۋاتقان سېسىق پۇراق پۈتۈن قەشقەر ئاسمىنىنى قاپلايدۇ. بىز ھېلىمۇ ئاشۇ سېسىق پۇراق ئىچىدە ئەقلىمىزنى

يوقاتماي ياشاۋاتىمىز. ئەقىل بىراقلا يوقالمايدۇ. ئەمما، ئۇ ئۇزاققىچە ئاشۇنداق مۇھىت ئىچىدە تۇرۇۋەرسە، ئاستا ـ ئاستا چىرىپ تۈگەيدۇ. مەسىلەن، بىزنىڭ ئىككى ـ ئۈچ ياشلىق باللىرىمىز شۇنداق چېچەن، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان گەپ-لەرنى قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلار چوڭ بولغانچە گاللىۋاقلىشىپ بارى-دۇ. مانا بۇ نۇرغۇن سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولغان مەينەتچىلىك ئىچىدىكى تۇرمۇشنىڭ تەسىرى ئەمەس دەپ كىم ئېيتالايدۇ. ھاۋا تازا، ساپ بولىدىغان جىمجىت كېچىلەردە تېگى ـ تېگىدىن تۇن-جۇقۇپ چىقىۋاتقان ھاجەتخانا پۇرىقى شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان شەھەر ۋە يۇرتلاردا بۇرنىمىزغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. بىز شۇ سېسىق ھاۋانى سۈمۈرۈپ ئۇخلايمىز. بىز شۇنچىلىك بۇلغانغان ئەقىل بىلەن قانچىلىك چوڭ ئىشنى ئويلىيالايتتۇق ۋە قىلالايتتۇق؟ ئۆزىمىز ۋە باللىرىمىزنى قانچىلىك تەربىيىلىيەلەيتتۇق؟ ھەم-مىمىز، ئارىمىزدا ياخشى ئادەم ئاز قالدى، شۇڭا بەك بۇزۇلۇپ كەتتۇق، دەپ قاقشايمىز. ئەجەبا مەينەتچىلىك ئاستىدىكى نەس-لىك، بۇزۇلغان ھاۋادا تىنىپ قالغان ئەقىل بىزنى شۇ ھالغا چۈشۈرمەي سۈزۈك ئاسماندا ئۇچۇرسا بولامتى؟ پاكىز داننى پوققا، پاتقاقتا مىلاپ يەيدىغان توخۇنىڭ قانچىلىك ئەقلى بولماقچى ئىدى؟ بۇ گەپ يالغان دېسەڭلەر، قېنى، چىداپ تۇرۇپ شۇ زاماتلا ئۇستىبېشىمىزغا، باللىرىمىزنىڭ، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ئۇستىبېشىغا، ئۆيلىرىمىز، تام ـ تورۇسلىرىمىز، ئاشخانا، قا-زان ـ قۇمۇچلىرىمىز، يوللىرىمىز، ھاجەتخانىلىرىمىز، ئەۋرەز-لىرىمىزگە بىر قاراپ باقايلى! يۇندا ئېقىپ تۇرغان دەسمالدا سۈرتۈلگەن لەغمەن، لەڭپۇڭ تەخسىلىرى، تۇمەننىڭ بۇلغانغان سۇ-يىدە يۇغان ئۆپكە ـ ھېسىپلار، چىۋىنلار ئۇچۇپ يۈرگەن گۆش، يول بويىدىكى توپا قونۇپ كەتكەن يېمەكلىكلەر، يىللاپ ھەممە نەرسىنى يۇغان كۆلنىڭ سۈيىدە قاتقان مۇزنىڭ دۇغلىرى — مانا بىز كۈندە ئىستېمال قىلىدىغان يېمەكلىكلەر! توۋا، ھېلىمۇ

ئەقىل بىزنى تاشلاپ قېچىپ كەتمەپتۇ.

ئەمدى گەپنى يەنە ئىستانبۇلغا يۆتكەيلى. بىز ئىستانبۇلغا قەدەم باسقان سائەتتىن باشلاپ، بىزنى ئەزىز دوستلىرى، قىممەتلىك مېھمانلىرى سۈپىتىدە ئۆيىگە ئېلىپ بارغان دوستىمىز ئەنۋەر ئەپەندى بىلەن ئۇنى لەۋزى ھالال، ئىمانلىق، ئېتىقادلىق ئادەم قىلىپ ئۆستۈرگەن دادىسى ئابدۇكېرىم ھاجىم ئاكىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن بەش ۋاق نامازنى مەسچىتتە ئوقۇدۇق.

تۈركىيىدە مەسچىتلەر يالتىراق ھەم سىلىق مەرمەر تاشلاردىن سېلىنغان بولۇپ، پەلەمپەي، تەكچە، دېرىزە يانلىرى، ئىشقىلىپ بىز ياغاچ بىلەن تۆمۈر ئىشلىتىدىغان نۇرغۇن ئەسلىھەلەرنىڭ تولىسى چىرايلىق نەقىشلەنگەن مەرمەر تاشلاردىن ئىشلەنگەنىكەن. كېيىن بىلسەم، تۈركىيىدە تاشچىلىق، تاش ئويمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى ناھايىتى راۋاجلانغان بولۇپ، چوڭ ـ چوڭ قورام تاشلاردىن ھەرە بىلەن تاختاي تىلىپ چىقىرىدىكەن. ھەرە كېپىكىدە بولسا مەرمەر بېتون ياسايدىكەن.

مەن مەسچىتكە كىرىۋېتىپ، مەن بىلەن ياندىشىپ كېتىۋاتقان چەت ئەللىك مۇسۇلمانلارغا دىققەت قىلدىم ھەم ھەيران بولدۇم. ئۇلار ياش، ئوتتۇرا ياش ياكى ياشانغانلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى دېگۈدەك كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقىغان بولۇپ، يالاڭباش ئىدى. چاچلىرى رەتلىك تارالغان بولۇپ، مايلانغان، ئوزايىدىن چەكسىز پاكىزلىق يېغىپ تۇرىدۇ. مەسچىتنىڭ ئاستىغا قويۇق، قېلىن، يۇمشاق مويلۇق گىلەم سېلىنغان بولۇپ، ئەتراپتىن ئەتىر گۈلنىڭ ھىدى دىماغقا ئۇرۇلىدۇ. سەپكە تۇرغان ئادەملەرنىڭ قەددى ناھايىتى تىك ھەم تۈز، تەنھەرىكەتچىلەردەك قامەتلىك، يۈزلىرىدىن نۇر، كۆزلىرىدىن ئۈمىدۋارلىق، جۇشقۇنلۇق، غەيۇرلۇق چاقناپ تۇرىدۇ. مەن نامازداشلىرىمغا قاراپ ئۆزۈمدىن نومۇس قىلدىم ـ دە، بېشىمغا كىيىۋالغان ئاق شاپاق دوپپىنى ئاستا ئېلىپ يانچۇقۇمغا سېلىپ،

قەددىمنى رۇس تۇتۇپ، يالاڭباش نامازغا تۇردۇم. «ئەگەر قەشـ قەردە مەسچىتكە يالاڭباش ناماز ئوقۇغىلى كىرسەم، جامائەت مېنى: ‹تۆكباش كاپىر› دەپ مەسچىتتىن قوغلاپ چىقىرار ئىدى ـ ھە؟ بىز تەرەپلەردە تەرەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن پاكىز بېشىمىزغا كىر ـ تەر پۇراپ تۇرىدىغان دوپپا ـ تۇماقلىرىمىزنى كىيىپ، پاسكىنا باش بىلەن نامازغا تۇرىمىز. بىزمۇ مۇشۇ مۇسۇلمانلاردەك خۇدايىم بەرگەن قۇندۇزدەك پاكىز چېچىمىز بىلەن ناماز ئوقۇساق يامان بولارمىدى؟ ئەنە قاراڭ، ئۇلارنىڭ تۇرقى ـ سىياقىغا. ئۇلار شۇ قەدەر قەددى ـ قامەتلىك، تەمكىن ـ روھلۇق، تېتىك، خۇشخۇي، ئوچۇق سۆزلۈك. بىز ـ چۇ؟ بىزنىڭ پەم بىلەن دەسسەپ، ئىچىمىزگە تىنىپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشىمىزدىن، سۇنۇق، غەمكىن، چۈشكۈن كۆز ـ لىرىمىزدىن، بىچارىلىق، مۆمىنلىك، رايىشلىق يېغىپ تۇرغان ھالىتىمىزدىن چىرايىمىز، بەدەن سۇپىتىمىز، روھىيەت ساپايى ـ مىزنىڭ بۇ مۇسۇلمانلاردىن بارغانسېرى كۆپ تۆۋەنلەپ، يىگى ـ لەپ، پۇچەكلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمىز كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ـ ھە».

خىيالىم شۇ يەرگە كەلگەندە كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، قويۇق ـ ئۆسكىلەڭ چاچلىرىنى چىرايلىق تارىغان ياش ئىمام گالستۇكىنى راۋۇرۇس تۈزەپ، مېھراب يېنىدىكى ئەينەكلىك ئىشكاپتىن چاقچانغىنە سەللە بىلەن توننى ئېلىپ كاستۇم ـ بۇرۇلكا ئۇستىگە كىيدى ـ دە، قۇرئانى كەرىمنى پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ، ئاندىن سۆيۈپ، مۇنبەرگە چىقىپ تەبلىغ قىلدى.

تۈركلەرمۇ ئەسلىدە مۇستاپا كامال ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى بىزگە ئوخشاش يوغان سەللە ئورايدىكەنمىش. كېيىن مۇستاپا كامال دۇنيا ئىسلام ئۆلىمالىرى، ئالىملىرىنىڭ قوللىشى بىلەن بىر قاتار دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئىسلاھ قىلغان: سەللە بىلەن توننى مەسچىتتىلا كىيىش، سىرتتا كىيمەسلىك، سەللىنى قازاندەك ئەمەس، چىرايلىق، چاققان قىلىپ ئوراش؛ ساغلا ـ

لىق، ئەستە ساقلاش، پاكىزلىق قاتارلىق شەرتلەر كۆزدە تۇتۇ-
لۇپ، ئىمام لار 45 ياشقا كىرگەندە داغدۇغىلىق پىنسىيىگە چىقى-
رىش قاتارلىق پەرمانلار ئادەتكە ئايلانغان. شۇڭا، تۈركىيىدە 45
ياشتىن يۇقىرى ئىمام بولمايدىكەن. پېنسىيىگە چىققان، دوك-
تورلۇق ئۇنۋانى ئالغان ئىماملار ئالىي دىنىي بىلىم يۇرتلىرىدا
ئۇستازلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىكەن.

بىر كۈنى ئۆزۈم يالغۇز ئايلىنىپ يۈرۈپ، مەخسۇس توخۇ
كاۋىپى ساتىدىغان رېستورانغا كىردىم ۋە ئۇنىڭ سۇلايمان ئىسىم-
لىك قىزغىن، سۆزمەن خوجايىنى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم.
ئۇ، ئۇرۇمچى، قەشقەرلەرگە كەلگەنىكەن، ئۇيغۇرچىنى راۋان
سۆزلەيدىكەن، مېنى كۆرۈپلا:

— مەرھابا، مەھمۇت قەشقەرىدىن كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ
قۇچاقلاپ كۆرۈشتى.

— مېنى قانداق تونۇۋالدىڭىز؟ — دېدىم مەن قىزىقسىنىپ.

— سىلەر ئۇيغۇرلار ئالەمنىڭ نەرىگە بارساڭلارمۇ چىرايىڭ-
لاردىن بىر خىل سۇلغۇنلۇق چىقىپ تۇرىدۇ، ھەتتا چىرايلىق،
پاكىز كىيىنىۋالساڭلارمۇ، — دېدى سۇلايمان ئەپەندى.

— بۇ گەپنى ۋەتىنىڭلارغا كەلگەندىن بۇيان نەچچە يەردە
ئاڭلىدىم، بۈگۈن سىزمۇ شۇنداق دەۋاتىسىز. سىزچە بولغاندا،
مەنمۇ سۇلغۇن كۆرۈنەمدىكەنمەن؟

— سىزلا ئەمەس، ھەممىڭلار شۇنداق كۆرۈنىسىلەر. خۇد-
دى ئاللادىن زامانى ئاخىر بولىدىغانلىق ھەققىدە ۋەھىي كەلگەن-
دەك. سىلەردىكى ھەممە ئىشقا ئورۇنسىز غەم قىلىدىغان ئەنسىز
خاراكتېر ھازىر بىر پۈتۈن مىللەت پسىخىكىسىغا سىڭىپ قاپتۇ.
ئورۇنسىز دەرد ـ ئەلەم چېكىپ، غەم قىلىپ ياشىغان ئادەم دائىم
كۈچلۈك دۈشمىنىنى بوينىغا مىندۈرۈۋالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ.
جەڭگىۋارلىقنى، ئۈمىدۋارلىقنى، جاسارەتنى سۇندۇرۇپ، ئادەم-
نى ئادەملىك تەبىئىتىدىن ئايرىۋېتىدىغان بۇ خىل يارىماس خا-

راكتېرنى ئۆزگەرتمىسە ئادەم راۋاج تاپمايدۇ. قانچىلىك ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىمىزنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئادەم دېگەن ئادەمدەك ياشىشى، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ ئۈلگۈرۈشى، كېيىن ئۆز ئۆمرىگە پۇشايمان قىلماسلىقى كېرەك.

مەن تۈركلەر بىلەن ئۆزۈمنىڭ خاراكتېرىنى سېلىشتۇرۇپ باقتىم: ئۇلار ئەمەلىيەتچان، تەمكىن، ئوچۇق سۆز، كەسكىن، سەممىي؛ مەندە بولسا بىھۇدە غەم، ئىچىمگە تىنىش، قېرى مىجەزلىك، خامۇشلۇق، سۆرەلمىلىك.

ئىستانبۇلدا ھەممە ئادەم كەسكىن رىقابەت ئىچىدە ناھايىتى جىددىي، ئالدىراش يۈرىدۇ. لاغايلاپ يۈرگەن بىرمۇ بىكار تەلەپ ئادەمنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. مەيلى ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بولسۇن، ئىش ۋاقتىدا ئۆز خىزمىتىنى ئەستايىدىللىق، تەلەپچانلىق بىلەن قىلىدۇ. ئىشتىن چۈشكەن زامات تۈرلۈك شىركەت، رېستوران، دۇكان، مېھمانخانىلاردا قوشۇمچە ئىشلەيدۇ. بەزىلىرى توپ تارقىتىش بازىرىغا بېرىپ، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، مېۋە - چېۋە، كۆكتات قاتارلىقلارنى توپ ئېلىپ، ئۇنى ئاۋات كوچىلاردا كەچ كىرگىچە ساتىدۇ، ئېشىپ قالغىنىنى ساقلاپ بېرىش ئورنىغا ئامانەت قويۇپ، ئاندىن ئۆيگە قايتىپ بالىلىرى بىلەن كەچلىك غىزانى يەپ كۇلۇبلارغا بارىدۇ.

مەن ئىستانبۇل كوچىلىرىدا ئالما، بانان، ماندارىن، سوپۇن، سەرەڭگە سېتىۋاتقان، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىنى كۆردۈم. قىسقىسى، ئۇلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىدا شۇ كۈنلۈك ئىش ھەققىگە باراۋەر قوشۇمچە كىرىم قىلمىسا، شۇ بىر كۈننى مەنىسىز ئۆتكۈزدۈم دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. كىرىمسىز ئۆتىدىغان بىرمۇ بوش - بىكار كۈن بولمايدۇ. قولىغا پۇل كىرىدىغانلا ئىش بولسا مەيلى قانچىلىك ئېغىر، مەينەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پىكاپىنى توختىتىپ قويۇپ، كاستۇم - بۇرۇلكىسىنى سېلىۋېتىپ، ئىش كىيىمى

كىيىپ، شۇ ئىشنى قىلىۋېتىپ، مۇنچىدا پاكىز يۇيۇنۇپ، پۇلنى يانچۇقىغا سالغاندىلا ئاندىن كۆڭلى تىنىدۇ. ئەگەر بىرەر ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنىڭ ئىشكى ئالدىدىكى ئەۋرەز يولى بۇزۇلۇپ قېلىپ، ئىشلەمچى ياللاپ رېمونت قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇ ئەمەلدار: «ئىشكىم ئالدىدىكى ئىشنى نېمىشقا سىرتتىن ئادەم ئەكىلىپ قىلدۇرىسىلەر؟ ھەقنى مەن ئالىمەن، ئىشنى ئۆزۈم قىلىمەن» دەپ پاكىز كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، ئىش كىيىمى كىيىپ، يۇندا ئازگىلىغا چۈشۈپ، لاي ـ پاتقاققا مىلىنىپ، شۇ ئىشنى قىلىپ، پۇلنى ئۆزى ئالىدۇ، ھەرگىز خەققە بەرمەيدۇ.
مەن كۆكتات سېتىۋاتقان ئابرۇيلۇق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى كۆرۈپ: «ھۆكۈمەت بەرگەن تۆت تەڭگە مائاشقا قاراپ كۆكۈرۈپ ئولتۇرغىچە بىرمۇ نېمىشقا شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ ئىقتىسادىي شارائىتىمىزنى ياخشىلىمايمىز؟ مەن قەشقەرگە قايتقاندىن كېيىن، قوغۇن پىچىپ، ئالما، كۆكتات، گازىر سېتىپ مائاش يەتمەسلىك قىيىنچىلىقىمنى ھەل قىلىمىسام» دەپ ئۆزۈمگە ۋەدە قىلىپ كەلگەنىدىم. ئەمما، قەشقەرگە كېلىپ بۇ ئويۇمنى ئائىلىدىكىلەر ۋە دوستلىرىمغا دېسەم، ھەممىسى قارشى چىقتى: «توۋا دېسىلە، بىر يازغۇچى قوغۇن پىچىپ سېتىپتۇ دېسە، ئەل ـ جامائەت ئىچىدە نى ئات، نى نومۇس، ئۆتۈپ ـ تېشىپ سىلى قىلمىغان شۇ ئىش قالدىمۇ؟» دەپ ئەيىبلەشتى.
بىزدىكى ساختا شۆھرەت ئېغى بويىچە، يازغۇچى دېگەن يېزىشتىن باشقا ئىش قىلماي، ھۆكۈمەت بەرگەن مائاشنى، توخۇغا دان چاچقاندەك قەلەم ھەققىنى ئېلىپ، ئىقتىسادتىن قىينىلىپ سارغىيىپ، ئىچىدە روزا تۇتۇپ، تېشىدا ھېيت ئويناپ، يالغاندىن چوڭ سۇپەت يۈرسە ئىناۋەتتى بولارمىش. قوشۇمچە بىرەر ئىش ـ ئوقەتنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، ھالال پۇل تېپىپ، ئۆز كۈنىنى ياخشىلىسا يۈز چۈشۈپ كېتەرمىش. مېنىڭچە، بىر ئادەمنىڭ ئىناۋەتتى بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئېڭىدا شۇنچىلىك تار،

كىچىككىنە يەردە بولىدىغان بولسا، بۇنداق ساختا شۆھرەت، يالغان ئىناۋەتكە ئالدىنىپ ياشاشنىڭ ئۆزى چوڭ بەختسىزلىك. قۇرۇپ كەتسۇن بۇنداق نومۇس، ئىناۋەت دېگەن!

يۈز، ئىناۋەت دېگەن ئەسلى قۇلدەك ئىشلەپ، بەگدەك يېگەن ئادەمدە بولىدۇ. خەلق بەرگەن ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، شۇ ھوقۇقنى بەرگەن خەلقتىن پارا ئېلىشلار؛ غەيرىي يوللار بىلەن بىر - بىرىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، ھارامزەدىلىك بىلەن بېيىپ، ھارام بايلىق بىلەن كېرىلىپ، كېكىرىپ يۈرۈشلەر؛ نومۇس قىلىدىغان ئىشقا نومۇس قىلمايدىغان، نومۇس قىلمايدىغان ئىشقا نومۇس قىلىدىغان تەتۈرلۈكلەر ئەسلىدە ئىناۋەت تۆكۈلىدىغان، يۈزى چۈشۈپ كېتىدىغان ئەڭ چوڭ نومۇسسىزلىق ئىدى.

تۈركىيىدە شەنبە، يەكشەنبىدە دەم ئالىدۇ، بۇ ئىككى كۈندە كىشىلەر بالا - چاقىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوستلىرى بىلەن جەم بولىدۇ. ئارام كۈنلىرى ئىشلىگەن ئادەمنى ئۇلار تازا ياخشى ئادەم دەپ قارىمايدۇ. تۈركلەر مۇئامىلىدە ئىنتايىن ئەدەپلىك كېلىدۇ. كوچىدا بىر ئەدەپسىزلىك سادىر بولسا پۈتۈن جامائەت ئەيىبلەيدۇ. ئەدەپسىزلىك قىلغۇچىنى ساقچى شۇئان ئېلىپ كېتىدۇ. بىرەر ئادەم ئالدى - كەينىگە دەسسەپ قالسا ساقچى تۇتۇپ كېتىدۇ. بۇلارنى كۆرۈپ، بىزدىكى ھالالدىن پۇل تېپىپ قاۋاقخانىلاردا ھارامغا خەجلەپ، يولدا ئۇخلاۋاتقان، قۇسۇۋاتقان، ئادەملەر ئۆتۈۋاتسا ھايۋاندەك تەرەت قىلىۋاتقانلار، ۋارقىرىشىپ تىللىشىۋاتقان، مۇشتلىشىۋاتقان، كېتىۋاتقان قىز - ئاياللارغا ھاياسىزلىق قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. مانا بۇلار نومۇس قىلىدىغان ئىشلار ئىدى. تۈركىيىدە بىرەر ئادەم بىكارچىلىقتا لاغايلاپ يۈرسە، ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار يۈزىنى ئىشارەت قىلىپ: «بىكار تۈرۈشتىن ئۇيالمامسىز. بۇ يەر دەم ئېلىش ئورنى ئەمەس» دەپ قويۇپ كېتىپ قالىدىكەن.

بىزدىكى يول بويلىرى، تۆت كوچا ئېغىزلىرى ئىدارىلەرنىڭ ئالدى، بىلىيارت تاختىلىرى ئەتراپىغا تۆركلەر كېلىپ قالسا، چوقۇم: «بۇ ئادەملەر تاماق يەيدىغانلارمىدۇ ياكى ساناتورىيە باقىدىغان ئادەملەرمىدۇ، بولمىسا قانداق هايات كەچۈرىدىغاندۇ؟» دەپ هەيران قالىدىغانلىقى ئېنىق.

تۈركىيىدە بىزدەك هەر كۈنى ئىزدىشىپ تۇرىدىغان ئايىغى ئۈزۈلمەس مېهماندارچىلىقلار، بۇرادەرچىلىك ئولتۇرۇپ - قوپۇشلار يوق. ئىش بولسا ئىزدەيدۇ، تېلېفون بېرىدۇ. دوستلار ئارا ئىزدەشكۈسى كەلسە شەنبە، يەكشەنبىلەرنى قارارلاپ، دېڭىز بويلىرى، ساياهەت ئورۇنلىرى، كۆلۈبلاردا ئۇچرىشىدۇ. ئەگەر ئەل - ئاغىنىلەردىن بىرەرسى كېسەل بولۇپ قېلىپ هال سوراشقا توغرا كەلسە، تېلېفوندىلا ئەهۋاللىشىدۇ، گۈلچىگە ئادرېس، پۇل بېرىپ قويسا، گۈلچى ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن بىمارغا گۈل ئاپىرىپ بېرىدۇ. بۇ بىزچە بولغاندا تولىمۇ قاملاشمىغان سوغۇق ئاغىنىدارچىلىق ئىدى. ئەمما، ئۇلار دوستلۇق مېهرىنى مۇنداق ئالىيجانابلىق بىلەن يەتكۈزىدىكەن؛ مۇبادا يېقىن - يورۇقلاردىن بىرەرسى كېسەل بولۇپ قېلىپ داۋالىنىشقا پۇلى بولمىسا، ئۇ قول ئىلكىدە بار، ئەمما كۆرۈشمىگىلى نەچچە يىل بولۇپ كەتكەن دوستىغا تېلېفوندا ئەهۋالىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئوچۇق - يورۇق دەيدىكەن. دوستى دەرهال چەك ئەۋەتىپ قانچىلىك داۋالىنىش هەققى كەتسە ئۇنى ئۆزىنىڭ هېسابىغا يازدۇرىدىكەن، هەتتا بىمارنىڭ داۋالىنىش جەريانىدىكى ئوزۇقلىنىش، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى قاتارلىقلاردىنمۇ خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىكەن ۋە ئۇنىڭغا: «مانا، ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ قويدۇم، ساياهەت قىلىپ كەل، چىقىملىرىڭ مەندىن، ئائىلەڭدىن غەم قىلما، ئۇلارغا يېتەرلىك خىراجەت ئەۋەتتىم» دەپ كېسەل ئازابىدىن تېزرەك قۇتۇلۇشقا دەۋەت قىلىدىكەن.

مۇبادا، ئەل - ئاغىنىلەردىن بىرەرسى تۇرمىگە كىرىپ

قالسا يوقلاپ كېتىدىكەن، ساقچى تارماقلىرى بىلەن سۆزلىشىپ ناھايىتى كۆپ جەرىمانە بىلەن قويۇپ بېرىدىغان ئىش بولسا، نەچچە يىللاپ كۆرۈشمىگەن دوستلار تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ پۇل يىغىشىپ دوستىنى قۇتقۇزىدىكەن.

ئەگەر سودىدا زىيان تارتسا، شىركىتى ۋەيران بولسا، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقا ياردەم قىلىدىكەن. ئەمما، ئۇلار ئادەتتە ئايلاپ ـ يىللاپ كۆرۈشمەيدىكەن.

بىز كۈنلەپ، تۈنلەپ دوست تارتىشىمىز، ئەمما باشقا ئاشۇنداق كۈن چۈشكەندە دوستلارنى ئىزدەپ تاپماق بەسى مۇشكۇل. تاپقاندىمۇ بۇ دەردلەرنى تەڭ تارتىشقىلى بولمايدۇ. بىزدە دوستلارنىڭ ئاساسلىق رولى پەقەت توي، ئۆلۈم ـ يىتىمدە ھەمدەم بولۇش، باشقا كۈن چۈشكەندە تەسەللىي بېرىش بىلەن چەكلىنىدۇ. شۇنىمۇ ئويلاپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇكى، دوستلۇقنىڭ قىممىتى پەقەت داستىخان ئۈستىدىمۇ؟

ئىستانبۇل شەھىرىنىڭ ئەڭ ئاۋات كوچىلىرىدا باغلار، باغچىلار بار. بۇ باغ، باغچىلار دەل قەبرىستانلىق بولۇپ، ھەربىر تۈپ دەرەخ، ھەربىر گۈل تۈۋىدە مەرمەر تاشلىق قەبرە قاتۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئۆلگەنلەر ئەتراپىدا دائىم تىرىكلەر سەيلى قىلىپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلار يالغۇز قالمايدۇ. ئۆلگەن ئادەم ھاياتلىق ئۆمرىدە ياخشى ئىش قىلغان بولسۇن خاھى يامان ئىش قىلغان بولسۇن، قەبرە تېشىغا شۇ ئىش ئەينەن پۈتۈپ قويۇلىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا لەنەت كۆزى بىلەنمۇ، ھۆرمەت نەزىرى بىلەنمۇ قارىشىدۇ؛ مەرھۇملارغا خەتمە قۇرئان قىلىشمۇ خالىس بولۇپ، بۇ ئىش دائىم، ھەر كۈنى بىر خىلدا تەكرارلىنىدۇ. بىزدە بولسا ئۆلگەن ئادەمنىڭ ھەممىسى ياخشى ئاتىلىپ ئۇزىتىلىدۇ. ياخشىلىقىمۇ، يامانلىقىمۇ ئادەم ئۆلۈپ ئۇزۇنغا قالماي ئۇنتۇلىدۇ، خالاس.

## ھەرەمنىڭ كۆزىدىن يۈرتۈمغا نەزەر

سەن قانچىلىك پاك بولساڭ ئاللاغا شۇنچىلىك يېقىنلىشىسەن. پاكىز بولغانچە روھىڭ كۆتۈرۈلۈپ، تېنىڭ يەڭگىللىشىپ، كۆڭلۈڭ ئازادىلىشىدۇ. يۈرەك بىر خىل خۇشال سېزىم بىلەن سوقسا، ئەقىل روشەنلىشىپ، ھېچ ۋاقىتتا تاپالمىغان چارە - تەدبىرلەر، گۈزەل تەسەۋۋۇرلار، ئۈمىدلىك ئىشلار تۇغۇلىدۇ. پاكىز باسمىغان ھەربىر قەدەم شۇنچە ئېغىر، چۈشىن يەۋالغاندەك كۆڭۈلسىز بولىدۇ. نەسلىك، ئىش ئاقماسلىق، تۇرۇپلا تۈز يەردە مۆدۈرۈپ پۇت مىتكوت كېتىش، ھادىسىگە ئۇچراش، پالاكەتچىلىكتىن ئۆرە كەلمەي، دومىلە بېسىپ يۈرۈشلەر ئەسلىدە پاسكىنىلىق — ناپاكلىقتىن بولىدىغانلىقى بىز ئېتىراپ قىلىپ - قىلماي كېلىۋاتقان، ئەمما تۇرمۇشىمىزدا دائىم يولۇقۇپ تۇرىدىغان ئاچچىق پاكىت.

ئاللانىڭ مۇقەددەس كالامى چۈشكەن ئۇلۇغ جاي مەككىدە ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىۋاتقان مىڭلىغان دىيانەتلىك مۇسۇلمانلاردىكى نۇرغۇن ئورتاقلىق ئىچىدىكى ئالاھىدە ئوخشاشلىق يەنىلا تازىلىققا بېرىلگەن يۈكسەك ئېتىبار ئىدى. ئۇلار ئۆزىنى، مۇھىتىنى ساپ - پاكىز تۇتقاچقا، روھى ئازادىلىشىپ، ئەقلى ئېچىلىپ، ھەرىكىتى تېتىكلىشىپ، ئىشى ئوڭغا تارتىپتۇ، پەرىشتىلەرمۇ پاكىز جايلارغا چۈشۈپ، نىيىتى خالىس، ھالال، ۋۇجۇدى ۋە جىسمانىيىتى پاكىز - پاك ئادەملەرگە قونىدىكەن. پەرىشتە قونغان يەر ياكى ئادەمگە بەرىكەت، ئامەت ياغىدىكەن.

ھەرەمدىكىلەرمۇ مۇسۇلمان، بىزمۇ مۇسۇلمان. ئىبادىتىمىز ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىش - ئوقىتىگە كۈندىن كۈنگە بەرىكەت يېغىپ تىلەكلىرى ئىجابەت بولىدۇ. ئۇلار پۇلنى خەجلەيدىغان يەر تاپالمايدۇ. بىز خەجلىگىلى پۇل تاپالمايمىز. ئۇلار

نېمىنى ئويلىسا شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ. بىز نېمىنى ئويلىساق شۇ ئىشتىن تولۇق چىقىدۇ. ئىشىمىزدا بەرىكەت ئاز، نەسچىلىك كۆپ، بىرەرسىمىزگە ئامەت كەلدى دەپ بولغىچە داۋاملىق شۇ ئامەت ئاپەتكە ئايلىنىپ، كۆتۈرۈپ قويۇقسىز ئازابقا قالىمىز.

ھەرەمدە پاكىزلىق ياكى پاسكىنىلىق شۇ ئائىلىنىڭ مۇنچا ۋە ھاجەتخانىسىنىڭ تازىلىقى، ئاندىن ئاشخانا ئۆيىنىڭ پاكىزلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ھەرقانداق ئادەم سىرتتىن ئۆيگە كىرگەندىلا تالادا كىيىپ يۈرگەن ئايىغىنى بوسۇغىدا قويۇپ، سايما كەش كىيىپ مۇنچىغا چۈشىدۇ. بىزدەك، ھاردىم - تالدىم، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى دەپ ئۆينىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇسسۇپ كىرىپ ئۆزىنى تاشلىمايدۇ، يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ يۈرمەيدۇ. يۇيۇنۇپ، كىر بولغان كىيىمنى كىر ئالغۇغا تاشلاپ كىيىم ئىشكا-بىدىن پاكىز كىيىمنى ئېلىپ كىيىپ چىقىپ، ئاندىن ئۆيگە ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. ھەر قېتىم ھاجەت قىلغاندىمۇ سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇنۇپ چىقىش ئادەتكە ئايلانغان. دۇنيادىكى ھەرقانداق مەينەتنى ئىككى نەرسە پاكلىيالايدۇ: بىرى ئوت، يەنە بىرى سۇ. ھەرەمدە ئادەم داۋاملىق تاھارەت بىلەن يۈرىدۇ، دېگەن گەپ مۇشۇ ئىكەن. ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغىنى، سەئۇدى ئەرەبىستاندەك بىر كىلو سۇ ئىككى كىلو نېفىتكە كېلىدىغان دۆلەتنە سۇنى شەخسىي تازىلىققا خالىغانچە ئىشلەتكەن يەردە، بىزدەك دەريا - دەريا سۇلىرى، بۇلاقلىرى، كۆللىرى بار مۇسۇلمانلار بولسا چالما بىلەن پاكىزلاندۇق دەپ يۈرىمىز. ئاللا گۈزەل سۈپەت بىلەن يارانقان، نۇرغۇن كېلىشكەن، سالاپەتلىك ئەرلىمىزنىڭ ئىچكى تازىلىقىغا قاراپ باقايلى: قولاقلىرىدا كىر قاتقان، بۇرنىدىن بېدىدەك تۈكلەر ئۆسكەن، پۇت - بارماقلىرىنى توگرا، قاداق باسقان، قۇندۇزدەك چاچلىرىدا داشقال، كېپەك ئۆرلەپ، قول-تۇقلىرىدىن ئېچىغان تەر پۇرىقى كېلىپ تۇرغان، تىنىقى سېسىغان كونا گۆشتەك، چىشلىرىغا قارا قىغدەك تاماق يۇقۇندىلىرى

چاپلىشىپ قالغان، كىيىملىرى رەتسىز؛ ئاللا پەرىزاتتەك ياراتقان، ئۆزىنى بىر سانايدىغان ئاياللىرىمىزنىڭ تازىلىقچۇ؟ يۇزىگە توختىماي سۇۋاپ پەرداز قىلسا، بىر سائەتكە قالماي توزۇپ، كىر چىراي بولۇپ قالىدىغان بوياقلار ئۇلارنىڭ يۇزى ئاپئاق، چىشى سېرىق، بوينى كىر ھالىتىنى مانا دەپ ئاشكارىلاپ تۇرسا، چىرايلىق كىيىملەر يوشۇرۇپ تۇرغان يۇيۇقسىز بەدىنىدىن ئەتىر بىلەن ئارىلىشىپ كەلگەن، ئادەمنىڭ نەپسىنى بوغىدىغان ئېچىغان پۇراق كېلىپ تۇرىدۇ. سۆلەتلىك ئاياللىرىمىزنىڭ تۇتقان ئۆيىچۇ تېخى. تورۇسقا ئۆمۈچۈكلەر تور تارتقان، ئىشكاپ، شىرەلىرىنى چاڭ - توزان باسقان، پەردىلەر كىرلەشكەن، ئورۇن - كۆرپىلەر يىغىلمىغان؛ ئاشخانىدا ئېچىغان پۇراق، يۇيۇقسىز قاچا - قۇمۇچ؛ قازانپېشىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن ئادەمنىڭ ئىچى ئېلىشىدۇ؛ چىرايلىق، ئوماق باللاردىن سۈيدۈك پۇرىقى كېلىدۇ. دېمەك، مۇھىتى پاسكىنا، شەخسىي تازىلىقى ناچار ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئۆيى، بالىلىرىنى كۆرگەن ئاللا مېنىڭ دېگىنىمنى قىلمىغاندىكىن، تىلىكىڭنى ئىجابەت قىلمايمەن، مەيىنەتچىلىك ئىچىدە نەس بېسىپ، يىغلاپ - قاقشاپ يۇرۇۋەر، دېمەي نېمە دەيدۇ.

مەن دۇنيانىڭ ئاز بىر قىسمىنى يېرىنى، بولۇپمۇ مۇقەددەس قىبلىگاھىمىز بولغان ھەرەمنى كۆرۈپ شۇنداق ئويلارغا كەلدىم. پاكىز بولمىغان پەقەت بىز ئىكەنمىز. پاكىز بولمىغىچە مىلىڭ قاقشاپ، ئۆزىمىزنى ئىسنىۋالساقمۇ ئاللاغا نالىمىز يەتمەيدىغان ئوخشايدۇ.

1987 - يىلى 2 - ئايدا مەن كەچ قىلىپ، يېڭىساردىكى بىر مېھمانخانىغا كىرسەم، مېھمانخانىنىڭ ئايال باشلىقى ماڭا: «ياتاق يوق» دېدى.

— قارىسام، شۇنچە جىق ياتاق بىكار تۇرمامدۇ؟ ھازىر بەك كەچ بولۇپ كەتتى، يەنە نەلەردە تېڭىرقاپ يۇرىمەن. ياتاق بې-

رىڭ، ئۇنداق قىلماي، — دېدىم.
مېھمانخانا باشلىقى باش - ئايىغىمغا قاراپ:
— راست گەپ قىلسام، ياتاق بولۇشى بار، ئەمما، ۋىلايەت-تىن كەلگەن سىلىدەك كادىرغا بەرگۈچىلىكى يوق، — دېدى.
— نېمىشقا؟
— بىرلىكسەپ يىغىنى بولۇپ، نەچچە كۈندىن بېرى موللى-لار ياتقان. ياتاقنى بەك بېزەپ قىلىۋېتىپتۇ. يوتقاننىڭ كىرلىك-لىرىنى يۇيۇپ، ئالماشتۇرۇپ بولالمىدۇق. يوتقان - كۆرپىلەر-گە لاي ئاياغلىرى بىلەن دەسسەپ، ياستۇق لۆڭگىسىگە پۇتىنى سۈرتۈپ قويۇپتۇ. ھەممىسىدە قاپقارا ئاياغ ئىزلىرى، يوتقانلاردا پىت تۇرىدۇ. مەيلى دېسىلە، ھەممىنى ئېچىپ بېرەي، كۆ-رۈپ - تاللاپ ياتسىلا، — دېدى.
زەھەردەك ئاچچىق گەپلەر غورۇرۇمغا قاتتىق تەگدى، بوغۇ-زۇمنى ئېچىشتۇردى.
— مۇسۇلمانچىلىق پاكىزلىق تۇرسا، نېمانداق تەتۈر گەپ بۇ. بىزنىڭ موللا - ئىماملار تۇرغان يەرمۇ مەينەت بولامدۇ؟
— ئەمىسە كۆرسىلە، — مېھمانخانا باشلىقى ئاچقۇچنى شا-راقلىتىپ، كارىدور بويلاپ مېڭىپ، ھەممە ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتتى.
ياتاقنىڭ بىرسىگە كىرسەم، يوتقان - كۆرپىلەر قاپقارا لايدەك ئاياغ ئىزلىرى شۇنچە روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھەممە ياتاققا بىرمۇبىر كىرىپ كۆرۈپ چىقتىم. بىرمۇ پاكىز ياتاق يوق. دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ، ئاخىرى كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ بىرنى تاللىدىم.
— سىلى مېھمانخانىنىڭ باشلىقى بولغاندىكىن، يىغىن تۈ-گەپ، ۋەكىللەر كەتكەن ھامان كۆتكۈچىلەرنى تەشكىللەپ، قول - قول تۇتۇپ تازىلىماسىلەر. موللىلارنىڭ ھەممىسى ياشىنىپ قالغان ئادەملەر بولغاندىكىن، ھەممە ئىشقا چامى يەتمەي-

دۇ، — دېدىم. ئەمما شۇ كېچىسى بىزدىكى مۇسۇلمانچىلىق ھەققىدە نۇرغۇن خىياللار كاللامغا كىرىۋېلىپ، زادى ئۇيقۇم كەلمىدى. مېنى بىر خىل خورلۇق، نومۇس، ئۈمىدسىزلىك قاتتىق ئازابلىغانىدى. ئاشۇ كۆڭۈلسىز ئاخشام تا ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمىدى. ھەرەمدە ئىبادەت قىلىۋېتىپ، ئىختىيارسىز بۇ كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى.

بىر كۈنى كەچتە، ھەرەمدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر ئۇيغۇر بوۋاي مەن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، مەندىن:

— ئۇلۇغ جايغا خۇدا چاقىرغان ئادەم كېلەلەيدۇ. بۇ يەرنى كۆردىلە، قانداق تەسىرات ئالدىلا، بالام؟ — دەپ سورىدى.

— بىز ئەزەلدىن سۈننەت، ۋاجىپلارنى تولۇق ئادا قىلىپ، ھەر قېتىملىق نامىزىمىزدا ئاللادىن، چىققان دۈۋمىزنى ئېگىز قىلغايسەن، توپا ئالتۇن، كۆل ئالساق كۆمۈش قىلغايسەن، دوست - دۈشمەن ئالدىدا خار - زار قىلمىغايسەن، قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتتىن ساقلىغايسەن، ئىككىلا ئالەمدە ئەزىز قىلغايسەن دەپ تىلىدۇق، تىلەۋاتىمىز، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تىلەيمىز. ئەمما تىلىكىمىز ئىجابەت بولمىدى، تىلەپ ھېرىپ قالغانلار قېيىداپمۇ باقتى. بۇنى نۇرغۇن سەۋەبلەردىن كۆرۈۋاتىمەن. شۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم سەۋەب، بىز ئىبادەتنى پاكىزلىق، پاكلىق بىلەن قىلمىغاچقا، تىلىكىمىز ئاللاغا يەتمەيۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. سىلىدىكى مۇسۇلماندارچىلىق بىلەن بىزدىكى مۇسۇلماندارچىلىقتا ناماز، روزا، زاكات ئوخشىغان بىلەن ئەڭ مۇھىمى، تازىلىق ئوخشىمايدىكەن. سىلەر بۇ يەردە پاكىز بولۇپ ئىبادەت قىلىپسىلەر. شۇ سەۋەبتىن سىلەر ماشىنا، ئايروپىلانغا ئېرىشىپسىلەر. دېمەك، ئىبادىتىڭلار قوبۇل بولۇپ، ئاللا تىلىگىنىڭلارنى بېرىپتۇ. بىزدىكى مەينەتچىلىك مۇسۇلمانچىلىقىمىزنى بېسىۋاپتۇ. دۇنيا يېڭى ئاپىرىدە بولغاندا بىزگە بەرگەن ئېشەك ھارۋىسى شۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە تەرەتنى سۇ بىلەن

پاكىزلىسا يامان بولمايدىكەن. بىزدە سۇ تۇگۇل قەغەز ئىشلەتىس-مۇ يامان بولىدۇ دەپ چالما ئىشلىتىپ، نىجاسەتكە توپىنى سۇ-ۋاپ، قىسىلچىقىمىزدا لاي ئېتىپ، ئۇنى پۇرۇتۇپ يۇرۇپتىمىز. كىر، قاسماق، مەينەتچىلىك باسقانسېرى ئاللادىن شۇنچە يىراق-لاپ، پاسكىنىچىلىق خۇددى قارا بۇلۇتتەك بىزنىڭ تىلىكىمىزنى توسۇۋالدىمۇ ـ قانداق، دەپ قالدىم.

بوۋاي ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى:

— بالام، راست گەپنى قىلغاندا، يۇرتىمىزدىن ھەججگە كەل-گەن ئادەملەرنىڭ مۇشۇ شەخسىي تازىلىقىدىن تىلىمىزمۇ، يۇرد-كىمىزمۇ قىسىلىدۇ. ھەتتا تەرەتنى سۇ بىلەن چۇشۇرۇۋەتسە يامان بولىدۇ دەپ، سومكىغا چالما سېلىپ يۇرگەن، سۇلۇق ھاجەتخانىنى چالما بىلەن توشقۇزۇپ قويۇپ نىجاسەت يامراپ چىقىپ كەتكەن ئىشلارمۇ تالاي بولدى. نومۇستىن ئۇلگۇدەك بولدۇق. كىيىملەرنى پاكىز كىيىڭلار، مۇنچىغا چۇشۇڭلار دې-سەك، بىزنى ياراتمىدى، بىز دېگەن مۇشۇنداق ئادەتلەنگەن دەپ تەتۇرلۇك قىلىپ، خاپا بولدى. بىزمۇ نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي قالىمىز. ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشلىرىمۇ رەتسىز. گىلەملەرنىڭ ئۇستىگە ئەخلەت ـ شاپاق، سۆڭەكلەرنى قالايمىقان تاشلاپ قويۇپ كېتىۋاتقان. دەپ كەلسەك، گەپ تولا. بىز كەلگەنلەرگە، بۇنىڭ-دىن كېيىن ھەرەمگە كېلىدىغانلارغا كىيىملەرنى رەتلىك كى-يىش، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشتا تازىلىققا رىئايە قىلىش ھەققىدە ئۆگىتىپ ئەۋەتىڭلار، باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۇزىمىز چۇشمىسۇن دەپ كۆپ ئېيتىمىز. يىلدىن ـ يىلغا ئوبدان بولۇۋاتىدۇ. ئەمما مەينەتچى-لىككە ئادەتلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۆزگەرتمەك ئاسان ئەمەسكەن.

مېنىڭچە، ئىبادەتنى راھەت ھېس قىلىپ تۇرۇپ قىلسا ساۋاب بولىدۇ. قىينىلىپ، قورۇنۇپ، ئازاب ئىچىدە قىلسا گۇ-ناھ بولىدۇ. بىر يىلى بىر ياش يىگىت ئانىسىنى ھەج قىلدۇرد-مەن دەپ ئېلىپ كەپتۇ. ئانىسى ياشلا تۇل قېلىپ، مۇشۇ بالىنى

دەپ ياتلىق بولماي، ئاخىر ئۇنى قاتارغا قوشقانىكەن. بالا ئانىسىنىڭ ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرۇپ، مۇرادىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەرەمگە ئەكەلگەنىكەن. قارىسام، ئانىسى تېخى خېلىلا ياش، ئەمما تولىمۇ سولغۇن، مىسكىن، بىچارە كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن بالىغا دېدىم: «ئوغلۇم، ئۆزۈڭگە ھەم ئاناڭغا ساۋاب تاپىدىغان ئىشنى قىلماي بۇ يەرگە كېلىپ ئاۋارە بولۇپسەن.» بالا ئەجەبلىنىپ: «بۇ نېمە دېگەنلىرى. ئانامنى رازى قىلىمەن دەپ نەچچە يىللاپ جاپا چېكىپ ئىشلەپ، يېمەي - ئىچمەي پۇل يىغىپ، بالىلىق قەرزىمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ھەرەمگە ئەكەلدىم» دېدى. «بۇ ياخشى نىيىتىڭ ۋىجدانىڭغا لايىق ئىش بوپتۇ. تېخىمۇ ۋاپادار بولاي، ئانامنىڭ دۇئاسىنى ئالاي دېسەڭ، يۇرتقا بارغاندىن كېيىن ئاناڭنىڭ ئۆز لايىقىدا توينى قىلىپ قويغىن» دېدىم. يىگىتنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى، ئەمما تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ مەزلۇمە گېپىمنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇزاق چۈشەندۈردۈم. يىگىت ئويغا پېتىپ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. ئاخىر ئانىسى: «ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، ھاجىم. بۇ گەپنى چۈشىنىدىغان ئوغۇلنى خۇدا مەندىن ئاياپتىكەن» دەپ يەنە ئۆكسۈپ يىغلاپ، كېتىپ قالدى.

بۇغۇ بىر قىلغۇچە گەپ. مەن دەيمەنكى، بالام، بىزنىڭ ۋەتەندىكىلەر ھەجگە كەلسۇن، ئەمما ئۆزىنى، ئۆيىنى، مۇھىتىنى ئوبدان ئېرىغداپ، ئاندىن ئېشىنالىسا كەلسە بولاتتى. ئۇلار يېمەي، چىرايلىق، پاكىز كىيىنمەي، كىر خالتىسى بولۇپ بۇ يەرگە كېلىشۋەرسە ھەجنى قىيناپ قويىدۇ.

بىزنىڭ بارماق بىلەن سانىغۇدەك دىنىي ئالىملىرىمىز ۋە ئەھلى ئىلمىي مەرىپەتچىلىرىمىزدىن باشقا، كۆپلىگەن نادان خەلقىمىز ھەج قىلىشنى، بىرى، ھەرقانداق گۇناھى بولسا يۇيۇلۇپ، ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدۇ، دەپ؛ يەنە بىرى، «ھاجى» دېگەن كاتتا ئاتاققا ئېرىشىپ، ئۆزىنى باشقا خەقتىن ئۈستۈن

چاغلاش ئۇچۇن دەسمىي قىلىنۇالغاندەك قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى ئىنتايىن چوڭ گۇناھ بولىدۇ، بالام، — دېدى ئاخىرىدا ئۇ بوۋاي. بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئابدۇقادىر ھاجىم ئىسىملىك بىر ئوقۇمۇشلۇق كىشىنىڭ ئۆيىدىمۇ مۇشۇ گەپلەر تەكرارلىنىۋې-دى، بۇ مەرد، كەسكىن سۆزلۈك ئادەم مۇنداق دېدى:

— بۇ گەپنى تولىمۇ دېدۇق. بىزنىڭ بۇ خەقنى بۇنداق سۆزلەپ يۈرۈپ ئۆزگەرتىپ بولغىلى بولمايىدۇ. مەن ھەرقاي-سىڭلارغا بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي: بىر ئادەم يولدا كېتىۋاتسا بىر دېھقان قاملاشمىغان مايماق بوقۇسىدا يەر ئاغدۇرغىلى تۇرۇۋې-تۇ. قارىسا، بوقۇسا تارتىۋاتقان كالىمۇ، بوقۇسنى تۇتقان دېھ-قانمۇ بوقۇسىنىڭ ئوساللىقىدىن قىينىلىپ مېڭىۋاتقۇدەك. يەرمۇ ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولۇپ، ھەيدىگەنسېرى ھەدەپ چالما چىقىپ كېتىۋاتقۇدەك. ھېلىقى يولۇچى: «ھوي، قوشچى ئاكا، كالى-ڭىزمۇ، ئۆزۈڭىزمۇ، يەرىڭىزمۇ جېنىنى قىيىنغىچە بوقۇساڭنى ئوڭشاپ، ئاندىن يەر ھەيدىمەمسەن. نېمانداق قولاشمىغان دېھقان-سەن» دەپتۇ. قارا تەرگە چۆمگەن قوشچى يولۇچىغا قاراپ كۈلۈپ كېتىپ: «كالامنىڭ ئەھۋالى شۇنچىلىك،» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئابدۇقادىر ھاجىم ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولۇپ بېشىنى چايقىدى:

— قاخشىغىنىمىز بىكار. خوش، بوقۇسىڭىزنى ياخشىسىنى يەڭگۈشلەرسەن، بىزنىڭ خەقنىڭ سۈپەت - ساپاسىنى قانداق يەڭگۈشلەيسەن. بۇ خەقنىڭ ھەممىسىنى ھەيدەپ ھەرەمگە ئاپار-ساڭمۇ يەنە بولۇشى شۇ. ئاڭلىسام، تېخى خېلى ئىنساپلىق، ئاق كۆڭۈل ئادەملەرمۇ ھەرەمگە بارغاندىن كېيىن ئاچكۆز، پۇلغا ئامراق، نەپسانىيەتچى بولۇپ كېتىپ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈۋالغان-مىش. بۇ يەردە ياخشى نەرسىلەر يۇقماي، ناچار قىلىقلارنى يۇقتۇرۇۋېلىپ كېتەرمىش. تولا قاقشىماي، ئالدىمىزغا كەلگەن ماۋۇ پولۇنى يەيلى، ئاغىنىلەر.

ئويلاپ باقايلى، بىز راستتىنلا شۇنداق ئوسالمۇ؟ يالجىماس كالا، مايماق بوقۇسا، ئۇمىدسىز دېھقان بولۇپ، ئالتۇندەك يېرىـ مىزنى بۇزۇپ يۈرەرمىزمۇ؟ مەن ئاللانىڭ كەبىسىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ، ئىچ - ئىچىمدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ ئاللادىن تىلىدىم: «ئى، ئۇلۇغ ئاللا، بىزگە ھېچكىمنىڭ ۋەتىنىگە بەرمىـ گەن تۆت پەسىلنى شۇنداق ئېنىق ئايرىپ، تەڭشەپ بېرىپسەن، ھېچكىمگە بەرمىگەن ئالتۇندەك تاغلارنى، سەرخىل مېۋىلەر بىلەن تولغان باغلارنى، ئاستىدا ھەددى - ھېسابسىز بايلىقلار ياتقان تۇپراقنى بېرىپسەن. ھەتتا، ئۆزۈڭ ئۇلۇغ قىلغان مۇقەددەس ھەرەمدىنمۇ ئايىغان بوستانلارنى، دەريالارنى، كۆللەرنى، ھەممە تالىشىدىغان مېھرى ئىسسىق چۆللەرنى بېرىپسەن. بىزنى باشقا مۇسۇلمانلاردەك گۈزەل چىراي، كېلىشكەن بوي - بەست بىلەن يارىتىپسەن. ساڭا يۈز مىڭلاپ شۈكرى، رەھمەتلەر ئېيتىمەن. مەن سەندىن بىزگە كەم بەرگەن ياخشى ئادىمىيلىك پەزىلەت، ئەخلاق، ۋىجدان، ئەقىل - پاراسەت، ئىنساپ بېرىشىڭنى؛ مۇشۇ كەملىكلەر تۈپەيلىدىن تارتىۋاتقان ئازارلىقلار، خار - زارلىقلار- دىن قۇتقۇزۇشۇڭنى، دىللىرىمىزغا مەن بەك مەينەتكەنمەن، يۇ- يۇناي، پاكىز بولاي، ئۆيلىرىم، مەھەللەم پاسكىنىكەن، ئېرىغ- داي، تازىلاي دېگەن بىر ئەقىلنى بېرىشىڭنى ئىلتىجا قىلىمەن».

ئەي مېنىڭ جاپاكەش خەلقىم، مەن دۇنيانى ئاز بولسىمۇ كۆردۈم. بىزنىڭ يۇرتتەك تاتلىق، ئېسىل يەر ئازكەن. بىزنىڭ ئوساللىقىمىزغا ھېلىمۇ ئاللا بىزدىن بۇ زېمىننى تارتىۋالماپتۇ. ئەمدى ئادەم بولمىساق بۇمۇ يوق گەپ ئەمەس. مەن مۇشۇ گۆ- ھەردەك تۇپرىقىمىزدىن مۇشۇنداق ناچار ئادەملەر بولۇپ تۇغۇلغان- لىقىمىزغا دائىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىمەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ: «بۇركۇتنىڭ بالىسى چۈجە ئالالماس ئاق سا بولۇپ تۇغۇلۇپمۇ قالىدىكەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى ھەسرەت بىلەن ئەسلەپ قالىمەن.

مەن بارغانلا يەرنىڭ ئادەملىرى شۇنچە ئىناق، ئەخلاقلىق، پاكىز، تەربىيە كۆرگەن. پەقەت بىزلا ھەممە يەردە نەسلەرچە، خۇمىسلارچە قىلىشقان ئەمەللىرىمىز، مۇناپىقلىقىمىز بىلەن بىر - بىرىمىزنى ئالداپ، سېسىتىپ ھەم سېسىپ يۈرۈپتىمىز.

70 - يىللاردا ئىچكىرىگە بارساق، قالتىس ھۆرمەتلىنەتتۇق. 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارمايلا ئۇسال، سېسىق نامىمىز تارالدى؛ 90 - يىللارنىڭ بېشىدا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىدىكى دۆلەتلەر ۋە بەزى ئەللەردە بىزنى قوغلاپ سۆيۈپ، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ، مېھمان قىلىشۇپدى، ئىككى يىلغا قالماي بۇ يەرلەرنىمۇ سېسىتىپ، ئۇلارمۇ بىزنى كۆرسە سەسكىنىدىغان، قاچىدىغان بولدى. مۇشۇ خۇي - پەيلىمىز بولسا، ئۇزاققا قالماي دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە سېسىپ، كۆتىمىزگە تېپىك يېيىشىمىز ئېنىق.

بىز ئۇنداق قىلماي يۈيۈنۈپ ئېرىغدىنايلى! زامانغا لايىق ئادەم بولايلى! ئۆزىمىزنى پاكىزلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە نامرات ئەمەسمىز. دۇنيادا بىزنىڭ ۋەتەندەك مولچىلىق، توقچىلىق، ئەرزانچىلىق يەر ھېچنەردە تېپىلمايدۇ. بىزدە پاكىز يۈرگۇدەك، رەتلىك كىيىنگۇدەك پۇل بار، شۇنداق روھ، ئىرادىلا يوق.

ئەزىز ۋەتىنىم، سۆت بەرگەن، يىلىكىدە مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان خەلقىم، مەن سىلەرگە چەت ئەلدىن مۇشۇ سوۋغا - سالامنى ئېلىپ كەلدىم. دىلىڭلار مەندىن رەنجىگەن بولسا، مەن سىلەردىن ئەپۇ سورايمەن. خاپا قىلالىغان ئادەم خۇشمۇ قىلالايدۇ، مەن تېخى بالا ئەمەسمۇ، ئەركىلەپ قىلغان ئارتۇق گەپلىرىمنى ئەقىل بىلەن ئويلاپ بېقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

1993 - يىل ئاپرىل — ماي، قەشقەر - ئۈرۈمچى.

# بىزدىكى ئىسراپچىلىق

## 1. سالامەتلىكنىڭ ئىسراپ بولۇشى

بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى، مېنىڭ جەمئىيەت ۋە تۇرمۇشىمىز ھەققىدىكى تەنقىدىي ماقالە ـ ئەسەرلىرىم ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنغاندا، ئارىمىزدىكى بەزى دانىشمەن، بىلەرمەنلەر: «روھىي ھالىمىز بارغانچە بەتتەرلىشىپ، بىچارىلىشىپ كېتىۋاتقاندا، سېنىڭ زەھەردەك گەپلىرىڭ خەلقىمىزگە (ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك) بولغاندەك ئېغىر كېلىۋاتىدۇ، بولدى قىلساڭ بولارمىكىن» دەپ ئاق ھەم ساپ نىيەت بىلەن پەند ـ نەسىھەت قىلغانىدى.

بۇ گەپلەر بىلەن، ئۆزۈممۇ خىجالەت دوقمۇشلىرىدا تېڭىرقاپ، بىر مەزگىل ئارىسالدىلىقتا قالغانىدىم. ئاشۇ خىجالەت دوقمۇشى، ئارىسالدى ئېقىنلار مېنى قېزىنتىپ كېسەل قىلىۋەتتى. بەزىلەرنىڭ قىلىقى مېنى چاچقۇن، سەپرا، ئاخىرى بىرىپ كېسەل كۆرپىسى قىلىۋەتسە، تەڭلىمىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى نۆلگە ئۆزگىرىپ، ھايات ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشامدۇ؟! يەنە بىر شەيتانلىرىم ۋەسۋەسە قىلىپ: «خەقنىڭ قىلىقىغا سەن ئاچچىق يۇتۇپ زەردىگۈش بولغۇچە، غىت قىسىپ سىڭگەن نېنىڭنى يېسەڭ، خۇشال ياشايسەن ئەمەسمۇ» دەيدۇ. شۇنداق چاغدا خاتىرجەم بولۇپ، تۇرۇلگەن قاپاقلىرىم بوشىشىپ، چىرايىم ئېچىلغاندەك بولىمەن. ھە راست، دانىشمەنلەر بىلىگلىرىدە: «بۇ ئالەمدە سەبىي بالا بىلەن سارالڭ، گالۋاڭ كىشىلا بەختلىك، چۈنكى بەخت دېگەن خاتىرجەملىك، غەمسىزلىك دېمەكتۇر. ھوش ـ كاللىسى

تەڭشەلگەن ئادەملا بولىدىكەن، ئۇنى غەم باسىدۇ. چۈنكى، ئادەم-نىڭ لېيى غەم توپىسى، سۈيى غاپىللىق، ئوتى بالا ـ قازا، تىنىقى مۇشكۇلاتلاردىن پۈتىدۇ» دېيىشەرمىشلەر.

مانا، شۇ غەم ـ قايغۇ، خاپىلىق ـ خۇشاللىقلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، بىغەملىك دېگىزىغا چۆكۈۋېلىشلا ناھايىتىمۇ ئېپىدە ئىش-لارىكەندۇق. ئەمما بۇ خۇي، بۇ قىلىقلارنى خۇددى ھۈنەر ئۆگەن-گەندەك بىر كىمدىن ئۆگەنگىلى بولمايدىكەن. «تاغ يۆتكەلسە يۆتكىلەر، خۇي يۆتكەلمەس» دېگەن ئاتا سۆزى ئادەمنىڭ شۇنداق بولۇۋالاي دەپ بولمىغانلىقىدىن دېيىلگەن ئۇدۇم ھېكمەتلەردىن ئوخشايدۇ. ئاڭلىماي دېسە قۇلاق ئاڭلاپ، كۆر-مەسكە سالسا، بۇ بىر جۇپ كامار مۆلدۈرلەپ تۇرۇپ كۆرۈۋالسا، خىيال قىلماي دېسە، كاللىغا كىرىۋالسا.

※ ※ ※

سالامەتلىكنىڭ ئىسراپ بولۇشىنى باشقىچىرەك شەكىلدە با-يان قىلىپ باقايلىچۇ!

مانا، شۇنداق ھېسلاردىن تۇغۇلغان ئەقىل ئەستىلىكلەر رەھمەتلىك ئۇستاز ئەدىب زوردۇن سابىرنىڭ بۇ ھەقتىكى يۈرەك سۆزىنى ئېسىمگە سالىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «بېشىم گوم-بەزدەك چوڭ بولغىنى بىلەن، ئىچىمدىن تۈگىشىپ كېتىۋاتى-مەن؛ ساقتەك كۆرۈنگەن بىلەن، بۇ كېسەل دېگەن كاساپەت خاپا قىلغىلى تۇردى، ئۇكام. بىردەم يۈرەكنىڭ، بىردەم ئۆپكىنىڭ، بىردەم جىگەر، بىردەم بۆرەكنىڭ دەرۋازىسىنى مۇشتلاپ جىم تۇرغىلى قويمىدى، ئۇكام. كېسەللىكلەر دەرۋازىڭىزنى ھەر مۇشتلىسىلا، ئۆمۈر بىر غۇلاچتىن قىسقىراپ مېڭىۋاتقاندەك تۇ-يۇلۇۋاتامدۇ، ئۇكام. بۇ دوختۇر دېگەن خەق ساق ئادەم كىرسە-مۇ، دورا سېتىپ پۇلىڭىزنى تارتىۋالغىلى ئاران تۇرامدۇ ـ نېمە؟ بۇلارنى دوختۇر دېگەندىن كۆرە، تامىقى ناچار ئاشخانىنىڭ

جورۇقچىسى، دورا زاۋۇتى بىلەن تەكشۈرۈش سايمانلىرى زاۋۇ-تىنىڭ شېرىكلىرى، بېكەتنىڭ شوپۇرغا يولۇچى تۇتۇپ بېرىدىغان بېدىكى، دېگۈم كېلىدۇ. بىر كېسەلگە مىڭ خىل دورا تەييار ئىكەن ئەمەسمۇ؟! قايسىنى يازسا شۇنى ساتىدىكەن، ئىنساندا ئىنساب، ئەخلاق يوقالسا، نەپسىلا قالىدىكەن ... «ئۇنى يېمەڭ، بۇنى يېمەڭ، دورا يەڭ، دىن باشقا گەپ قىلمايدىكەنغۇ! بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن بۇ دورا ساتارخانا، ماشىنا ـ سايمانخانا دېگەنلەر يوق ئىدى، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئەجدادلار ياشاپ، بالا تېپىپ جاھان روزىغارلىرىنى بىزگىچە ئۇلاپ كەلگەن ئەمەسمى-دى؟! تېخى ئۇلار ساپلا 100 ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرۈپ، ئونلاپ خوتۇن ئېلىپ، ئوتتۇزلاپ بالا تاپقان؛ بېشىدا بىر تال ئاق، ئاغزىدا بىر تال يالغان چىش يوق ساق پېتى كۆلۈپ ئولتۇ-رۇپ جان تەسلىم قىلغان. مانا ئەمدى تاپقانغا داۋالىنىپ، چاڭ-گاللاپ دورا يەپ، 60 ياشنىڭ قارىسىنى ئالالامدۇق ـ يوق؟ بۇنى بىرنېمە دېمەك تەس. مەن دوختۇرنىڭ «كېسەل ئېغىزدىن كىرى-دۇ» دېگەن ھېكمەتلىرىگە ئۆچ بولۇپ كەتتىم. كېسەل ئېغىزدىن-لا ئەمەس، قۇلاقتىن، كۆزدىن، ھېس ـ تۇيغۇ، ئەقلىي ئازابلار-دىن كىرىدۇ، دېگەنگە ئىشىنىمەن. ئەقلىمگە كەلسەم، دادام رەھمەتلىك قوينىڭ قۇيرۇقى، ئىچ مايلىرىنى خام يەپ كېكىرىپ يۈرەركەندۇق. مانا ئەمدى بىز چۆچۈرىنىڭ قىيمىسىدىكى ياغنى يېسەك، پولۇ يېسەك زىيان قىلىدىغان كۈنگە قالدۇقمۇ؟ ئاتا ـ بوۋىمىز نەچچە مىڭ يىل يېگەن گۆش ـ پولۇ، پېتىرمانتا بىزگە كەلگەندە زىيانلىق نەرسىگە ئايلاندىمۇ؟ ياق، ياق. روھىي جەھەت-تىكى ئازارلىق ئىشلار بارلىق روھىي بېسىمنىڭ خوجىخامىنى ئىكەن. بۇ خامان ئۆمۈر قىسقارتىدىغان، كېسەل قىلىدىغان ۋابا-دۇر. ئادەمدىكى كېسەللىك ئىچكى ئازاب، ئىچىگە چۈشكەن دەردتىن پەيدا بولىدىغان گەپكەن. بۇ كېسەللىكلەر ئۆمۈر قىس-قارتىدىغان ئاساسلىق ئامىللاردىن ئىكەن...»

شۇنداق، مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرمۇ خۇددى ئۆزى دېگەندەك، 60 ياشنىڭ قارىسىنى ئالا ـ ئالماي كېتىپ قالدى.

شۇ تاپتا، كىچىكىمدە بولغان يەنە بىر ئىش ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ: بوۋام رەھمىتى باغدىكى بىر تۈپ قوتۇرئامۇتنىڭ شاخ ئايرىغان يېرىدىنلا پالتا بىلەن كېسىۋەتكىلى تۇرۇپتۇ. «مەن ئامراق قوتۇر ئامۇتنى نېمىشقا كېسىۋېتىسەن؟» دەپ يىغلاپ غەلۋە قىلدىم. بوۋام: «قىز تاغلاپ كېتىپتۇ. كېسىۋەتمىسەم، ئامۇت پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىدۇ» دېدى. «نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟» دېسەم، بوۋام تەرلەپ كەتكەن بېشىنى، گەدىنىنى بىردەم سىلاپ: «شامال دارىپتۇ» دېدى. «شامال دارىپتۇ دېگەن قانداق گەپ؟» دېسەم، «ئوھۇي نېمانداق تۇكى يوق گەپنى تولا قىلىدىسەن. شامال دارىش دېگەن شۇ شامال دارىش دېگەن گەپ، تازا بىر گەپ ئانىسى بوپسەن. ماڭە بېشىمنى ئاغرىتماي» دەپ قوللىرىغا تۈكۈرۈپ ئامۇتقا گۈپۈلدىتىپ پالتا ئۇرۇپ كەتتى. دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ، يېنىمدا ماڭا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ تەلمۈرۈپ تۇرغان ئالا كۈچۈكۈمگە كالپۇكۇمنى پۈرۈپ يەرگە تېپىپ قويدۇم. كۈچۈك دەرھال ئەركىلەپ تۇرۇپ، ئىشتىنىمنىڭ پۇشقىقىنى چىشلەپ قويدى. «مېنىڭ ئىشتىنىم قىز تاغلاپ كەتمىدى، خۇمپەر!» دەپ كۈچۈككە ۋارقىرىدىم، كۈچۈك ماڭا تېخىمۇ سۈركىشىپ ئىشتىنىمنىڭ پۇشقىقىنى يەنە چىشلەپ، سىلكىپ چېكىدىن يىرتىپ قېچىپ كەتتى ... «ھۇ ئەبلەخ! سەن ماڭا ئىشتان تىكىپ بەرگەندەك، نېمانداق ئىشتىنىمنى يىرتىۋېتىدىسەن» دەپ يەردىن ئامۇتنىڭ بىر شېخىنى ئېلىپ، بوغداي كاندىچىلىقىنىڭ تولۇق قاتسقان ئېتىزىغا قوغلاپ ماڭدىم. «ھەي ... ھەي ... توختا بالام، مەكە» دەپ توۋلىدى بوۋام. قايتىپ كەلسەم، بېشىمنى سىلاپ دېدى: «ھە ... ھە ... ئەمدى يادىمغا كەلدى. قىز تاغلىدى، شامال داردى دېگەن گەپ — ئىچىگە

ئاچچىق يۇتتۇۋالدى، ئىچىگە ئاچچىق بۇس - يەل تولۇۋالدى، دېگەن گەپ. ئامۇتنىڭ بىر ئوبدان تۆۋەر شاخلىرى شۇڭا قۇرۇپ كېتىدۇ. قۇرۇغان شاخنى ئاشۇ قۇرۇغان يېرىگىچە كېسىۋەتسەك، ئىچىدىن ئاچچىق بۇس چىقىپ كېتىپ، ئامۇت ئەتىيازلىقتا بىر ئوبدان كۆكلەپ چىقىدۇ. ئەمدى بىلدۇرەلىدىمۇ؟» «ھەئە بىلدىم». ئۆزۈمچە سوراپ كەتتىم: «بۇ دەرەخ دېگەننىمۇ ئاچچىق يۇتتۇۋالامدۇ؟» «ھەئە، ئۇمۇ خۇدا ياراتقان تۇرلۇك - تۇمەن مەخلۇقاتلار ئارىسىدىكى بىر خەلق، بالام. ھەممىسى ئادەملەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۇچۇن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئادەم شۇكرى قىلىشى كېرەك. مانا مۇشۇ ئامۇتمۇ يىلبويى كۆكىرىپ خىزمەت قىلىپ مېۋىسىنى پىشۇرۇپ بىزگە بېرىدۇ. بىز تاتلىق بوپتۇ، دەپ ھۇزۇرلىنىپ يەيمىز. ئەگەر بۇ ئامۇت مېۋە بەرمىسە، مەن ساڭا بىر ئامۇت ياساپ بېرەلەيمەنمۇ ياكى سەن ماڭا بىر ئامۇت ياساپ بېرەلەمسەن؟» «ياق» دېدىم. «مەنمۇ تالادا بىركىمدىن ئازار يەپ ئاچچىق يۇتتۇۋالسام، ئۇنى چىقىرىۋەتمىسەم، كېسەل بوپ يىقىلىپ قالىمەن، بالام.» «سەن ئاچچىقىڭنى تولاراق چوڭ ئانامدىن چىقىرىسەن - ھە، چوڭ دادا؟» «ھە ... يامان سېرىق تۇك بولۇۋاپسەن - ھە ... يولدا كېتىۋاتقان يات ئادەمدىن ئاچچىقنى چىقارغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، تولا ئادەملەر تاماكا، هاراق قاتارلىقلار بىلەن ئاچچىقنى چىقىرىپ ياشايدۇ. ئادەم بىلەن دەرەخ، ھەممە مەخلۇقات ئوخشاش. ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ تىلى، يولى، دەردى، غېمى بولىدۇ. ھەممىسى ئۆز يولى بىلەن ئۆز ئاچچىقىنى چىقىرىپ ياشايدۇ. سەن ئۆمرۈڭدە يۇتقان ئاچچىقنى چىقىرىۋېتىشنى ئۆگىنىۋالمىساڭ، ئىچىڭدىن تۇگىشىپ كېسەل بولۇپ بالدۇر ئۆلۇپ كېتىسەن. مەسىلەن، سەن ھازىر مەندىن ئاچچىق يۇتۇپ كۇچۇكتىن ئاچچىقىڭنى چىقاردىڭ، كۇچۇك ئۇ ئاچچىقنى يەنە ساڭا قايتۇرۇپ بېرىپ قېچىپ كەتتى. سەن بۇ ئاچچىقنى يەنە كۇچۇكتىن چىقىرىش ئۇچۇن

قوغلىدىڭ. تىرىكچىلىك دېگەن مانا شۇ ... شۇڭا، ساغلام ياشاي-
مەن دەيدىكەنسەن، ھەرگىز دەردىڭنى ئىچىڭگە يۇتۇپ كېسەل
بولىدىغان، ئاچچىق يۇتىدىغان ئىش قىلما. ئاچچىق ئىچىڭگە
كىرگەن ھامان، قانچە بالدۇر ئۇنى چىقىرىۋېتىشنىڭ يولىنى
قىلساڭ، كېسەللىكنى شۇنچە تېز ئۆزۈڭدىن قوغلىغان بولىسەن.»
بوۋام يەنە شۇنداق دېگەنىدى: «دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا بايلىق —
ئادەمنىڭ سالامەتلىكى. ئەگەر تاغدەك ئالتۇنۇڭ بولۇپ، ئىشىك -
دېرىزەڭ ئالتۇن - كۈمۈش بولسىمۇ، سالامەتلىكتىن زىيان تارت-
ساڭ، شۇ سالامەتلىكىڭنى ئەسلىگە قايتۇرىمەن دەپ، پۇتۇن
دەپى - دۇنيايىڭنى خىراجەت قىلساڭمۇ كېسىلىڭگە داۋا تاپالماي،
ۋەيران بولۇپ ئۆلۈپ كېتىسەن. ھەرقانداق كاتتا بايلىقمۇ
سالامەتلىكتەك كاتتا بايلىقنى قۇتقۇزالمايدۇ. شۇڭا، ئۆمرۈڭ،
پۇل - مېلىڭ، ئىش - ئوقەتىڭ، بالىلىرىڭ، ئائىلەڭ،
ھۈنەر - كەسپىڭ ۋەيران بولماي ئوڭ سېپىدە ياشاي دېسەڭ،
تېنىڭنى ساغلام تۇتقىن. ساغلام بولۇشنىڭ ئەڭ ئالىي دورىسى:
ئاچچىق يۇتۇۋالماسلىق، دەرد - پىغانلىق، غەمكىن بولماسلىق.
ئۇنداق دېسە تىرىكچىلىك يولىدىكى تىرىشىپ ئىشلەش، ھۈنەر -
كەسىپ قىلىپ ئىشلەپ يېيىش روھىنى يوقىتىپ، يېتىۋالساق
بولمايدۇ. ‹بىكار ئولتۇرغىچە بىكار ئىشلە› دېگەندەك ئىشلەش
كېرەك. ئەگەر نېمە ھەرىكەتتىن توختىسا، شۇ ئۆلىدۇ. ئالەم،
قۇياشمۇ ئىنساننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بىر مىنۇتمۇ ھەرىكەتتىن
توختىمايدۇ. شۇڭا، مۇشۇ تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە ئىنسان
توختىماي ھەرىكەت قىلىشى، ئەجىر - مېھنەت قىلىپ توغرا
يول، ھالال مېھنەت، ساپ نىيەت، ئەقىدە - ئىبادەت ئىچىدە
لەززەت بىلەن ياشىشى كېرەك...»

دېمەككى، سالامەتلىكىمىزنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىشتىن ياذ-
غان كۈنى، كېسەللىك بىزدىن يىراقلايدۇ، كېسەللىك ئاسارىتى-
دىن قۇتۇلىمىز. كېسەل بولماي ساق ياشاشنىڭ بىرىنچى شەر-

تى، ئاچچىق يۇتماسلىق. كىشىلىك تۇرمۇشتا ھېچكىمنىڭ ئاچ-چىق يۇتقۇسى يوق. ئەمما، كىشىلىك تۇرمۇشتا يا ئۇنداق، يا مۇنداق ئىشلار سەۋەبىدىن ھەركىمنىڭ ئاچچىقلانماسلىقتا ئامالى يوق. ئاچچىقنى ئىچىمىزدىن قانچە بالدۇر چىقىرىۋەتسەك، ساق تۇرغان تەن ئۆيىمىزدىن ئەخلەتنى تازىلىغاندەك تازىلىۋەتكەن بو-لىمىز. شۇڭا، ئۆينى ھەر كۈنى تازىلىغاندەك ئىچىمىزنى ئەخلەت باستۇرۇۋەتمەي، مىنۇتلاپ تازىلاپ پاكىز تۇتايلى... ئەمدى بىز مۇشۇ قۇرلار بويىچە ئىچىمىزگە ئاچچىق يۇتقۇزىدىغان، ھەربىر ئىسراپچىلىق، روھىي ئەخلەتلەر توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم چوڭقۇرلاپ توختىلىمىز.

## 2. ئۆي ئىسراپچىلىقى

ئۆي — يەر يۈزىدىكى ھەممە مەۋجۇدات، مەخلۇقاتلارغا تە-ئەللۇق، بەلگىلەنگەن ئورۇن. دەرەخنىڭ يىلتىزى تۇرغان جاي — دەرەخنىڭ ئۆيى؛ ھاشاراتنىڭ ماكانى، قۇشلار ئۇۋىسى، ئىت، توخۇنىڭ ئۇۋىسى، كاتەكى دېگەندەك. دەريا، دېڭىز، كۆل — سۇنىڭ ئۆيى.

بىر «ئۆي» بولۇش ئۈچۈن، بىر جۈپ ئەركەك - چىشى بولۇش — تەبىئىي قانۇنىيەت. ئەر بولۇپ ئايال بولمىسا ياكى ئايال بولۇپ ئەر بولمىسا ئۇ ئۆيگە ئوخشىمايدۇ. ئۆيدە ھەممە نەرسە بولۇپ ئەر بولمىسىمۇ ياكى ئايال بولمىسىمۇ بۇ ئۆي ئۆيگە ئوخشىمايدۇ. بىر ئەر بىلەن ئايال بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ-نېمە بولمىسا بۇ ئۆي ئۆيگە ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئەر بىلەن ئايال تىرىشىپ - تىرمىشىپ يوقنى بار قىلىدۇ. شۇڭا، ئۆي دېگەن نامغا ئىگە بولۇشنىڭ بىردىنبىر شەرتى بىر جۈپ بولۇشتۇر. «خوتۇن ئالمىغان ئەر ماكانسىز ئىت، ئەرگە تەگمىگەن خوتۇن

جانسىز پىت» دېيىلىدۇ خەلق بىيىتلىرىدە.

هازىرچە بىز، ئۆي ھەم ئائىلە مېھىر ـ مۇھەببىتى ھەممە-دىن كۈچلۈك، رىشتى مەھكەم باغلانغان، ئائىلە مۇھەببىتى روشەن قوۋم، دەپ پەخىرلىنەلەيمىز. چۈنكى، بىز ھەر كۈنى ئائىلىدە ئائىلە ئەزالىرى دەرقەمدە ئولتۇرۇپ ئوچاقتا ئوت قالاپ ئانىلار، ئانىمىز ئەتكەن تاماقنى بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ يەيمىز. مانا بۇ ئوچاقتا قالانغان ئوت، ئائىلىدىكىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلانغان مېھىر ـ مۇھەببەت ئوتىنى ئۆچۈرمىسە، دەرقەمدە ئولتۇرۇپ ھەمداستىخان يېگەن تاماق ئائىلىدىكىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ھەققىنى، مېھىر ـ مۇھەببەت رىشتىنى تېخىمۇ چىڭ باغلايدۇ. ئائىلىدە تاماق ئەتمەسلىك، بىر ئۆيدە ھەمداستىخان تاماق يېمەسلىك — قارىماققا ئاددىي، كىچىك ئىشتەك بىلىنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە قان ـ قېرىنداشلار ئارا مېھىر ـ مۇھەببەت ئوتلىرى ئۆچۈپ، رىشتە يىپلىرى ئۈزۈلۈپ، ئۆزئارا ياتلىشىشتىن، ئاخىرى ئائىلە توزۇپ كېتىش، ئۆي مۇھەببىتى ۋەيران بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا، بىر ئۆينىڭ ئىگىسى بولمىش ئەر ـ ئايال ھەر كۈنى ئۆيدە پۈتۈن ئەزالار ئامال بار جەم بولۇپ، ئۆم بولۇپ تاماق يېيىش ئادىتىنى يوقىتىشقا بولماي-دۇ. بىر ئۆي، بىر ئائىلە — بىر پۈتۈن قوۋمنىڭ كىچىكلىتىل-گەن كۆرۈنۈشى. ئەگەر بۇ ئائىلە چېچىلىپ كەتسە، بىر پۈتۈن قوۋم توزۇپ ۋەيران بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. سەۋەبى، نارەسىدە باللارنى ئائىلىدىن بالدۇر يىراقلىتىش، كەلگۈسىدە مەڭگۈ تول-دۇرغىلى بولمايدىغان ياتلىشىشنىڭ باشلىنىشىدۇر. ھازىر گەر-چە بىزنىڭ قوۋمدا ئائىلىدە تاماق قىلىپ بىللە يېيىش ئادىتى يوقالمىغان بولسىمۇ، قانچە مىڭ يىللاپ ئۆيدىكى داستىخان، قازان بېشىدىن چىقمىغان شاھانە تاماقلىرىمىزنىڭ بازارلىشىشى بىلەن ئۆي، تۆشۈك مۇھەببىتىنى بازارلاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئائىلە مۇھەببىتى بازار ئىقتىسادىي سودىسىغا، مېھىر ـ مۇھەب-

بەت پۇل ئوبوروتىغا ئايلىنىپ كېتىش خەۋپى بار. شۇڭا، ھەر-قانداق ئۆي ھەم ئائىلە ئەزالىرى ئۆينىڭ مېھىر - مۇھەببەتلىك قازان ئېسىپ دەرقەمدە تاماق يېيىش ئەنئەنىسىنى قوغداش ھەق-قىدە باش قاتۇرۇشىمىز، ئالدىن ئويلىشىمىز زۆرۈردەك تۇرىدۇ. بازارنى دەپ ئۆينى بازاردا سېتىۋەتسەك، ئۆيسىز بولۇپ قالى-مىز. يامان دوزاخلارنىڭ بىرسى جېنى تۇرۇپ ئۆي - ماكان-سىز قېلىش.

يېقىندا، تاشكەنتتىن كەلگەن بىر مېھمان: «مەن سىلەردە ئىككى چوڭ ئىسراپنى كۆردۈم. بىرسى، رېستوراندىكى يېرىم-دىن كۆپى ئېشىپ قالغان تۇرلۇك - تۇمەن تائاملار؛ يەنە بىر-سى، تاپقان - تەرگىنىڭلارنى تامغا چاپلاشلىرىڭلار. سىلەر بىر ئوبدان ھاۋا ئۆتۈشىدىغان ئۆيلىرىڭلارنى بىزىدۇق، دەپ ھەددىدىن زىيادە ئىسراپ قىلىدىكەنسىلەر. ھەر نەرسىنى ئوتتۇراھال، نور-مال قىلغان ياخشى. ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنى پالاكەت، ھالاكەت باسىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىسراپچىلىق. يەر يۈزىدە كىم نېمىنى ئىسراپ قىلىدىكەن، شۇ خارلىغان نەرسىنىڭ ئۇن ھەس-سىسىدە ئۆزى خارلىقتا قالىدۇ. ئەڭ يامان دوزاخ خارلىقتا قېلىش، سىلەرنىڭ خارلىقتا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرىسە بولغۇ-دەك» دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. بىز بىر نېمىنى قىلىپ كېتەلمەيمىز، دورايمىز، دوراپ ئاشۇرۇۋېتىمىز. شۇڭا، ئۆي تۇتقان ھەربىر كىشىمىز ھەرقانچە ئېشىپ - تېشىپ كەتسىمۇ، ھەر ئىش قىلغاندا، ھەر تىنىق ئالغاندا ۋە ھەربىر قەدەمنى باسقاندا ئۆينى ئويلىشىمىز، ئۆي ئىسراپچىلىقىدىن ساقلىنىشقا ھوشيار بولۇشىمىز زۆرۈر. شۇنداق قىلساق، خارلىقتا قالماي-مىز. بىز ئۆينى بېزىگەندە ياتاق ئۆي بىلەن تاماقخانىنى، ھاجەت-خانىنى پاكىز قىلىشقا تىرىشىپ، ھەشەم - دەرەم، ئۇپا - ئەڭلىك، ئوسما، پەرداز دېگەنلەرگە پۇل ئىسراپ قىلىشتىن، شۇ ئىسراپچىلىقنىڭ جازاسىغا قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىسەك، ئاچ-

چىق دەرد يۇتۇۋالايمىز.

يەھۇدىيلارنىڭ يىغلاش تېمى ئۇلارنىڭ دەردىنى تۆكىدىغان جايى ئىمىش. شۇ يەردە ھەربىر ئادەم ئىچىدىكى دەردىنى تۆكۈپ، يىغلاپ، يەڭگىللەپ قالارمىش. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەردمەنلەر كۇلۇبى باركەنمىش. ھەرقانداق ئەلەم تارتقان ئادەم شۇ يەردە ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ ۋارقىراپ، تىللاپ، يەڭگىل-لەپ چىقاركەنمىشلەر. ھەربىرىمىز ئىچىمىزگە كىرگەن ھەر خىل پىغاننى چىقىرىشنىڭ ئەپلىك ئۇسۇلىنى تېپىپ، ئىچىمىز-دىكى خاپىلىق ئاچچىق قاداقا، قاداق كېسەللىككە ئايلىنىشتىن بۇرۇن چىقىرىۋېتەيلى.

ئۆي بېزەش خاپىلىقىدا ئاغرىپ ئۆلگەنلەر، ناچار ماتېرىيال-نىڭ سەۋەبى بىلەن كېسەل بولغانلار، رېستوران خۇمارلىق بىلەن دەرد تېپىۋالغانلار، سەرسان بولغانلار ئازمۇ؟ ئېنىقكى، ئىسراپ-چىلىق ئادەمنىڭ روھىنى بۇزۇپ، روھىي تەڭپۇڭلۇقىنى يوقى-تىپ، ۋۇجۇدلاردا كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ئۆينى كۆپ پۇل ئىسراپ قىلىش بىلەن ئەمەس، چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت بىلەن تۇتايلى.

## 3. ۋاقىت ئىسراپچىلىقى

ئالەمدىكى ئەڭ قىممەت ۋە مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغان ۋا-قىت ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەڭ ئەرزان ھەم خارلىنىدىغان نەرسە بولۇپ قالماقتا. گەرچە ھايۋانلار، باشقا جاندار ياكى گۇل - گىياھ، ئۆسۈملۈكلەرگە قارىغاندا ئىنسانغا بېرىلگەن ۋاقىت ناھا-يىتى ئۇزاقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئالەمنىڭ مەنزىلىگە، تاغ - دەريا-نىڭ، تۇپراق، سۇنىڭ ئۆمرىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ ناھايىتى قىسقا. جاندارلار ئىچىدە ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزاق بولۇشىدىكى

سەۋەب، ئۇنىڭ باشقا مەۋجۇداتلاردىن ئۇلۇغ ئىكەنلىكىدە. ئىسلام رىۋايەتلىرىدە بايان قىلىنىشىچە، دۇنيادىكى ھەممە نەرسە — بارلىق جاندار ـ جانسىزلار ئىنسانلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشى ۋە ئۇنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلغان. ھايۋان بالىسى تۇغۇلۇپ، بىرنەچچە سائەتتە ياكى بىرقانچە كۈندە مېڭىپ، شۇ يىلى يەنە ئىنسانغا يەم بولغۇدەك تېز تەييار بولغىنى بىلەن، ئادەم بالىسىنىڭ «تەييار» بولمىقى ئىنتايىن قىيىن. كۆپلىرى 20 يىلدا ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسىمۇ، يەنە بىرمۇنچىلىرى ھەتتا ياراملىق ئادەم بولالماي قېرىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ! شەكلەن ئادەم بولغان بىلەن ئۇنىڭدىكى ھايۋانىي خۇي ـ پەيل، ھايۋانىي روھ ئازايمايدۇ. شەكسىزكى، بۇ خىل روھ ۋە بۇ خىل كىشىلەر يەر شارىغا يۈك، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئاپەت بولۇپ قالىدۇ. گەپنى ئۇدۇللا ئېيتقاندا، ھەربىرىمىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ئىگە بولساق، ئۆزىمىزنى باشقۇرالىساق ۋە «ئادەم» دېگەن نامغا لايىق ئىش قىلساق، بويىمىزدىكى تېگىشلىك ۋەزىپىنى ئادا قىلغان بولىمىز.

ئىنسان ئانا قارنىدا توققۇزئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت، توققۇز دەقىقە تۇرۇپ، ئاندىن ئالەمگە كۆز ئاچىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىنساننىڭ يارىتىلىش جەريانىدىمۇ ۋاقىت ناھايىتى ئىنچىكە ھېسابلانغان ۋە قەدىرلەنگەن. شۇڭلاشقا، بىز ۋاقىتنى ھەقىقىي قەدىرلەشنى بىلىشىمىز لازىم. راست گەپ قىلغاندا، ۋاقىتنى قەدىرلەشتە بىز جاھاندىكى باشقا تەرەققىي قىلغان خەلقلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمىسەكمۇ، ئوتتۇراھال بولالىساق، شۇكۇر دەيتتۇق. ئەمما، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشتا، بىز دۇنيادىكى كىيىم كىيىشنىمۇ بىلمەيدىغان — ئەۋرىتى ئوچۇق ياۋايى ئورمان چۆل قەبىلىلىرىگە يېقىن ئىكەنلىكىمىزنى؛ تەرەققىي قىلغان ئادەملەر ئارىسىدا بولسا ئەڭ ئارقىدا تۇرىدىغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلمىساق بولمايدۇ! بۇ ئەيىبنى تۈزىمەك قىيىنمۇ ئەمەس، پە-

قەت ھەربىرىمىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمىزنى مۆلچەرلىگەن قەرەلدە قىلساقلا بولىدۇ! يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، ياۋايى قەبىلىلەر ۋاقىتنى ئەڭ قەدىرلىگۈچىلەردۇر. چۈنكى، ئۇلار مىنۇت ـ سېكۇنتنى بىھۇدە زايە قىلىۋەتسە، ئوۋلاپ يەيدىغان ياۋايى ھايۋان قېچىپ كېتىپ، ئوۋلىغۇچى ئاچ قالىدۇ.

بىزدە ۋاقىتنى زايە قىلىۋېتىش خاھىش ـ قىلمىشى ئېغىر. پەقەت نامازخان تەقۋادارلار ناماز ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشى مۇمكىن (ئەلۋەتتە بۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا، ۋاقىتنى جىنىدەك ئەزىز بىلىپ، ھايات مەنزىللىرىدە شانلىق ئىز قالدۇرۇۋاتقانلارنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ). ئاددىي مىسال: شەھەرلەردە ياشاۋاتقانلارنى توي ـ تۆكۈنگە كەچ سائەت بەشكە چاقىرسا، سائەت يەتتىدە بارىدۇ. بۇنىڭمۇ سەۋەبى بار: ۋاقىتقا رىئايە قىلىپ بارغان مېھمان تاكى كەچ سائەت سەككىز بولمىغۇچە داستىخان سېلىنماي ئولتۇرۇپ «دەل ۋاقتىدا بارغان»غا تويۇپ كېكىرىدۇ. چۈنكى، باشقا مېھمانلار ۋاقتىدا كەلمەيدۇ. ۋاقتىدا كەلمىگەنلەر كۆپ بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە توي ئىگىسى داستىخان سالماي ساقلايدۇ ـ دە! ھەر ئىككى تەرەپ بۇ ئىشلىرىدىن رازى بولمىسىمۇ، لېۋىنى چىشلەپ ئولتۇرىدۇ. ئەمما، قىممەتلىك ۋاقىت، بەرىكەتتى يوق ئۆمۈر ئىسراپ بولۇۋېرىدۇ. بۇ يەردە توي ئىگىسىمۇ ھەممە تەرەپكە مۇۋاپىق كېلىدىغان ۋاقىتنى بېكىتكەن بولسا، ھەر ئىككى تەرەپتە يالغانچىلىق، ئۆمۈر ئىسراپچىلىقى يۈز بەرمىگەن بولار ئىدى! بۇ خىل ئەھۋال يېزىلاردىمۇ ئاساسەن ئوخشاش. ۋەھالەنكى، بۇلار پەقەت مېھماندارچىلىقتىكى ئىش بولۇپ، بۇ يامان ئادەت پۈتۈن جەمئىيەتتە يۇقۇملۇق كېسەللىككە ئوخشاشلا يامرىغان؛ ھەممە ساھەگە ئوخشىشمىغان دەرىجىدە يىلتىز تارتقان ئۇنداقلار ناۋادا ھېچ ئىش قىلىشقا رايى بارمىسا، كۆڭلى تارتقان بىرەر پارچە كىتابنى ئوقۇسا ياكى بالا تەربىيىلەش كويىدا بولسا؛ يا بولمىسا ئۆيىنى تازىلىسا، ئۇمۇ بولمىسا ئۆزى، بالىلىرى،

ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھەققىدە، ھاياتى ھەققىدە، توغرا - خاتا ئىشلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىسمۇ بىر ئۇلۇغ ئىش قىلغان بولماسمىدى؟

## 4 . ۋەدە - لەۋز ئىسراپچىلىقى

بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ گېپىگە، ۋەدە - لەۋزىگە ئىشەنمەسلىك، گۇمانسىراش خاھىشى بىزدە خېلى كەڭ يىلتىز تارتىپ قالدى. بۇ بىر خەتەرلىك ئەھۋال بولۇپ، بىر خەلقتە بۇ خىل ھالەت ئەۋج ئېلىپ كەتسە، جەمئىيەتنى زاۋاللىق پاتقىقىغا چۆكۈرۈپ تاشلايدۇ.

كۆڭۈل خۇش بولىدىغان، مېھىر - مۇھەببەت ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان سىردىشىش - مۇڭدىشىشلار بىزدە بار. مىسال، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىرلەردىكى تەبرىك، تەسەللىلىرىمىز؛ مۇھاكىمە - مۇلاھىزىلىرىمىز؛ بالا - چاقا، ئۆي - بىساتلارنى دېرەكلەش، سالامەتلىك ھەققىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇشلار... بۇ گەپلەر ئۆزئارا مېھىر - مۇھەببەت رىشتىمىزنى، قان - قېرىنداشلىق زەنجىرلىرىمىزنى بارغانسېرى مەھكەم باغلاپ تۇرىدۇ ھەم تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما، بۇنىڭغىمۇ ياغلىما، ساختىلىق، خۇشامەت ئارىلاشقان بولسا، بۇ لەززىتىمىزمۇ زەھەرگە ئايلىنىدۇ. بىز رەسمىي ئىشلاردا، گەپتە، ۋەدە بېرىش، ۋەدە ئېلىش، لەۋز قىلىشتا «لەۋز ھالال» بولۇشقا نېمىشقىدۇر تولۇق كاپالەتلىك قىلالمايۋاتىمىز. گەپ مۇنداق ئېيتىلسا، ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىدىغان باھانە - سەۋەب دېگەن جىق. خىجىل بولمايلا ئۆزىمىزنى جاھاندىكى ساختىپەز، ئالدامچى، ھىيلىگەر، ھارامتاماق ئادەملەر - قوۋملەرگە سېلىشتۇرۇپ: «بىز ئۇلاردىن مىڭ ھەسسە ياخشى!» دەيمىز. بۇ، خەتەرلىك، پاسسىپ سېلىشتۇرما بو-

لۇپ، ئىنسانىي ئادەملىك سۈپەتتىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئېلىپ با-
رىدىغان خەتەرلىك باھانە - سەۋەبتۇر. بىز ئۆزىمىزنى جاھاننىڭ،
جەمئىيەتنىڭ داشقاللىرىغا ئەمەس، ئىلغارلىرىغا سېلىشتۇرساق،
ۋۇجۇدىمىزدا ئۆزىمىزدىكى ئاجىزلىق - كەمتۈكلۈكلەرگە قارشى
روھىي كۈچ - قۇۋۋەت پەيدا بولىدۇ!

ھايات تەبىئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، داۋاملىق چۈ-
شۈپ كېتىۋاتقان ئىنسانلىق ئورنىمىزنى تىكلەشكە تىرىشىش —
بىزنىڭ تەبىئىي ۋەزىپىمىز. بۇ گويا تاماق يېيىش، ئىشلەش،
ئارام ئېلىش ياكى ئىبادەت قىلغانغا ئوخشاش ۋەزىپىمىز. ھازىر
بىزدە بىر - بىرىمىزدىن روھىي جەھەتتە يىراقلىشىش - ياتلى-
شىش ئەھۋالى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. نېمىشقا؟ چۈنكى، بىر - بىرد-
ىمىزنىڭ ئىشەنچىمىزگە خىيانەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن! بىر - بىرد-
ىمىزگە ئىشىنىپ گەپ قىلغىلى بولمايدىغان، ئىشىنىپ ئىش
تاپشۇرغىلى، ئىشىنىپ ئېلىم - بېرىم قىلغىلى، ئىشىنىپ ئاما-
نەت تاپشۇرغىلى ياكى شېرىكلىشىپ ئىش قىلغىلى بولمايدىغان،
ۋەدە - لەۋز قىلغىلى بولمايدىغان زەئىپ ئادەملەرگە ئايلىنىپ
قالدۇق. ئەسلىدە بۇ كېسەللىكنى ئۆزىمىز تىرىشساقلا ساقايتقىلى
لى بولىدۇ. دورىسى شۇكى، ھەممەيلەن سەممىي، راستچىل،
پاك دىل ۋە ئادىل بولۇش! كاززاپلىققا، كۆڭلى قارىلىق، ساخ-
تىپەزلىككە ھەرقانداق يەردە ئورۇن بەرمەسلىك.

## 5 . يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقى

يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقى ھەققىدە ھەممىمىز تەڭ
ۋايسايمىز، قاقشايمىز. ئەمما، ئەمەل قىلىش دەرىجىمىز بىلەن
قاقشاش دەرىجىمىز ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بەك چوڭ. ھەممىمىز
ئوبدان ئادەم بولۇش ھەققىدە بىر - بىرىمىزگە نەسىھەت قىلد-

ـمىز، ئەمما ئۆزىمىز ئەمەل قىلالمايمىز.
مېنىڭچە، بىر - بىرىمىزگە نەسىھەت قىلغاندىن كۆرە، ئۆزىمىزگە ئاگاھ بولۇپ، ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلىساق، ياخشى ئۇنۇم، ياخشى كەيپىيات يارىتالايمىز! سىرتلاردا يېمەك - ئىچ-مەكنى سېتىق كېكىرىپ كەتكۈدەك ئەمەس، يەپ بولالىغۇدەك بۇيرۇتساق؛ كۆزىمىز بىلەن قارنىمىزنىڭ تويۇش دەرىجىسىنى مۆلچەرلەپ بولالمىساق، ئېشىپ قالغاننى چوقۇم ئۆيلىرىمىزگە ئەكېتىپ يېسەك؛ ئائىلىلەردىمۇ ئائىلە ئەزالىرىغا مۇۋاپىق غىزا - تاماق ئەتسەك، ئاشۇرۇپ قويمىساق ياكى ئاشقان يېمەك - ئىچمەكنى تاشلىۋەتمىسەك بولىدىغۇ! سەممىمىزدە بولۇ-شى كېرەككى، قولىمىزدىكى پۇل، قاچىمىزدىكى تاماق بىزنىڭ ھالال نېمىتىمىز. ئۇ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن. ھېچكىمنىڭ ئۇنى بۇزۇپ - چېچىش، خارلاش ھوقۇقى يوق. ھېچ بولمىغاندا ئاشۇ ئېشىپ - تېشىپ تۇرغان پۇلدا پەرزەنتلەرنىڭ نېسىۋىسى باردۇ؟ ۋەھالەنكى، بۇزۇپ - چاچقانلىرىمىز، ئاشقاننى تاشلىغان-لىرىمىز ئۇچۇن چوقۇم ئۇنىڭ ئۇۋالىغا يولۇقىمىز! مەن بۇ نەسىھەتنى ھەممىدىن بەك يادلاپ تۇرىمەن. چۈنكى، ئۆزۈم گالغا ئامراق. بەزىدە يېمەك - ئىچمەكنى كۆپ بۇيرۇتۇپ قالىدىغان ئىشلار مەندىمۇ كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇنداق چاغلاردا ئېشىپ قال-غاننى تاشلاپ كېتىشتىن قەتئىي ساقلىنىمەن. خىجىل بولىدىغان ئىش ئەمەس بۇ!
بىزدە «كېسەل ئېغىز بىلەن قۇلاقتىن كىرىدۇ، جان تۇم-شۇق بىلەن ئارقا پىشاپتىن چىقىدۇ» دەيدىغان خەلق ماقالى بار. نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ سالامەتلىك سەۋىيىسىدە چېكىنىپ كېتىش ئەھۋالى بار. ئادەملەر پۇچەكلىشىپ، كېسەل ئادەم جىق بولۇش، بىر بولسا كېلەڭسىز، سېمىز، بىر قارىسا ئاۋاق، ئۆلچەمسىز بەدەن شەكىللىرى ھەممە يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەسلىدە قىزىلـ

ـرىمىز خۇش چىراي، غۇنچە بوي، ئەرلىرىمىز سۇۋادان تېرەك-
تەك تەمبەل، قامەتلىك، قارىچۇغا بۇرۇن، بادام قاپاق بولۇشى
كېرەك ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ئىلمىي ئۇسۇلدا غىزالانماسلىق
ۋە يېمەك - ئىچمەك بۇزۇقچىلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.
يېمەك - ئىچمەكتە قاتتىق - يىرىكى بىلەن يۇمشاق - سىيلىقد-
نى، قۇۋۋەتلىك، ئىپسىل بىلەن قۇۋۋەتسىزىنى تەڭشەمەسلىك،
كىشى ئۇنىڭغا ئامراقلىق قىلىپ، بۇنىڭغا خۇشى يوقلۇق قىلماي
ھەممىسىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق دەرىجىدە تەڭشەپ ئىستېمال قىل-
سا، لايىقىدا ئىش - ھەرىكەت قىلسا، بۇنى تۇزەتكىلى بولاتتى!
ھەر كىشى خەلققە يامانلىق ئويلىماي قۇلىقىنى يامان گەپلەردىن،
تىلىنى يامان سۆزلەردىن، دىلىنى يامانلىق - خىيانەتلەردىن
خالىي قىلسا؛ ئەقىدە - ئىمان، ياخشىلىق بىلەن قەلبىنى تول-
دۇرسا؛ ئاغزىنى زەھەرلىك ئىچىملىك، چېكىملىك، سالامەت-
لىككە زىيان يېمەكلىكتىن ساقلاپ، تېنىنى تازا تۇتسا ··· «تەن»
دىن ئىبارەت بۇ ئۆزىگە ئەڭ ئەسقاتىدىغان ۋەتەن ساق تۇرماي
مۇمكىن ئەمەس! ئۇنداق بولمىسا ساغلام تەن بولمايدۇ. ئادەمگە
كېسەللىك چاپلىشىدۇ. ئاخىرىدا سالامەتلىك ئىسراپچىلىقى، ئا-
ۋارىچىلىقى بىزنى قورشىۋالىدۇ! نۆۋەتتى كەلگەندە، ئەسكەرتىپ
ئۆتۈش كېرەك: ھازىر ئەتراپىمىزدا ئاشخانا، ناۋايخانىدىن دورد-
خانا كۆپ؛ كېسەلدىن دورا كۆپ، كېسەلنى ساقايتىدىغان دوخ-
تۇردىن كېسەلنى خانىۋەيران قىلىپ پۇل - مېلىدىن ئايرىيدىغان
بۇلاڭچى كاززاپلار كۆپ بولۇپ كەتتى. بىر قىسىم ئاتالمىش
دوختۇرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاق قارىشى كىچىكلەپ، نەپسى يوغى-
ناپ قالدى. بىر قىسىملىرى نەپسىنى دەپ، ئۆزىنىڭ ئادەملىك
قىممىتىنى پۇلغا ساتىدىغان پۇل ساناش ماشىنىسىغا ئايلىنىپ،
پەزىلەتلىك دوختۇرلارنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ، شەنىنى بۇلغاپ بول-
دى. يەنە رادىئو - تېلېۋىزىيىنى قاپلىغان، كىشىنى تەشۋىش

ـ گۇمانغا سېلىپ، ساق ئادەمنى كېسەل قىلىپ كۆرسىتىدىغان دورا، داۋالاش ئېلانلىرى كىشىلەرنى تېخىمۇ قايمۇقتۇرۇۋاتىدۇ. قايسىسىغا ئىشىنىپ، قايسىسىغا مايىل بولۇشنى قارار قىلماقمۇ تەس بولۇپ كەتتىغۇ! ئويلاپ باقساق، بۇ بازارنى ئاچقان، بۇ بازار چاشقانلىرىنى سەمرىتىۋاتقانلار دەل بىز ھەم بىزنىڭ سالامەتلىكىمىز! بىز سالامەتلىكىمىزنى قوغدىمىساق، پۇرسەتپەرەسلەر بىزنى ئەنە شۇنداق جايلايدۇ، خارلايدۇ. ئۆزىنى قوغدىمىغان ياكى ئۆزىنى قوغداشنى بىلمىگەن ئادەمنى باشقىلار قوغدارمۇ؟ ئەلۋەتتە «تەن» دىن ئىبارەت بىر ياخشى ئۆي روھىڭغا بىكارلىق ئىجارىگە بېرىلگەنىكەن، بۇ ئۆينى تاكى ئۇ كونىراپ يىقىلغانغا قەدەر ئاسراپ، ئاقلاپ، چىرايلىق، پاكىز ئۆي قىلىپ تۇتۇشنى بىلىشىڭ كېرەك! بىر ئوبدان ئۆي ساڭا بېرىلسە، ئۇنى ئوبدان تۇتالماي باشقۇرالمىساڭ، ئۇ يەرگە نېمىلەر كىرمەيدۇ؟ شۇڭا، بۇ ئىشتا لامزەللىلىك قىلىشقا، قىلچە ئارىسالدى بولۇشقا بولمايدۇ. جان دېگەن بىرەر ماگىزىن ياكى دۇكاندا سېتىلمايدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ھاياتنى ئەقىل ئىشلىتىش، تەپەككۇر قىلىش ۋە پاراسەت بىلەن ئۆتكۈزۈش كېرەك. ھاياتنى كۆڭۈللۈك داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەممىمىزنىڭ تەن ئۆيىمىزنى پاك روھىمىزنىڭ بۆشۈكى قىلىپ چىڭ ساقلاش ۋەزىپىمىز بار! گەپنى قويپالراق بايان قىلساق، سەن ئۆمرۈڭنى قەدىرلىمەي، بۇ دۇنيادىن بالدۇر كەتسەڭ، باشقا بىر ئەر ياكى ئايال كېلىپ تۇتقان ئۆيۈڭنى ئىگىلەيدۇ؛ تاپقان پۇل ـ مېلىڭنى خەجلەيدۇ، سېنىڭ ئېسىل ماشىناڭنى ھەيدەيدۇ، خوتۇنۇڭغا ياكى ئېرىڭگە، بالىلىرىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ (بالاڭغا ئوبدان قارىسا، مەيلىغۇ)، سەن ئولتۇرغان ئورۇندا ئولتۇرىدۇ، سەن ياتقان كارىۋاتتا ياتىدۇ! بۇ ھەقىقەتەن ئەپسۇسلۇق ئىش ئەمەسمۇ؟

## 6. گەپ ـ سۆز ئىسراپچىلىقى

ئىنسانلارنىڭ ئاز گەپ قىلىپ كۆپرەك ئاڭلىشى ئۈچۈن ئېغىز بىر، قۇلاق ئىككى قىلىپ يارىتىلغانلىقى ئېنىق. ئۇستاز يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر بۇ سېھرىي ھېكمەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چوڭقۇر تەپەككۇر ھاسىلاتى قىلىپ، «گەپ ئېغىزدىن چىقماستا ئادەم گەپنى باشقۇرىدۇ. گەپ ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن گەپ ئادەمنى باشقۇرىدۇ» دېگەن چۈشەنچىنى ھاسىل قىلغان. بەرھەق پاكىتكى، بىزدە ئىش قىلىپ خاپىلىق تارتقان ئادەمدىن قۇرۇق گەپ قىلىپ خاپىلىق تارتقان ئادەم تولا. بىرەر ئىش قىلىپ خاپىلىق تارتقانلار بۇ خاپىلىقتىن كېيىن باشقا بىر يوللار، سەۋەبلەر بىلەن شۇ تارتقان خاپىلىقنىڭ راھىتىنى، مېۋىسىنى كۆردى. ئەمما قۇرۇق گەپنىڭ خاپىلىقىنى تارتقانلار راھىتىنى كۆرمىدى ياكى كۆرگەنلەر يەنە شۇ قۇرۇق، يالغان ـ ياغلىما گەپلەرنى ئاڭلاپلا يەنە ئاقىنا قالدى. بىزدە يەنىلا ئەمەلىي ئىش قىلىدىغانلاردىن قۇرۇق گەپ قىلىدىغانلار، قۇرۇق گەپ سېتىپ جان باقىدىغانلار، غەربىنىڭ بىزگە توغرا كەلمەيدىغان بەھەيۋەت، چۈشىنىكسىز نەرسىلىرىنى يادلىۋېلىپ ئۇنى ئولتۇ-رۇش ـ بەزمىلەردە خەققە يادلاپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ، مۇزدىن ئوت چىقىرىدىغان قۇرۇق سۆلەت بىلەرمەنلەر كۆپ بولدى. قۇ-رۇق شوئار، ياغلىما ـ تاتلىق گەپكە ئىشىنىپ قالىدىغان نادان خەلقنى بالاغا قويىدىغان ئىشلار تولا تەكرارلاندى. قۇرۇق گەپ ساتىدىغان سەركىلەر بىچارە قويلارنى قوشخانىغا ئەكىرىپ پوكان-چىلارنىڭ ئارغامچىسىغا باغلاپ بېرىپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي غادايغانچە چىقىپ كەتتى.

بىزنىڭ بۇ خىل سۆلەتۋازلىقىمىز بۇگۈنكى ئىش بولماس-

تىن، خېلى ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە ئەنئەنە بولۇپ قالغان-
دەك تۇرىدۇ. ئاپاق خوجىنىڭ قۇرۇق گېپىگە ئەگىشىپ، سەئى-
دىيە خانلىقىنى تاشلىۋېتىپ، قۇرۇق گەپكە بەك ئىشىنىپ كەت -
كەن جەلقىنىڭ ئەۋلادى دەل بىز بولغاچقا، يېسەك تەنگە قۇۋۋەت
بولىدىغان ناندىن كۆرە، نان ھەققىدىكى قۇرۇق گەپكە، بۇغداي-
دىن كۆرە سامانغا ئاشىقلىق قىلىدىكەنمىز. ئەمەلىيەتتە بىزدىكى
قۇرۇق گەپ ئەزەلدىن بېشىمىزغا بالا گەپلەردۇر. بۇرۇن «خو-
تۇن خەقنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا، قۇرۇق گەپ قىلىدۇ»
دەپ قارايتتۇق. ھازىر خوتۇنلارنىڭمۇ چېچى قىسقىراپ، ئەر
بىلەن ئاياللىنىڭ چاچ پەرقى قالمىغاندەكمىن، ئەقىل پەرقىمىزمۇ
قالماي، ئەركەكلەر خوتۇن خەقتىنمۇ ئېشىپ كەتتۇق! قۇرۇق
گەپ دېگەن ئاساسەن غەيۋەت ئائىلىسىگە تەۋە گەپ تۇرى بولۇپ،
ئىسلام دىنىمىزدىمۇ ئەڭ قاتتىق چەكلىنىدۇ ۋە غەيۋەت قىلىش
ئادەمنىڭ گۆشىنى خام يېيىشكە ئوخشاش ئىش قاتارىدا ئەيىبلە-
نىدۇ. ئۇ، گۇناھلارنىڭ ئەڭ ئېغىرى، دەپ قارىلىدۇ. جان،
تەندىن ئايرىلىپ، كىشى كۆز يۇمغاندا ھەر - بىرىمىزنىڭ جىنازا
نامىزىدا ناماز چۈشۈرگۈچى شۇ كىشىنىڭ ئىككى چوڭ قەرزىدىن
جامائەتنىڭ كېچىپ رازىلىق بېرىشىنى تىلەيدۇ. ئۇنىڭ بىرى،
مەنىۋى ھەققى يەنى غەيۋەت - شىكايەت، بوھتان؛ يەنە بىرى،
ماددىي ھەققى يەنى پۇل - مالدىن ئىبارەت. دېمەك، قۇرۇق گەپ
بۇ دۇنيادىمۇ ئىنسانغا دوزاخ ئازابىنى ئېلىپ كەلسە، ئۆلگەندىمۇ
دوزاخ ئازابىنى تارتقۇزىدۇ. ئىش - ئەمگەك بىلەن ئىگىلىك
تىكلەش؛ ئائىلە بەخت - سائادىتى، بالا تەربىيىسى، ئەقىدە -
ئېتىقاد بىلىملىرى، ئىلىم - ھۈنەر، تەرەققىيات، ساياھەت -
زىيارەت، جاھان ئىلغارلىقلىرىنى چۈشىنىش؛ كىتاب كۆرۈش،
ئۆزى، باللىرى ھەققىدە، ئارتۇق - كەم تەرەپلەر ھەققىدە
ئويلاش، ئىزدىنىش؛ دوستلار ئارا خۇش دىدار، خۇش سۆھبەت
ئۆتكۈزۈش؛ كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان ئويۇن؛ بەدەن گۈزەللىكىنى،

كۆچ ـ قۇۋۋىتىنى، ساغلاملىقىنى ئاشۇرىدىغان، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ھەرىكەتلەر نېمىدېگەن يېقىملىق، گۈزەل ـ ھە! قىسقىسى، بىز قۇرۇق گەپ، ئۆزىمىزگە بالا تاپىدىغان غەيۋەتلەر ۋە گەپ ئىسراپچىلىقىنى ئۆزىمىزدىن نېرى قىلىپ، گەپنى ئاز ـ ساز، جايىدا قىلىشنى ئۆگىنەيلى.

## 7. ئادەملىك قىممەتنىڭ ئىسراپچىلىقى

ھېكايەت قىلىنىشىچە، ئاللاھ ئادەمنى ياراتقاندا، ئۇنىڭ قىممەتلىك ھەم ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن، تېنى ئىچىگە پۈتۈك مالائىك، پەرىشتىلەرنى باشلاپ كىرىپ، ھەممە ئەزاسىنى زىيارەت قىلدۇرغانمىش. ئادەمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلىرى، يەيدىغان ـ ئىچىدىغانلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا «ئادەم» دېگەن ئىسىمنى قويۇپ، روھ ئاتا قىلىپ، پەرىشتىلەرگە ئادەمگە تەزىم قىلىشقا بۇيرۇق قىلغانمىش. ھەممە مالائىك، پەرىشتىلەر شۇئان ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغان-مىش. ئەمما شەيتان: ئادەم دېگەن ياخشى ـ يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدىغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ ئۇلۇغ دېگىلى بولى-دۇ؟ مەن ئۇنىڭغا تەزىم قىلمايمەن، دەپ بويۇنتاۋلىق قىلغاچقا، گەرچە ئۇ، پەرىشتىلەرگە دەرس بېرىدىغان كاتتا ئالىم بولسىمۇ، ئەرشتىكى جەننەتتىن قوغلانغانمىش. دېمەك، يارانقۇچى «ئالىم» بىلەن «ئادەم» نىڭ قايسىسىنى تاللاشتا، ئالىمنى ئەمەس، بەلكى ئادەمنى ئەلا بىلگەن، قەدىرلىگەن. بۇ يەردە ئالىملىقتىن كۆرە، ئادەملىك قىممەت ئۈستۈن تۇرغان. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، ئىزدەنسە، تىرىشسا، ئۆگەنسە ئالىم بولغىلى بولىدۇ، ئەمما يالغۇز «ئۆگەنگەن» بىلەنلا ئادەم بولۇپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۆ-گىنىپ ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغاندا، ئادەملىك قىم-

ـمەت بىلەن ھەرىكەت قىلغاندا، ئادەملىكنى راستچىللىق بىلەن ئىجرا قىلغاندا ... ئاندىن راۋۇرۇس «ئادەم» بولىدۇ. شۇڭا، ئالىم بولماق ئاسان، ئادەم بولماق تەس. ئىنسانلار ئادەم قىلىپ يارىتىلىشتا، بارلىق ئادەملىك سۈپەت تەڭ يارىتىلغان، ئادەملىك-نى ئىجرا قىلىش ھوقۇقى ئىنساننىڭ ئۆزىگە بېرىلگەن. ئەمما، ئادەملەر شەيتانغا ئەگىشىپ كەتكەن ... شۇ سەۋەبتىن بىر قىسىم كىشىلەر ئالىملىقنى، بىلەرمەنلىكنى ئادەملىكتىن ئەلا بىلىۋا-تىدۇ! مانا بۇ تراگېدىيە، ئېچىنىشلىق ھالاكەت. ۋەھالەنكى، شەيتاننىڭ بىلىدىغىنى پەقەت بۇزۇقچىلىق! ھاۋايى - ھەۋەس، توغرا يولدىن ئازدۇرۇش، خالاس!

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ئادەملىك قىممەتنى ئەڭ ئىسراپ قىلىدىغان، ئەڭ دەپسەندە قىلىدىغان، ئەڭ خارلايدىغان ئىش بىزدە، بىر قىسىم كىشىلەردە يېتەرلىك بار. گەرچە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلساقمۇ، روھىمىزدا كونا دىنىنىڭ ئاسارىتى ئېغىر بولغاچقا، ھەقىقىي ئېتىقاد قىلىدىغان تەقۋادارلىقتىن كۆ-رە، شەكلەن مۇسۇلمان كۆپ. شۇ خىل كىشىلەر بارلىق ياخشى-لىق، پۇل - مال، راھەتنى ئاشۇ قەلبىدە ئۆزى ياسىۋالغان بۇدلاردىن كۈتىدۇ، تىلەيدۇ. ئادەم تۇرۇپ ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىر ئادەمدىن تىلەيدۇ، يېلىنىدۇ، تەمە قىلىدۇ. خۇشامەت - تەزىم قىلىدۇ. ئاشۇنداق ئەجىرسىز تىلىگەن راھەت، تىلىگەن ھوقۇق، تىلىگەن ياخشىلىق، تىلىگەن بايلىقنىڭ ئۆمرى، مەن-زىلى بەكمۇ قىسقا، بەكمۇ ئاز. بىزدىكى بىر قىسىم ئادەم-لەر كەيىپ - ساپا، ھۇزۇر - راھەت قوغلىشىپ، قوشنامدىن، دوستۇمدىن، يۇرتۇمدىن، جامائىتىمدىن ئۈستۈن ياشايمەن دەپ، ئادەملىك قىممىتىنى يوقىتىدىغان كويلاردا بولىدۇ. ۋىجدانى ئۆرتىنىدىغان، باشقىلارغا يۈز كېلەلمەيدىغان، كىشى سەسكىنى-دىغان ئىش - ھەرىكەتلەردە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق را-ھەتنىڭ كەينىدە جاپا، جاپانىڭ كەينىدە راھەت مەۋجۇت. ئۇ

خۇددى بىردەم كىچە، بىردەم كۈندۈز بولغاندەك ئىش، تەبىئىي قانۇنىيەت، بۇ جاپا ھەم راھەتنى ھەربىر ئادەم ئۆز لايىقىدا كۆرىدۇ. ئىنسانغا ھەرگىزمۇ مەڭگۈلۈك ھەم چەكسىز راھەت نېسىپ بولمايدۇ.

ھاياتلىق جەريانىدا، ئادەمنىڭ تېنى كېسەل بولۇپلا قالماستىن، يەنە روھىمۇ كېسەل بولىدىغان ئىش بار. بەزىدە تەن كېسىلى جاننى ئالسا، روھىي كېسەللىكمۇ ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ. مانا بۇ خىل روھىي كېسەللىك ئادەمنى ئۆلتۈرگەندە، ئادەم كۆرۈنۈشتە تىرىكتەك يۈرگەن بىلەن ئەل ـ جامائەتنىڭ كۆزىگە ئادەم ئەمەس، باشقا بىر مەخلۇقتەك كۆرۈنىدۇ. ھەممىدىن يامان ئۆلۈم — ئۆزى ھايات تۇرۇپ خەلقى ـ ئالەمنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتى بولماسلىق. مانا بۇ، قان چىقارماي جان ئالىدىغان، جان چىقارماي جان ئالىدىغان، كونىلارنىڭ سۆزىچە، «يا ئۇ دۇنيالىقى، يا بۇ دۇنيالىقى يوق» ئۆلۈمدۇر. شۇڭا، ھەربىر ئىنسان ئۆزىنى قەدىرلىشى، ئۆزىنى ئۆزى خارلىماسلىقى، ئۆزىنىڭ ئادەملىك قىممىتى ۋە سۈپىتىنى ساقلاشقا تىرىشىشى لازىمدۇر.

كۆز ـ كۆز قىلىپ ياسىنىشلار، ھەشەمەتلىك يەپ ـ ئىچىشلەر، ئالىي دەرىجىلىك ئۆي، كاتتا ماشىنىلار؛ ئاغزى ـ بۇرنى، قول ـ بويۇنلىرىنى قاپلىغان زىبۇزىنەتلەر، ھەشەمەتلىك توي ـ نەزىرلەر، بەس ـ بەس بىلەن پۇل بۇزۇقى قىلىشلار ئادەملىك قىممەتنى ئىزدەپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قىلمىشلار بولسىمۇ، بىزنىڭ قەدىر ـ قىممىتىمىزنى ئاشۇرالمىغاننىڭ ئۈستىگە، تېخىمۇ كاساتلاشتۇرىدۇ! بىزدە ئەۋج ئالغان ھوقۇقى بار، پۇل ـ مېلى كۆپ كىشىنىڭ ئادەملىك قىممىتى چەكسىز بولۇش، ھوقۇقتىن چۈشكەندە، پۇل ـ مېلىدىن ئايرىلغاندا چەكسىز خار بولۇش؛ پۇقرانىڭ ئادەملىك قىممىتى بەزى ئەمەلدارلارنىڭ، بايلارنىڭ ئىتىچىلىك بولماسلىقتەك چىرىك، پاسسىپ

ئىشلارنى ئاشۇ بايلار، ئەمەلدارلار ئەمەس، بەلكى بىز ئۆزىمىز پەيدا قىلغان. بۇ، ئادەملىك قىممەت جەھەتتىكى چەكسىز ئىسراپچىلىق! شۇڭا، بىز ھالال قان - تەر بىلەن ياشاشنى؛ توغرا دۇنيا قاراش، قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇشنى؛ قالاقلىقتىن، ھاماقەتلىك - نادانلىقتىن تەلتۆكۈس قول ئۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىمىز ... بىزدە «يېمەيدىغان ھەسەل بار، يەپ ئۆلىدىغان زەھەر بار» دېگەن ئاتا سۆزى ئۇنتۇلمىغاي!

## 8. ئادەم ئىسراپچىلىقى

بىزدە ئىسراپچىلىق ھەقىقەتەن تولا بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چوڭ - كىچىكلىرىنى ئىلغاپ ساناپ بولغىلى، ھېسابلاپ ھېسابىنى چىقىرىپ بولغىلى بولماي قالىدۇ. ئېنىقكى، جاھاندا ھېسابى يوق ئىش بولمايدۇ! شۇڭا ھەرقانداق ئىش ئۆز لايىقىدا، ئۆز يارىشىقىدا، ئۆز قىنىدا، ئۆز يولىدا بولسا، ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق، يولىمىز داغدام بولىۋېرىدۇ.

نۆۋەتتە كۆرۈلۈۋاتقان كاتتا ئىسراپچىلىقنىڭ بىرى، ئادەم ئىسراپچىلىقى. بۇ خىل ئىسراپچىلىق شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، پۇت قويغۇدەك يەر، تورغاي ئۇۋا سالغۇدەك چۆل قالماي ھەممە جاي ئادەم بىلەن تولدى، دېسەك پو ئاتقان بولمايمىز! شۇنداق بولسىمۇ، ھەممە ئادەم ياشىشى، جاھاندارچىلىق قىلىشى كېرەكتە. قۇدرىتى يەتكەن ئىشنى قىلىش، ئۆز ئەقلى ۋە كۈچىنى سەرپ قىلىپ ياشاش — بىزنىڭ تەبىئىي مەجبۇرىيىتىمىز. بۇ، ئاددىي ھەم مەڭگۈلۈك ھەقىقەت. ئادەم ئىسراپچىلىقىنىڭ ئەجەللىك كۆرۈنۈشى شۇكى: ئۆزى ئۆرە بولۇپ مېڭىپ يۈرىدۇ، ھەر جاي - ھەر يەردە لاغايلايدۇ، كۆپۈكتەك لەيلەيدۇ، ئوينايدۇ، يەپ - ئىچىدۇ؛ چىرىك، ناچار ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ

ۋە تىرىك تۇرۇپ ئۆلىدۇ. ئۇ ئادەمنى ئۆلدىمىكىن دېسەك، كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ، پارقىراپ، ئۆزى يەپ - ئىچىپ، گەپ سېتىپ يۈرگەن؛ تىرىكمىكىن دېسەك، ھېچ ئىش قىلماي لاغايلاپ يۈرۈۋېرىپ، چىرايى ساماندەك سارغايغان، ئۆلۈكتەك تاتارغان، قورسىقى ئاچ، ئۇچىسى يىرتىق يالىڭاچ، چاپىنى تىزدىن، ئىشتىنى ھوشۇقىدىن ئاشمىغان. ھورۇنلۇق، بىكارچىلىق جىنىغا پاتسىمۇ، نومۇسىغا تەگمىگەن...

ئەسلىدە بۇنداقلارنىڭ ئۆزى ئۆلمەي، روھىدىكى نومۇس كۆچى ئۆلگەن. نومۇس كۆچى ئۆلگەن ياكى زەئىپلىشىپ ھالى قالمىغان بۇنداق ناتىپى - ھورۇنلار ئۆيلىرىمىزنى، مەھەللە، يۇرتلىرىمىزنى مەلۇم دەرىجىدە قاپلاپ كەتتى! «ھورۇنلۇق» تىن ئىبارەت ۋەھشىي دۈشمەن بىزگە «ئادەم ئىسراپچىلىقى» دىن ئىبارەت مەرەزنى تاڭدى! شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ چىن ئادەملىك روھىمىز بۇلغاندى. ئىش قىلىشقا خۇشياقمايدىغانلار ۋە ئىش قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغانلارنىڭ ئاجىز ئىرادىسى بىراقلا سۇنۇپ: «بىز زادى ئىش قىلالمايدىكەنمىز، ئىش ئەپلەشتۈرەلمەيدىكەنمىز، قولىمىزدىن ئىش كەلمەيدىكەن» دەپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىشتى. ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلەر ئىككى خىل ھالەتتە ئۆلدى: كۆپلىرى «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دەيدىغان زەمبىلكەش، كۆكتۆش مۇتتەھەملەرگە ئايلىنىپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ياتتى ياكى ئەسكى تامنىڭ دالدىسىغا چۈشكەن ئاجىز ئاپتاپقا چىقىپ قارتا، قىمار ئويناپ، زەھەر ئىستېمال قىلىپ، ئورۇق بوتۇلكىنى سېمىز بوتۇلكىغا تېگىشىپ سېتىپ، پۇلىغا يەنە ھاراق ئېلىپ ئىچىپ كۈننى كەچ قىلىدىغان ھارامتاماقلارغا ئايلاندى. ئۇلار يا ئۆزىگە، يا باشقىلارغا پايدىلىق ئىش - ھەرىكەت قىلمايدۇ. بۇنداق ھورۇن - ناتىپىلار «خۇدانىڭ ئاپتىپى» ، مەھەللىنىڭ تېمى، يۇرتنىڭ ھاۋاسى، ئۆيىدىكىلەرنىڭ قان - تەرىنى بىكارغا ئىشلىتىپ، زېمىنغا يۈك بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئەمەلىد-

يەتتە ئۇنداقلارنىڭ جەمئىيەتكە، بولۇپمۇ ئۆسمۈر - باللارغا زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولۇۋاتىدۇ. يامان خۇي، يامان قىلىق ئەتراپقا كېزىكتەك تاراپ، يۇقۇپ - يامراپ، ئەخلەت ئادەملەرنى كۆپەيتىۋاتىدۇ. ئۇلارغا ئاتا - ئانىلىرى، دوست - يارەنلىرى، تۇغقانلىرى، خوتۇن - بالىلىرى سەممىي كۆڭلى بىلەن نەسىھەت قىلسا يامانلايدۇ ۋە ئۆزىنى ئاقلايدىغان باھانە - سەۋەبلىرى تولا. «قىلالمىسام، ئېتەلمىسەم، قولۇمدىن كەلمىسە...» دەپ ئاڭلىسا راستتەك، ئورۇنلۇقتەك بىر مۇنچە گەپلىرى ئاغزىدىن زەمبىرەك ئوقىدەك ئېتىلىپ چىققىنى چىققان...

ئەجەبا، سەن قىلالىغۇدەك ئىش يوقمۇ؟ قولۇڭدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەمدۇ؟ ئىش قىلىشنى بىلمەمسەن؟ ئۇنداقتا سەن زادى قانداق مەخلۇق؟ جاپاكەش دېھقانلار دېھقانچىلىقنى يىغىشتۇرۇپ بولالماي نە - نەلەردىن ئەمگەكچى ئەكېلىپ، ھەق بېرىپ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا سالىدۇ. ئۆي - ئۆيلەردىن ھەر كۈنى تۈرلۈك ئىشلار چىقىپ، يا ئىشلەمچى تاپالماي، يا ئۆزى يېتىشەلمەي قالىدۇ. تىرىشچان، چىداملىق خەنزۇ ئىشلەمچىلەر مەھەللىگىدە ئەۋرەز يولى كولايدۇ، ئەسكى - تۈسكىلەرنى يىغىدۇ، ئەخلەتلەر ئارىسىدىن لازىملىق، پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنى ئىلغايدۇ؛ ئاشخانىلىرىڭنىڭ يۇندا - چاقاندىلىرىنى سەندىن پۇلغا سېتىۋېلىپ ئەكېتىپ، ئېھتىياجلىقلارغا سېتىپ پۇل قىلىدۇ، باي بولىدۇ! سەن ئىش قىلماي بىكار ياتىسەنۇ، سەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى خوتۇن - بالىلىرىڭ ئاشۇنداق ئىشلىيەلەيدىغانلارغا پۇل بېرىپ قىلدۇرىدۇ. سەن ئىش قىلىشتىن نومۇس قىلىسەن، سارغىيىپ يۈرۈشتىن، تەلمۈرۈپ بىكار يېتىشتىن نومۇس قىلمايسەن. ناۋادا ئازراق ئىشقا قولۇڭ تەگسە، ئەسلى ئىش قىلغۇڭ بولمىغاچقا، بۇ ئىش ساڭا يەلكەڭنى تاغ باسقاندەك تۇيۇلۇپ، ئىشتا ساختىپەزلىك قىلىسەن. قىلغان ئىشىڭ بىر پۇللۇق بولسا، ئون پۇل تەلەپ قىلىسەن. ئاندىن ساڭا ئىش

بەرگەن ياكى ئىش قىلدۇرغان ئادەم ساڭا ئىش بەرگەنگە بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە تويۇپ، قايتا ئىش بەرمەس بولىدۇ… سەن ئىشىنىز، نانىنىز قىلىۋېرسەن. تېخى ئۇلۇغ سۆزلەشلىرىڭ ئاز-دىن ئارتۇق! بېشىمدىن ئۆتكەن شۇنداق بىر ئىش بار: مىللىيچە ئۆي بېزەيدىغان بىر ئۇستامغا بىر ئۆينى بىر ئايدا پۈتتۈرۈپ بېرىشكە پۈتۈشتۇق، ماتېرىياللارنى ئېلىپ ئىش باشلاپ نەق يېرىم يىلدا پۈتتى. بىرمۇنچە تاكاللاشتۇق، سۆرەشتۇق، داد دېدىم. ئۇ مېنى نامراتلىقتا، مەن ئۇنى نامەردلىكتە ئەيىپلەش-تۇق! ئۇ ئاچكۆزلۈك قىلىپ ئايرىم ـ ئايرىم بەش ئادەمنىڭ ئۆينى «ۋاقتىدا، سۈپەتلىك قىلىپ پۈتتۈرۈپ بېرىمەن» دېگەن ۋەدە بىلەن ئالغانىكەن ئەمەسمۇ! ئۇ مېنىلا ئەمەس، ئۆزىنى، شۇنىڭدەك مەندىن باشقا تۆت ھاجەتمەننى تەڭلا ئالداپتۇ… مۇشۇنداق كەسپكارلارنىڭ ئابرۇيىنى يوق قىلىش، لەۋزىنى ھارام قىلىش، بىھۇدە ئاچچىق يۇتۇش، تېگىشلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتى-دىن ئايرىلىپ قېلىشلارغا كىم سەۋەبچى؟

ئاتۇشتىكى بىر باغۇەن بوۋاينىڭ شۇنداق دېگەنلىكى ھازىر-غىچە يادىمدا: «بىز ئۆزۈم كېسىشنى ئۆز قېرىنداشلىرىمىزغا بەرسەك، ئىشەنچىمىزگە خىلاپلىق قىلىپ ئۆزۈمنى ساق ئۆزمەي ياكى ساق قاچىلىماي ئىچكىرىدىكى ئۆزۈم سودىگەرلىرى ئالدىدا بىزنى يالغانچى، خىيانەتچى كۆرسىتىپ رەسۋا قىلىشتى. ئاخىر ئۆزۈم كېسىدىغان، يەشىككە قاچىلايدىغان ئىش ۋە پۇل باشقا ئىشلەمچىلەرگە كەتتى. يۇرتلۇقىمىز، قوشنا، تۇغقان، يارۇبۇ-رادەرلىرىمىز ئاتۇشتىن يىلدا ئالىدىغان ئۈچ مىليون كوي پۇلنى ئەمدى ئۆزىمىز رازى بولۇپ، باشقىلارغا بېرىۋاتىمىز…» دې-مەك، گەپ ھۈنەر ياكى ئىشتا ئەمەس، ئادەمنىڭ روھىدىكى ئادەملىك خىسلەت — ئادەملىك سۈپەتتە بولۇپ قالدى. ئەمەلى-يەتتە ئۆزىمىزنى خار قىلىپ قويۇۋاتقىنى ھۈنىرىمىزنىڭ چولتى-لىقى ئەمەس. ھۈنەر چولتا بولسا، ئۆگىنىپ يەتكىلى، تولۇقلى-

غىلى، پىشقىلى بولىدۇ. پەقەت ئادەملىك تەبىئىتىمىز بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن ئادىمىي خارلىق — ئادىمىي ئىسراپچىلىقنى كەلتۈ-رۈپ چىقاردۇق. بۇلار ئادەم ئىسراپچىلىقىنىڭ بىرىنچى زىيىنى.
ئادەم ئىسراپچىلىقىنىڭ ئىككىنچى زىيىنى، يەنە شۇ بىكار-چى، ھۇرۇن، ئارتۇقچە ئادەملەرنىڭ جامائەتلىشىپ، دوست تار-تىشىپ، ئۇلپەتلىشىپ ... ئىش قىلىۋاتقان ياخشىلار ئۇستىدىن غەيۋەت - شىكايەت، ئەرزىيەت - بوھتان قىلىشلىرى؛ ئۆزلىرى-نىڭ بىكارچىلىق سەۋەبىدىن تۆكۈلگەن ئابرۇيىنى پەردازلاپ: «قاراڭلار، قاراڭلار ... پالانچىلاردەك ئىش قىلغاندىن، ئىش قىلماي مەندەك بىكار ياشاپ ئۆلگەن ياخشى» دېيىشلىرى؛ ئىش-لىگەنلەرنىڭ ئىشلىمىگەنلەر تەرىپىدىن بىھۇدە ھاقارەتلىنىپ سې-ستىلىشلىرى بولدى. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئىشچانلاردىن ھۇ-رۇنلار كۆپ بولۇش، ئىشلەپ زىيان تارتقان - ۋەيران بولغانلار-دىن ئىشلىمەي چىشلەيدىغان، جاپا تارتماي ھۇزۇر ئالىدىغان پۇرسەتپەرەسلەر كۆپ بولۇش، ئىشلىمەي پايدا ئېلىپ، ئىشلەپ زىيان تارتىشتەك تەتۈر ئىشلار خېلى بار. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، ئىشلەپ بالاغا قالغانلاردىن قۇرۇق گەپ سېتىپ شەھەر ئالغان نوچى بولۇش؛ قاپاق پۇل بولماي، باراڭ پۇل بولۇش؛ ئىش مەيدانىدا ئۆلۈش - تىرىلىشى بىلەن كارى يوق ئىشلەۋاتقانلارنى چەللىدە ئات چاپتۇرۇپ، مۇزدىن ئوت چىقىرىدىغانلار ئۆزلىرىچە «باھالاپ» سېستىپ ئوينايدىغان، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ناد-كورلۇقىنى ياپىدىغان ئىشلار جەمئىيەتنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ قالدى. بۇنداق ئىش ئاۋام - خەلقنى گاڭگىراتتى. ئۇنداقلار ئۆزى تېرىقتەك ئىش قىلماي تۇرۇپ، تاغدەك ئىش قىلغانلارنى خەلققە نادان، بايلارغا ھاڭ قىلىپ كۆرسەتتى. نادان مىسىر خەلقى ناپالىئون «قۇرئان»نى بېسىپ تارقىتىپ بەرگىنى ئۈ-چۈن، ئۇ كىشىنى ئۇلۇغ بىلىپ، مىسىرنى بېسىۋالغاندا پۇشاي-مان قىلىشقاندەك؛ لى شىفۇ تۆمۈر خەلىپىگە «قۇرئان» تەقدىم

قىلىپ ئىشەنچكە ئېرىشىپ، خەلىپىنى ياڭ زىڭشىڭغا تۇتۇپ بەرگەندە كېچىككەندەك ... پۇشايمانلىق ئىشلار بىزدە داۋاملىشىۋاتىدۇ. كوچىدىكى يانچۇقچى، دۇرۇس ئادەمنى «يانچۇقچى» دەپ بالدۇر ۋارقىرىۋالسا، خالايىق بىگۇناھ ئادەمنى يانچۇقچىغا تۇتۇشۇپ بەرگەندەك كۈلكىلىك ئىشلار بىزدە بۇرۇنمۇ بولغان، ھازىرمۇ بولۇۋاتىدۇ ... «ئۇلۇغ ئىش قىلالمىغان ئادەم، ئۇلۇغ سۆزلەشكە ئۇستا بولىدۇ» دېيىشىدۇ، خالايىق. قىسقىسى، ئىشسىز ئادەملەرنىڭ ئىككىنچى چوڭ زىيىنى: ئىشلەيدىغان ئادەملەرگە ھاقارەت - تۆھمەت قىلىپ، قۇرۇق گەپ بىلەن سېسىتىپ قارا سۇۋاشتەك «ئىشلىگەنلەرگە ئۇۋال قىلىش زىيىنى» دىن ئىبارەت. ئېچىنىشلىقى شۇكى، بۇنداقلار ئىشلەۋاتقانلارنىڭ يولىنى توسۇشقا، يولىغا ئورا كولاشقا ئۇستا بولۇپ، شۇ قىلىقنى ھەتتا «كەسىپ» قىلىۋالغان. شەكلى شۇكى: ياخشىلارنى بۆ - بۆ كۆرسىتىپ، سورۇنلاردىن، سەھنىلەردىن توسايدۇ، قورقاق سالىدۇ ۋە ئۇبدان ئىشلەۋاتقانلارنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئىشسىز، لاكات، گەپ خالتىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئاندىن كېيىن: «قۇرۇق گەپ قىلىدۇ، ئىش قىلمايدۇ» دەپ سېسىتىشنى باشلايدۇ...

ئۈچىنچى زىيان: نادان، ھۇرۇنلارنىڭ ئىشقا ئاتلىنىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىيان. بۇلار ئىشقا كىرىشسە، ئىشنى ھەق - دادىغا يەتكۈزۈپ قىلىش ئەمەس، بەلكى ئىشنى بۇزۇپ، يوققا چىقىرىپ ۋەيران قىلىش بىر ئۇبدان ئىشنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ھالاكەت گىردابىغا دۇچار قىلىدۇ. ئىش باشلاشتىن ئىلگىرى ئۇلار شۇ ئىشنىڭ ئېپى - جېپىنى ئىش ئىگىسىدىن ئوبدان قېتىرقىنىپ ئۆگەنمەيلا، تۆگىنى ئۇسسۇلغا سالسا، يەتتە تاختا يەردىكى زەدەكنى پىتىقلاپ بىكار قىلغاندەك، ھەممىنى ۋەيران قىلىدۇ. ئاۋۋال تەربىيىلىنىپ ھۈنەرنى پىششىق ئۆگىنىپ ئاندىن ئىش قىلاي دېمەي، تەنتەكلىك قىلىدۇ ياكى دورايدۇ.

بىرسى ئاشخانا ئاچسا، ئۇنى كۆرۈپ بىقىپ ھەممىسى ئاشپەز بولۇۋالىدۇ؛ بىرسى تالقان چىقارسا، ھەممىسى تالقانچى، بىرسى تەييار چۆپ ئىشلىسە، ھەممىسى چۆپچى، بىرسى چاينى بازارغا سالسا ھەممىسى چايچى، بىرسى سوپۇن ئىشلىسە ھەممىسى سو-پۇنچى، بىرسى چىش پاستىسى ئىشلىسە، ھەممىسى «ياغاۋچى» بولۇۋالىدۇ. باققال تۇگمەنچى بولسا، موزدۇزمۇ تۇگمەنچى بولۇ-ۋالىدۇ... ئاخىرى ھېچقايسىسى تۇزۇك راۋاج تاپالماي، ھاڭدىن تەڭ غولىغان تاشلاردەك ئۇنسىز غايىب بولىدۇ. ھېچقايسىسى ئۆزىنى دەڭسەپ بىقىپ «مەن قايسى كەسىپنىڭ ماتېرىيالى» دېگەننى ئەستايىدىل دىتلىمايدۇ؛ ئۆزىنى تاپالماي، ئۆزىنى ئىز-دەيدۇ. يېڭىلىق يارىتىشقا، ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ گۈل-لىنىشكە ھەرىكەت قىلمايدۇ، خاسلىققا، تەڭداشسىزلىققا ئېتىبار قىلمايدۇ...

ئەلۋەتتە يۇقىرىقىلار ئىچىدە يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋات-قان، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈۋاتقانلار، ئۆز خاسلىقى ـ ئەۋزەللىكى بىلەن مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلىنىۋات-قانلار، قىسقىسى، بۇ يولدا ھەقىقىي ئەجىر قىلىپ، ھالال تەر تۆكۈۋاتقانلار بار. ئەمما، ئۇنداقلار سامان بۇغداينى كۆمۈۋەتكەن-دەك، قۇم ـ بوران گۆھەرنى كۆمۈۋەتكەندەك ھالەتكە دۇچار بولماقتا.

بىزنىڭ مۇشۇنداق بولۇمسىزلىقىمىز، قاملاشماسلىقىمىز بىزنى ياقا يۇرتلاردا ھەتتا ئۆز يۇرتىمىزدا ھېچكىم يېقىن يول-ماس، ھېچكىم كۆزگە ئىلماس، ھېچكىم ئىشەنمەس ئارتۇقچە ئادەملەر توپىغا، تۇزۇككىنە قەدىر ـ قىممىتى، يۈز ـ ئابرۇيى يوق مەخلۇقلارغا ئايلاندۇردى. ياقا يۇرتلارغا بارساق كىملىكى-مىزنى كۆرۈپ بىقىپ «كەچۈرسىز، سىزگە ياتاق بېرەلمەيمىز» دەيدۇ؛ ئىشقا ئالىدىغان بازارغا بارساق، خوجايىنلار «كەچۈ-رۈڭ، سىزنى ئالالمايمىز» دېگەن گەپنى خاتىرجەم دەۋېرىدۇ...

مانا بۇ — خارلىق، مانا بۇ سېسىقچىلىق بولۇپ، ئۇنى ئۆزىمىز كەلتۈرۈپ چىقارغان! بۇ ئادەم ئىسراپچىلىقى بولماي نېمە؟ ئەمەلىيەتتە ھەر نەرسىنى: بىر تال داننى، بىر سىنت پۇلنى، بىر تال كۆمۈرنى، بىر تامچە سۇنى، ئۆزىمىزنىڭ بىر تال مويىمىز... بېشىمىزدىن پۇتىمىزنىڭ تىرنىقىغىچە ھەممىنى قەدىر ـ قىممەتلىك قىلىدىغان — ئىسراپ قىلمايدىغان ئۆزىمىز ئىدۇق. كەمبەغەلمىزمىكىن دېسەك، بىزدىن نامرات ئافرىقىلىقلارنى كۆرەيلى؛ سەتمىكىن دېسەك، بىزدىن سەتلەرگە قاراپ باقايلى؛ دۆتمىكىن دېسەك، خەقنى كالۋالىقتا سېسىتىمىز. قىسقىسى، بىزنىڭ ھەر خىل بولمىغۇر قىلىقىمىز — خۇلقىمىز بىزنى سەت ھەم نامراتلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. مەن بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن توختالغان ئىدىم ... مەن يازسام مۇشۇنداق يازىدىكەنمەن ياكى يازماي سىڭگەن نېنىمنى يەپ، ئىسسىق ئومىچىمنى ئىچىپ ئولتۇرىدىكەنمەن. بەزىدە راست گەپ، سەمىمىي مەسلىھەت مۇشۇنداق ئاچچىق بولىدىكەن، قۇلاققا سەت ئاڭلىنىدىكەن! بۇ گەپلىرىم خېرىدارسىز قالماس دەپ ئويلايمەن. ئەمما، بىر تەرەپلىمە گەپ قىلغان بولسام، مېھرىبان، باغرى يۇمشاق خەلق كەچۈرگەي.

## 9. ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى ئىسراپچىلىق

ئەسلىدە كاتتا مۇراسىم، مەرىكىلەردە ھەيۋەتنى نامايان قىلىدىغان ناغرا ـ سۇنايلىرىمىزغا بۈگۈنكى كۈندە نېمە بولدىكىن؟ بىرەر كىچىك بوتكىدا تىجارەت باشلانسىمۇ، بىرەر دۇكاندا ئۆتمەس ماللىرىنى تۆكمە قىلىپ ساتسىمۇ، بىرەرسى مەيخانا، ئىلمىي قىمارخانا ياكى مۇنچا ئاچسىمۇ ئەتراپىدا ئادەم يىغىش ئۈچۈن سۇناي چىرقىراپ، ناغرا تاراڭلاپ كېتىدىغان بولۇپ كەت-

تى! ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى بۇنداق ئىسراپچىلىقلار ئەزۋەيلەپ
باشقا ئىسراپچىلىقلاردىن ئېشىپ كەتتى! ئۇرۇمچىدەك كاتتا سايا-
ھەت شەھىرىدە، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزىدە
كوچىغا چىقساقمۇ، ناخشا، مۇزىكا دەستىدىن خاتىرجەم يول
ماڭغىلى بولماي قالىدۇ. ئەنە شۇ يۇرەككە ھۇزۇر بېرىشكە تې-
گىشلىك ناخشا، مۇزىكا — ھەر خىل ئاۋاز، ھەر خىل تۇراقتا
ياڭراپ، ئالەمنى مالەم قىلىپ، ھېچكىمنى خاتىرجەم كوچا ئارد-
لىغىلى، شېرىن خىيال سۈرگىلى ياكى ئۆزئارا سالاملىشىپ
ئازادە ھال ـ مۇڭ قىلىشقىلى قويمايدۇ. ئۇيغۇر بازارلىرىنىڭ
ئاۋات كوچا ـ رەستىلىرى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ دەستىدىن ئون
توققۇزىنچى ئەسىردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ بازارلىرىدىكى ئات ـ
ئېشەك باغلايدىغان دەڭ ـ سارايلارغا، چارۋامال بازىرىغا ئوخشاپ
قېلىۋاتىدۇ. خۇددى دەڭ ـ سارايدا بىر ئېشەك ھاڭرىسا، مىڭدە،
ھاڭگا، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ئارقىدىن ھاڭراپ كەتكەندەك،
دەڭ ـ سارايلارغا ئات ـ ئېشەكلەرنى باغلىغان بىلەن ئۇنىڭ
زۇۋانىنى ھېچكىم باشقۇرمايدۇ، دەڭجا پەقەت ئورۇن ھەققى،
ساقلاش ھەققىگە چۇشكەن پارچە پۇللارنى ساناشنى بىلسە بولدى!
مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، ئاۋات بازار ـ رەستىلىرىمىزنىڭ ساغلام،
مەدەنىي، تىنچ ـ ئاسايىشلىق ھالىتىگە، شەھەرلىرىمىزنىڭ گۈ-
زەللىك ئوبرازىغا چوڭ نۇقسان يېتىدۇ. «ياخشىدۇر ساز ئۇنى
يىراقتىن پەقەت...» دەيدۇ ئۆمەر ھەييام بىر رۇبائىيسىدا. بىر
مۇھاجىر دوستۇم مۇشۇ ھالەتنى كۆرۈپ شۇنداق دېدى: «باشقا
ئەللەردە كوچىلاردا ئاپتوموبىللار ئۇنلۇكرەك سىگنال بەرسىمۇ،
كىشىلەر ئاممىۋى سورۇنلاردا تاسادىپىي ۋارقىراپ تاشلىسىمۇ،
ھەتتا سىغىز چايناپ ـ پۈۋلەپ ماڭسىمۇ جەرىمانە قويۇلىدۇ. بۇ
يەردە مۇشۇنداق ۋارقىراش ـ جارقىراشلارنى، قالايمىقان خىرىدار
چاقىرىشلارنى باشقۇرىدىغان ئىش يوقمۇ؟ باشقا ئەللەردە چىۋىن
ئۇچسىمۇ، ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، بۇ يەردە بومبا چۈشسىمۇ، ئاڭلاد-

ـمىغۇدەك··· خەيرىيەت، بالىلارغا ئالىدىغان سوۋغاتلارنى باشقا يەردىن ئالاي···» مەن بۇ گەپلەرگە نېمىدەپ جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلەلمەي دۇدۇقلىدىم.

دېمىسىمۇ شۇنداق. نۆۋەتتە رېستورانلار بىلەن كوچىلاردىكى ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا سېتىپ جان باقىدىغان جانباقتىلار كىشىلەرنى ناخشا، ئۇسسۇلدىن بىزار قىلىپ، سېسىق كېكەر- تىشكە ئۈلگۈردى. رادىئو، تېلېۋىزىيىلەرمۇ بىلىم، ئۇچۇر، مە- دەنىيەت تارقىتىشتىن كۆرە ناخشا ـ ئۇسسۇل ئىشلەشتە، ئېلان ئىشلەشتە كۆپرەك بەسلەشتى. ئۇلار تالقانچىلار، سوپۇنچىلار، ئۇسسۇلچىلار، دورىچىلارنىڭ خېرىدار چاقىرىدىغان كارنايلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. خەلقىمىز چىن كۆڭلىدىن سۆيگەن نى ـ نى خەلق ناخشىچىلىرىنىڭ ناخشىلىرى كوچىدىكى سېسىپ كېتەي دەپ قالغان، ۋاقتى ئۆتكەن ئالما ـ نەشپۈتلەردەك تۆكمە قىلىپ سېتىلىۋاتقانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ توپا بېسىپ تۇرغانلىقىنى كۆرمىدۇقمۇ؟ مانا بۇ، ئېچىنىشلىق رېئاللىق! سەنئەتكارلار سۆرىتىنى، ئاۋازىنى سېتىپ كۈن كەچۈرىدىغانلار بۇلارنى تۇزۇك- رەك ئويلىشى كېرەك ئىدى! مانا بۇ، سەنئەتتىكى ئىسراپچىلىق- نىڭ بىر تۈرى.

ئىككىنچىسى، تېخىمۇ غەلىتە: ئەسكى قاپاقتىن سۇ تۆكۈل- گەندەك «ھا···» قىلىپ ئاۋازى چىققانلا ئادەم ناخشىچى، قولنى دولىسىدىن ئېگىز كۆتۈرەلىگەن ئادەملا ئۇسسۇلچى، بىرەر خىل سازنى تىرىڭلىتالىغان ئادەم كومپوزىتور، يانچۇقى جىق ئىشتان، دەسمالسىمان بۆك كىيگەنلا ئادەم فىلىم ئىشلىگۈچى، رېژىس- سور، خەت يازالايدىغانلا ئادەم يازغۇچى، قاش ـ كۆزىنى ئوينىتا- لىغانلىكى ئادەم ئۆزىنى ئارتىس دېسە بولىدىغان بۇ داشقايناق ئىش، ئالتۇندەك مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت كەسپىنى ۋە بازىرىنى كاساتلاشتۇردى. بۇ ساھەلەردە، شاپاق‐قا چىۋىن ئولاش-

قاندەك ئولاشقان ئادەمنىڭ تولىلىقىدىن قايسىسىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەملىكىنى بىلگىلى بولماي قالىدۇ. ناۋادا ھەممىسى ياخشى قىلالايدىغانلاردىن بولسا، گۈل ئۈستىگە گۈل چەككەندەك ئىش بولماسمىدى؟ ھەممىسى ھەممە ئىشنى «قىلالايدۇ»، ئەپ-سۇس، كۆپىنچىسى شۇ ئىشنى ھاردۇق چىققۇدەك، مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قىلالمايدۇ! ئۇنداقلاردا نە كەسپىي بىلىم، نە ئادىمىي-لىك قىممەت، نە ئۆزىنى ئۆزى سورايدىغان روھ، نە نورمال ئەخلاق بولمىسا… كاتتا دۇكان ئېچىپ، ناخشا - ئۇسسۇلنى سېتىپ باي بولۇپ ئېسىل ماشىنىدا ئولتۇرغان بىر خوجايىن قايسى بىر كۈنى ماڭا: «قانداق بولسا نېمە كارىم، پۇل تاپسام بولدىغۇ؟» دەپ خاتىرجەم كۈلدى. ئۇ قاچانغىچە كۈلەركىن تاڭ؟

بۇ نۆۋەتتە يەنە بىر ئىشنى ئايرىم، ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. ئۇ بولسىمۇ كىتابچىلىق. يۇقىرىقى گېپىمىز-نىڭ داۋامى: بىرسى كىتابچى (چىقارغۇچى، ساتقۇچى) بولۇپ پۇل تاپسا، ھەممىسى دوراپ كىتابپۇرۇش بولۇپ، مائارىپقا مەس-ئۇل رەھبەر، ۋالىي، ھاكىم، شۇجى، جۇيجاڭ، مۇدىرلارغا يۆلىنىپ يۇرۇپ مەكتەپتىكى بالىلار ئارقىلىق ئاتا - ئانىلارنىڭ يانچۇقىدىكىنى سىرىپ پۇل تېپىپ، باي بولىدۇ. پۇل تاپتىم، يۈز تاپتىم دەپ، مەڭزىنى پومپىچىكىنىڭ خورىزىدەك قىزارتىپ گىدىيىپ يۈرىدۇ. گەرچە دۆلەت نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىپ نام-رات رايونلاردىكى دېھقان - چارۋىچىلار پەرزەنتلىرىنىڭ مەجبۇ-رىيەت مائارىپى مەزگىلىدىكى كىتاب - ماتېرىيال خىراجىتىنى كۆتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، تۈرلۈك شەكىلدىكى ئانچىلا ئىلمىي قىممىتى ۋە ئىجابىي قىممىتى بولمىغان، دەبدەبىلىك ناملاردىكى گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق «قوشۇمچە ماتېرىيال»، «ياندا شما مەشىق»، «زۆرۈر ئوقۇشلۇق» دېگەندەك نەرسىلەر مەكتەپلەر-نىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ تۇرۇپتۇ… بۇنداق ئادەمنى تەڭقىسلىقتا

قويىدىغان ھالەت ئاددىي خەلقنى، سەبىي باللارنى كىتابتىن
بىزار قىلىدىغان، كىتاب دېسە بېشى ئاغرىيدىغان قىلىپ قويىد-
دۇ! «كىتاب» دېسە، مەكتەپتىكى باللار، ئۆيدىكى ئاتا ـ
ئانىلارنىڭ يۈرىكى سىرقىرايدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. «تۇخۇم
ساتقان، بۇغداي ساتقان پۇللىرىمىزنى گالغا ئىشلىتەرمىزمۇ،
ئۇچىمىزغىمۇ؟ ياكى مەكتەپكە تۆلەرمىزمۇ؟» دەپ يۈرەكئالدى
بولۇشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كىتاب بازىرى قويۇۋېتىلگەن، «ئۆ-
زى پۇل تۆلەپ كىتاب چىقىرىش» مودا بولۇۋاتقان بۈگۈنكى دەۋر
نۇرغۇن ئادەمنىڭ كۆڭلىگە كىتاب نەشر قىلىپ نام چىقىرىشنى،
پۇل تېپىشنى شېرىن ۋەسۋەسە قىلىپ سالدى. بۇمۇ نۆۋەتتە
پاخال كىتاب كۆپ بولۇش، ئەخلەت كىتاب كۆپ بولۇش، تۈزۈك
نەپ تەگمەيدىغان ئادەتتىكىچە كىتاب كۆپ بولۇشنى پەيدا قىلىپ،
ئەقىل ئىسراپچىلىقى، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى، قەغەز ئىسراپچى-
لىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئومۇمەن، ئارىمىزدىكى بىر قىسىم
نادان، تەنتەك، بەتنىيەت ئادەملەر خېلى ئوبدان ئىش، ئوبدان
كەسپلەرنىمۇ سەسكىنىشلىك، ئىناۋەتسىز، سېسىق نەرسىگە
ئايلاندۇرۇشقا ئۈلگۈردى!

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئې-
لىشتۇرىدىغان بۇنداق ئىشلارنى بىر نېمە يېزىپ تۈزىگىلى بولماي-
دىغان دەرىجىگە يەتتى. ناخشا ـ ئۇسسۇل سېتىپ جان باققۇچىلار
ئۆز سەنئەتكارلىرىنىڭ يۈزىنى، تۇرقىنى، سۈرىتىنى سېتىپ
سېسىتىپ بولۇپ، ئەمدى ئۆزبېكنىڭ، تۈركنىڭ، ھىندىنىڭ
يەنە ئاللاكىمنىڭكىنى ئۆزگەرتىپ سېتىپ، مىللىي ئەدەبىيات ـ
سەنئەتتە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزمەكتە. مېنىڭچە،
مىللىي سەنئەتنى ئىسراپچىلىق بىلەن ئۆلتۈرۈۋاتقان، مىللىي
سەنئەتنى ئەبجەش قىلىۋاتقان، مىللىي سەنئەت مۇھىتىنى بۇلغاپ
بۇزۇۋاتقانلارنى دەرھال توختىلاش كېرەك.

## 10. ئوزۇقلىنىش جەھەتتىكى ئىسراپچىلىق

بىرزە قان قويۇق بولۇش، مېڭە قان تومۇرلىرى قېتىشىش، قان بېسىمى يۇقىرى بولۇش، ئاشقازان يارا بولۇش، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، زىيادە جىددىيلىشىش، ھارغىن بولۇش، يۈرەك رېتىمسىزلىشىش، بۆرەك زەئىپلىشىش ... دېگەندەك تۈرلۈك كېسەللىكلەر كۆپ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ئادەملەر ئۆمرىگە ئىشەنچ قىلالماسلىق، دوختۇرخانىغا تولا قاتراش، تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىش، تۈنۈگۈنكى ساپساق ئادەم بۈگۈن يوق بولۇش ... دېگەندەك ئىشلار بىزنى كېسەلچان ياكى قاقسەنەم نامرات قىلىپ تاشلاۋاتىدۇ. ياپياش تۇرۇپ ئايالىلار تۇل، باللار يېتىم بولۇش، خېلىلا ھاللىق ئائىلىلەر مەلۇم بىر ئائىلە ئەزاسىنىڭ كېسىلى تۈپەيلىدىن «بېلى ئۈشتۈلۈپ كېتىش» قىسمىتىگە دۇچار بولۇۋاتىدۇ. ئۆلگەنلەرنى كۆمۈپ، يىغلاپ ـ قاقشاپ ئۇزىتىۋاتىمىز، ئەمما بۇنىڭ سەۋەبىنى سورايدىغانلار، سورىسا دەپ بېرەلەيدىغانلار ئاز بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدا نۇرغۇن سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن، ئەمما مۇھىم بىر سەۋەب: ئوزۇقلۇق تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئوزۇقلىنىشتىكى بىر تەرەپلىمىلىك، ئىلمىي بولماسلىق ئادىتى. ئېنىقكى، ئوزۇقلىنىشتىكى ئىسراپچىلىق بىھۇدە ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. «قارنى يامان ھېيتتا ئۆلەر»، «ئاچلىقتىن توقلۇق يامان» دېگەن ئاتا سۆزى بۇ يەردە ئىسپاتلىنىۋاتىدۇ. ھازىر ئاچلىقتىن ئۆلگەن، ئۆلۈۋاتقان ئادەم يوق. جۇڭگودا ئاچلىقتىن ئۆلگەن ئادەمنىڭ بولماسلىقى دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر مۆجىزە بولسا، يەنە جۇڭگودا توقلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارمۇ ھەيران قالارلىق مۆجىزە بولسا كېرەك.

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنىڭ يېڭىلى-

نىشىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىزدە ئادەملەر سالامەتلىككە، ئوزۇقلى-
نىشقا ئېتىۋار بېرىپ، ساغلام - سۈپەتلىك ياشاش ئادىتىنى
يېتىلدۈرۈشكە باشلىدى. بۇنى ھېس قىلغان دورا سودىگەرلىرى
سۇنئۇي كۆكتەك بىر يۇمىلاپلا «ئوزۇقشۇناس» لارغا ئۆزگىرىپ،
قۇۋۋەت تولۇقلىغۇچى، ئوزۇقلۇق دورا ئىشلەپچىقارغۇچىغا ئايلان-
دى. دوراپۇرۇشلارنىڭ مۇتەخەسسىسلەرنى شىپى كەلتۇ-
رۇپ مەھسۇلاتلىرىنى ماختىشى، پو ئېتىشلىرى كىشىلەرنى
ئاغزىغا قارىتىدۇ ۋە جەلپ قىلىدۇ. تۇرمىغاننى تىك تۇرغۇزۇپ،
قىسقىنى ئۇزارتىپ، سەتنى چىرايلىق، ئۆزۈننى قىسقا قىلىپ،
گاچىنى سۆزمەن، پاشىنى تۆگىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ! بەزىلىرى
«بىر ئوكۇل بىلەن مۇنداق قىلىۋېتىمىز» دەپ كوچىنى بېشىغا
كىيىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا سەكسەن ياشلىق قېرىنى ئون سەككىز
ياشلىقنىڭ جاسارىتىگە ئىگە قىلارمىش!... گەرچە بۇ تەبىئەت
قانۇنىيىتىگە خىلاپ، ئىلمىيلىكى يوق گەپلەر بولسىمۇ، غەپلەت
باسقان، گاڭگىراپ قالغان چاغلاردا بۇ قىسماققا چۈشمىگەن،
بۇنداق ھۆل كېسەككە دەسسىمىگەنلەر ئاز ياكى يوق دېيەرلىك.
مۇشۇ سەۋەبلىك بىھۇدە ئۆلۈپ كەتكەن نادان، ساددا كىشىلەرمۇ
ئاز ئەمەس.

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ئوزۇقلۇقنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى
بىزنى بىھۇدە ئۆلۈمگە سۆرەيدىغان دورغا بولدى. ئوزۇقلۇق تەڭ-
پۇڭلۇقىنى ساقلىيالماي بەدەندىكى ماددىلار تەڭپۇڭلۇقىنى، سا-
لامەتلىك تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان مىڭلىغان بىتەلەيلەر ئىچىدە
مەنمۇ بار. شۇنى بىلدىمكى، ئىنسان ئوزۇقلۇق ئارقىلىق ئۆز
بەدەن تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا، بەدەن تەڭپۇڭلۇقى ئارقىلىق سا-
لامەتلىكنى ساقلاشقا دىققەت قىلىش — جاھاندا ھېچنېمىگە تې-
گىشكىلى بولمايدىغان زور بىلىم ئىكەن. ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە
مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەك - ئىچمەك ئادىتى ئەجدادلىرى-
مىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەن. ئۇنىڭدا بىز

هازىر بىلىشكە، ئىشلىتىشكە تېگىشلىك، ئەۋلادلارغا مىراس قىلىپ قالدۇرۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىكەن. قانداق قىلغاندا ئىنسان ئوزۇقلۇق ئارقىلىق ئۆزىنى تەڭشەپ، ئۆزىنى تەڭشەش ئارقىلىق سالامەتلىكنى ئاسراش مۇددىئاسىغا يېتەلەيدۇ؟ مېنىڭ ساغلاملىقتىن زىيان تارتىپ تاپقان ئەقلىي خۇلاسەم مۇنداق: ئىنسان ئانىنىڭ باغرىدىن تۇغۇلۇپ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندا ئېرىشكەن تۇنجى ئوزۇقلۇق — ئانا سۈتى. ئىنساننىڭ تۇنجى ئوزۇقلۇقى سۈت بولغانىكەن، «ئەتىگەندە نېمە يېسەڭ، كەچكىچە شۇ» دېگەن قائىدە بويىچە سۈتتىن ئىبارەت سېھىرلىك، سىرلىق، كاتتا ئوزۇقلۇق ئىنسان ھاياتىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە «ئۆمۈرلۈك ئوزۇقلۇق» بولۇشى كېرەك. سۈت نەدىن كېلىدۇ؟ ئۇ ئانا تېنىدىن، گۆشتىن كېلىدۇ. ئادەملەر بولسۇن ياكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار بولسۇن، سۈت ئەمگۈچىلەر سۈت ئەممەيدىغانلاردىن كۈچلۈك بولۇپ، دۇنيانى سورايدۇ. سۈت ئېمىپ چوڭ بولىدىغان شىر، يولۋاس، قاپلان، بۆرە، قوتاز... لارنىڭ ھەممە تەرىپى سۈت ئەممەيدىغانلاردىن كاتتا بولىدۇ. ئايروپىلان يېقىلغۇ بولمىسا ئۇچالمىغاندەك، ماشىنا ماي بولمىسا ماڭمىغاندەك، ئادەم بالىسى سۈت بولمىسا ئەي بولمايدۇ، سۈت بولمىسا ماڭمايدۇ. سۈت بولمىسا، تۇرقى ئادەمدەك بولغان بىلەن، ئەقلى ئادەمدەك بولماي قالىدۇ. ھايۋان تەپەككۇر قىلمىغان بىلەن، ئادەم تەپەككۇر قىلىدۇ. سۈت بىلەن كىرگەن تەپەككۇرنى بىز «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي» دەيمىز. سۈت بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن تەڭ چىقىدۇ. بالىنىڭ ئىككى ياشقا كىرگۈچە ئانا سۈتى بىلەن بېقىلىشى ئۇنىڭ تۇنجى ئىنسانلىق قۇۋۋىتىنى شەكىللەندۈرۈش باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئىككى ياشتىن كېيىنكى بالىنى تۆگە سۈتى، كالا سۈتى ياكى قوي - ئۆچكە سۈتلىرى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش بىزدە تەجرىبىدىن ئۆتۈپ ئەنئەنىگە، ئادەتكە ئايلانغان. شۇڭلاشقىمۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىز

چوڭ بولمىغانلارنى «سۈت ئورۇقى» دەيدۇ. سۈت ئورۇقى بو-
لۇش ئاجىزلىقنىڭ بەلگىسى. ئاجىزنى ھەممە باسىدۇ، بوزەك
قىلىدۇ... سۈت دېمەك — ئادەملىك ئوزۇقلۇق، ئادەملىك سۈپەت
دېمەكتۇر. سۈتتىن ئايرىلغان ئادەم سۈتتىن ئايرىلمىغان ئادەمگە
قارىغاندا، چىراي، بوي، ئەقىل، كۈچ، سالامەتلىك جەھەتتىن
تۆۋەن تۇرىدۇ؛ ئوخشاشلا سۈتتىن ئايرىلغان مىللەت سۈتتىن
ئايرىلمىغان مىللەتكە قارىغاندا، چىراي، بوي - تۇرق،
ئەقىل - پاراسەت جەھەتتە تۆۋەن تۇرىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا
ئۇرۇشىدا تەڭلا ۋەيران بولغان ئىككى دۆلەتتە بىرلا ۋاقىتتا
ئىككى ماقالە ئېلان قىلىنغان. يەنى گېرمانلار «گېرمانىيىنى
بىر ئىستاكان سۈت قۇتقۇزۇۋالايدۇ» دەپ، ياپونلار: «ياپونىيە-
نى بىر ئىستاكان سۈت قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ» دەپ ئاممىۋى تەش-
ۋىقات ئېلىپ بارغان. دېگەندەك ئۇ دۆلەتلەر گەرچە ئۇرۇشتا
ۋەيران بولسىمۇ، قەددىنى رۇسلاپ ھەر جەھەتتىن تىرى-
شىپ ئىزدىنىپ، ئۆزىنى قايتا قۇدرەت تاپقۇزۇپ، بۈگۈنكى
كۈنلەردە يەنىلا دۇنيا سەھنىسىنىڭ ئالدىنقى رېتىدىن ئورۇن
ئېلىپ تۇرماقتا. ئەمدى مەن بۈگۈن ئۇلاردىن 70 يىل كېيىن
بولسىمۇ، «بىزنى بىر چىنە سۈت قۇتقۇزالايدۇ» دەپ باقاي!
چۈنكى بىزدە، سۈت - قېتىق ۋە ھەسەل ئىستېمال قىلىدىغانلارغا
قارىغاندا، مەي - شاراپ ئىستېمال قىلىشقا ھەۋەس قىلىدىغانلار
كۆپ بولۇپ كەتتى!

بۇرادەرلەر، قېرىنداشلار، بىز يەنىلا سۈت بىلەن گۆشنى
ئاساس، خېمىرنى قوشۇمچە قىلىپ ئوزۇقلىنىشنى ئادەتكە ئايلان-
دۇرايلى؛ مېۋە - چېۋە، كۆكتات، قارا ئاشلىقنىمۇ نەزەردىن
يىراق قىلمايلى. قورۇغان تاماقنىڭ تەننى، ئەقىلنى، يۈرەكنى
قورۇيدىغانلىقىنى ھېس قىلايلى؛ قورۇمىغان تاماقلار، خام قىيما
تاماق، شورپا، گۆش - ياغلارنى چامغۇر، سەۋزە، پىيازلىرىمىز
بىلەن بىللە خاتىرجەم يەۋېرەيلى. «گۆش - ياغ زىيانلىق» دېگەن

گەپنى ھېلىقىدەك ھەييار دوراپۇرۇشلار تاپقان. بۇلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەرنىڭ، قىرىغىچە كېسەلگە دۇچار بولمايۋاتقانلار-نىڭ، قېرىغىچە كۈچىدىن، ئەقلىدىن، جاسارىتىدىن قالمايۋاتقان-لارنىڭ تەجرىبىلىرى، قىسقىسى، ئۆزىمىز ۋە پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن ساق، خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ياشاش يوللىرىنى ئىزدەي-لى. ئوزۇقلىنىشىمىز ئىلمىي، ئەقىلگە مۇۋاپىق ۋە لايىقىدا بولسۇن.

## 11. ئۇلۇغ سۆزلەش ئىسراپچىلىقى ۋە ھېكمەتلەر كاساتچىلىقى

يېقىندىن بېرى، سورۇن - سەھنىلەردە، مەتبۇئات - ئېك-رانلاردا كۆپىنچە كىشى ئۇلۇغ سۆزلەش - چوڭ گەپ قىلىش ياكى ھېكمەت سۆزلەش مودىغا ئايلىنىپ قالدى؛ شۇنداق گەپ - سۆزلەر بازارلىق بولدى. گەپ قىلىش نۆۋىتىگە ئېرىشكەنلىكى كىشى ئاجايىپ - غارايىپ، ھەيۋەتلىك - دەبدەبىلىك سۆزلەرنى، شوئار توۋلاش تۈسىدىكى گەپلەرنى دېيىشكە باشلىسا، ئاڭلىغان كىشى چۈشىنىشكە - ھەزىم قىلىشقا، نورمال تىنىشقا ئۈلگۈرەل-مەي بۇرۇختۇرما بولۇپ قالىدۇ. تەلەپپۇزى قاتتىق، قۇرغاق، سۇنئىي يامغۇر ياغدۇرۇشقا ئاتقان توپ ئوقلىرىدەك جاراڭلىق چىققان بۇ سۆزلەر باشقىلارغا ھەرگىزمۇ ئاشۇ سۆزلىگۈچى ئويلى-غاندەك كاتتا ھۇزۇر بېرەلمەيدۇ. گەپنى ئۇدۇللا ئېيتساق، يۇقىرىقىدەك بايان قىلىشلاردا ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرىي ئاھاڭ-دارلىق، نەپىس تەلەپپۇز، گۈزەللىك، ئويناقلىق، ئەۋرىشىم-لىك، سالماقلىق، چوڭقۇرلۇق، سۇزۇكلۇك، جەلپكارلىق، سىڭىشچانلىق قاتارلىق بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەر ئۇنتۇلغان ياكى

بۇزۇۋېتىلگەن. ئۇنىڭ ئورنىنى زورۇقۇش، قوپاللىق، شوئار-چىلىق، يېقىمسىزلىق ئىگىلىگەن! بۇ ئەلۋەتتە، بىزدەك بىر قەدىمىي مىللەت ئۈچۈن زور چېكىنىش ۋە زور يوقىتىش. ئېنىق-كى، ئوي - پىكرىمىزدىكى يۈزەكىلىك، بىرتەرەپلىمىلىك ۋە تەلەپپۇزىمىزدىكى بۇزۇلۇش — ئىشەنچسىزلىك، مېھرىسىز-لىك، قوپاللىق ئۇرۇقىنى ئارىمىزغا تېرىيدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى چېچەن، پاراسەتلىك، سۆزگە ماھىر خەلق، باتۇرلۇق قىسسەلىرى، قەھرىمانلىق داستانلىرى، شېرىن رىۋا-يەت - چۆچەكلەر، ماقال - تەمسىل، تېپىشماقلار، بېيىت - قوشاقلار، لەتىپە - چاقچاقلار ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ گۈزەل تەلەپپۇزى، چۈشىنىشلىك بايانى ئارقىلىق قەلبلىرىمىزگە ئور-ناشقان. شىلدىرلىغان بۇلاق سۈيىدەك قەلب ئېتىزىمىزغا سىڭىپ كەتكەن، ئەللەي ناخشىسىدەك مۇڭ ۋە كەڭلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇ ھەرگىزمۇ قۇلاقنا سەت ئاڭلانمايدۇ ياكى تەننى شۈر-كۈندۈرمەيدۇ. ئەكسىچە، شۇنداق يېقىملىق تەلەپپۇز - ئاھاڭلاردا سۆزلەنگەن سۆز، نەسىھەت - مەسلىھەت، تەكلىپ، ئېيتىلغان ناخشا — بىزگە مەستخۇشلۇق، قايىللىق، مايىللىق ئاتا قىلىپ، جاھاننىڭ ھۇزۇرىنى بېرىدۇ.

كىشىلەر ھازىر گەپكە ئۇستا بولۇپ كەتتى، ھەتتا كىچىك باللىرىمىزمۇ چاقماقتەك سۆزلەپ، ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەل-تۈرىدۇ. ئەمما، ئويناپ سۆزلىسەكمۇ، ئويلاپ سۆزلىمىكىمىز، سۆزلەش ئادىتىمىز، يېقىملىق تەلەپپۇزنى بۇزماسلىقىمىز شەرت-تۇر. سۆز يېقىملىق، چۈشىنىشلىك، لىرىكىلىق، ئوبرازلىق، قايىل قىلارلىق... بولسا ئاڭلىغۇچىغا زوق ئاتا قىلالىسا، قانداق ياخشى - ھە؟ ئادەم تېنىدىكى ھۇجەيرىلەر ھەردائىم يېڭىلىنىپ، تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەقىل ھۇجەيرىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، ئەل-ۋەتتە! تەبىئىي ئەقىل پەيدا بولۇش، تولۇقلىنىش - ئۇپراش

جەرياني خۇددى كىچە بىلەن كۈندۈز نۆۋەتلىشىپ تۇرغاندەك ئاي-لانما جەريان. ئەمما، ئاشۇ يۇمران ھۇجەيرە، يېڭىلىنىپ تۇرىدى-غان نازۇك توقۇلمىلار قاتتىق ئاۋاز، زەھەردەك ئاچچىق قورۇمى-لار، قۇۋۋەتسىز يېمەك - ئىچمەكلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئاسان ئۇچرايدۇ. ھەسەلگە ئوخشاش تاتلىق - تۇرۇملەر كىشى كۆڭلىنى ئاچىدۇ، مىجەزنى خۇشخۇي قىلىدۇ، كەيپىياتنى تەڭشەيدۇ. ياخ-شى كەيپىياتتا ياخشى، شېرىن سۆز، ئىللىقلىق پەيدا بولىدۇ. بۇنى ھەرگىزمۇ ئاددىي چاغلىماسلىقىمىز لازىم.

سۆزدىكى، يۇرۇش - تۇرۇشتىكى قوپاللىق بىزنىڭ نۆۋەتتى-كى تۇرمۇش ئادەتلىرىمىز، يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرىمىز بىلەن-مۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئىلگىرىكىلەر، چوڭلار بىز نۆۋەتتە ئادەتلىنىپ كەتكەندەك ئاچچىق نەرسىلەرنى ئاز يېگەن، بىز ئىچىۋاتقاندەك زىيانلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچمىگەن، بىز ھا-شارغا بارىدىغاندەك ئالدىراپ يۈگۈرەيدىغان ئاتالمىش ئولتۇرۇش، قاتار چاي، زىياپەتلەرگە بارمىغان ياكى ئاز بارغان. يېمەك - ئىچمەكتە ئۆزىگە خاس پەرھىز، قائىدىلەرنى قېلىپلاشتۇرۇپ، مىجەزنى تەڭشەشنى بىلگەن. مۇلايىم، قائىدە - يوسۇنلۇق، ھايالىق، خۇشخۇي، ئوچۇق، دادىل بولۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئازادە، كەڭ كىيىملەرنى كىيىشنى تەشەببۇس قىلغان. ھازىرقى-دەك كىيىمى تېشىدىن ئۇياتلىق ئەزالىرىنى كۆرگىلى بولىدىغان نېپىز كىيىملەر؛ بەدەننى قىسىپ، چىڭ-قاپ ھازىرلا يىرتى-لىپ - پارتلاپ كېتىدىغاندەك تۇرىدىغان تار كىيىملەر؛ كىيىمى ئىچىدىكى «داس - تەگلىدىن تېشىپ چىقاي دەپ قالغان قۇيماق خېمىردەك» بولۇپ كەتكەن بەدەنلەر؛ مىللىتىنى، يېشىنى، جىنسىنى كىيىمىدىن پەرەز قىلغىلى بولمايدىغان غەلىتە قىياپەت-لەر بولمىغان... ھازىر شەھەرلەردىكى ئاياللىرىمىز ئىچىدە ئاتال-مىش «مودا قوغلىشىدىغان» ، غەلىتە كىيىنىشكە ھەۋەس قىلى-

دىغان بىر تۈركۈم زامانىۋى ئانىلار خۇددى توك چۈجىسىدەك پەيدا بولدى ۋە كۆپەيدى. ئۇنداقلار چىرايلىق كۆكسى، يۇمشاق ساغرىسىغا بىھۇدە زۇلۇم قىلىپ، سۈت ماڭىدىغان يوللار، قان ئايلىنىدىغان تومۇرلارنى مەجبۇرىي ھالدا قىسىدۇ ۋە زورلاپ كىسەل بولىدۇ! بىر ئۇبدان سۇمبۇل چاچلىرىغا ئارام بەرمەي بوگۈنى بىر خىل، ئەتىسى بىرخىل رەڭدە بويايدۇ، كېسىدۇ... بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى ئۇنىسىز، توختاۋسىز غىدىقلاپ پىسخىكىسىنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ ۋە ئادەمنىڭ سۆزىگە، تەپەككۇرىغا، تۇرمۇش تەرتىپىگە ئۇزلۇكسىز، شەكىلسىز سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ...

خوش، گېپىمىز قوپال سۆزلەش ۋە «ھېكمەت كاساتچىلىقى» ھەققىدە. باشتا قەيت قىلغىنىمىزدەك، سورۇن، سەھنە، مەتبۇئاتلاردا ھېكمەت سۆزلەش ئادەم ئەقلىنى گاراڭ قىلىدۇ. سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ئاغزى ئېچىلىسىلا، تاغاردىن شىغىل تۆكۈلگەندەك، ئۇجمە ئېغىتقاندەك تۆكۈلۈپ بولىدۇ؛ بەزىلىرى بىرتەرەپلىمە پىكىرنىمۇ ھېكمەت دەپ بازارغا سالىدۇ، ھەتتا بەزى مەتبۇئاتلار ئەسلىي تەبئىتىدىن چەتلەپ، ھېكمەت يايمىسى ئېچىپ، يەسلىي باللىرىمۇ پىتەك ساتقۇچى مومايلاردەك ھېكمەت سۆزلەيدىغان بازارغا ئۆزگەردى. بىر قارىسا نورمال، ئاددىي، چۈشىنىشلىك گەپ قىلىدىغان ئادەم قالمىغاندەك! بۇنى يالغۇز مەن دېمىسەممۇ پۈتكۈل جامائەت كۆرۈۋاتىدۇ، بىلىدۇ.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ تەكىتلەيدىغىنىمىز: سۆزلىگۈچى ياكى ئاتالمىش «ھېكمەت» ئوتتۇرىغا قويغۇچى كىم بولسا بولسۇن ئويناپ سۆزلىسەكمۇ، ئويلاپ سۆزلىمىكىمىز، سۆزلەش ئادىتىنى، يېقىملىق تەلەپپۇزنى بۇزماسلىقىمىز لازىم؛ سۆز قايىل قىلارلىق ۋە پاكىتلىق، يېقىملىق، چۈشىنىشلىك، لىرىكىلىق، ئوبرازلىق بولسۇن!

# 12. نام ـ ئاتاق ئىسراپچىلىقى ۋە ئاتاقسىزلىقتىن كەلگەن مەھرۇم قىلىش دىشۋارچىلىقى

(1) گەپنى ئاۋۋال ئاپتونومىيىمىزنىڭ مەركىزى بولغان
ئۈرۈمچىدىكى «دۆڭكۆۋرۈك» تىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. چۈن-
كى، مەندىن تارتىپ ھېچكىم شۇنچە يوغان ۋىۋىسكىلارغا ھەيۋەت-
لىك يېزىلغان «دۆڭكۆۋرۈك بازىرى» دېگەن گەپنى دېگىلى ئۇن-
ماي «ئەردوچو» دەيمىز! ؛ بۇلاقبېشى بازىرى دېگەننى «سەنشى-
خاڭزا» دەيمىز؛ مال بازىرى دېگۈمىز كەلمەي، «نەنمېن» دەي-
مىز؛ «تۇرۇپ» دېگىلى ئۇنىماي، جاڭ چيەن ئۇيغۇرچە ئىسمىنى
خەنزۇلارغا «تۇلوبۇ» دەپ تونۇشتۇرغاندىكى تەلەپپۇز بويىچە
(كېيىنچە ئەھمەدنى ئەمەت دەپ تەلەپپۇز قىلغاندەك ئادەت بويى-
چە) «لوبو» دەپ ئاتايمىز. يېڭىدىن قۇرۇلۇپ ئۈرۈمچىگە ھۆسن
قوشقان، ساياھەتچىلەرنى كۈندىن ـ كۈنگە جەلپ قىلىۋاتقان
«خەلقئارا چوڭ بازار» نى ئەبجەش تىلدا «دا بازار» دەيمىز. ئەمە-
لىيەتتە، بىر كىم شۇنداق ئاتاشقا مەجبۇرلىغان ئىشمۇ يوق! ...
مانا بۇلار ئاڭلىق ـ ئاڭسىز ھالدا ئۆزىنى تاشلىۋېتىش، ئۆزىنى
كەمسىتىش، ئۆزىدىن، نام ـ ئاتاق ـ ئاتالغۇلاردىن ۋاز كېچىش
كېسەللىكى. بۇ بىرخىل ناچار كېسەللىك.

يۇقىرىدىكى بۆلەكتە دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، تارىخىمىزدا سو-
پىزىم يولى، سوپىزىم ئىدىيىسى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەممە
ساھەسىنى، بارلىق ئېسىل نەرسىلىرىنى بۇلغاپ بولغان. سوپى-
زىم ئەل ـ يۇرتنى گاراڭ، ھاماقەت قىلىشقا ئۇلگۇرگەن.
نەغمە ـ ناۋانى ئاۋام ئارىسىدىن چەكلەشكە كۈچەشكەنۇ، شۇ

زامانىنىڭ مائارىپ مەركەزلىرى ـ ئالىي مەكتەپلىرى بولغان مەد-
رىسەلەرنى خانىقا قىلىشىپ تاڭ ئاتقۇچە نەشە چېكىشىپ، داپ
چېلىپ جەررە سالىدىغان ئورۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغان. خەلقنىڭ
نېمىسى ياخشى بولسا، شۇنىڭدىن بەزدۇرۇپ، ئۆزى تارتىۋېلىپ
ئۇنىڭ ھۇزۇرىنى ـ پەيزىنى ئۆزى كۆرگەن. باشقىلارنى «چىراي-
لىق، گۈزەل خوتۇن ئالماڭلار، بولمىسا بۇ دۇنيانىڭ مەئىشىتى-
گە بېرىلىپ كېتىپ، ئۇ دۇنياغا ئېسىلىپ قالىسىلەر» دەپ
قويۇپ، چىرايلىق خوتۇن ـ قىزلارنى ئۆزلىرىنىڭ قورۇلىرىغا
مال ـ چارۋىدەك كۆپ يىغىۋېلىشقان. ئۆزلىرىگە پايدىلىق پەتىۋا-
لارنى داۋراڭ قىلىپ، ئەل ـ يۇرتنى قايمۇقتۇرغان. بۇنىڭغا
قارشى چىققان ھوش ـ كاللىسى بار زېرەك ئادەملەرگە تۈرلۈك
يوللار ئارقىلىق سۇيىقەست، زىيانكەشلىك قىلىشقان. ئادەملەرنى
تىرىك تۇرۇپ گۆرلەرگە كىرىۋېلىشقا، جاھاننىڭ ئىشلىرى بىلەن
كارى بولماسلىققا دەۋەت قىلىشقان... مانا بۇ سوپىزىمنىڭ تەبى-
ئەت قانۇنىيىتىگە خىلاپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىلىقلى-
رى. بىز ئاشۇنداق چاغلاردا قايمۇققان، ئازغان ئاتىلارنىڭ پۇش-
تى ـ ئەۋلادلىرىدىن بولغاچقا، پرىنسىپال ئىشلارغا، نازۇك
ئىشلارغا ئانچە ئېتىبار قىلمايدىغان، بەزى نەرسىلىرىمىزدىن ئا-
سانلا ۋاز كېچىدىغان خۇي بىزگە ئۇدۇم بولۇپ سىڭگەن بولۇشى
ئېھتىمال. شۇڭا، تىلىمىزدىن، سۆزلىرىمىزدىن، ئاتالغۇلىرى-
مىزدىن يەنە قانداقتۇر نەرسىلىرىمىزدىن كۆزىمىزنى مىت قىل-
ماي تۇرۇپ ۋاز كېچەلىسەك كېرەك؟

بىزدە ھازىرمۇ شۇنداق تەتۈر تاناسىپلىق ساقلانما ـ ئايلانمى-
لار بار. مىسال: «بارچۇق» دېگەن نام. باتۇر شاھزادە بارچۇق
تېكىننىڭ نامى بىلەن نەچچە مىڭ يىل «بارچۇق» دەپ ئاتالغان،
مەھمۇد قەشقەرىينىڭ بايانى بويىچە «ئافراسىياپ بىنا قىلغان شە-
ھەر» نامى بىزدە «مارالبېشى» دېگەن نامغا ئۆزگەرگەن. بىز
ھازىر بۇ يۇرتنى مارالبېشى دەپ ئاتىساق، خەنزۇچىدا ئەس-

لىسى — قەدىمكىسى بويىچە «بارچۇق — باچۇ» دەپ ئاتىلىۋاتىد-
دۇ؛ ئۇسۇ، ئۇنسۇ، توقسۇ، سۇلۇغ… دېگەن يۇرت ناملىرىمۇ
شۇنداق. خەنزۇچىدا ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتى بويىچە بۇ
ناملار ئەسلىيىسى بويىچە ئېلىنىدۇ. بىز بولساق، ئۇسۇنى «شى-
خو» ، ئۇنسۇنى ئاقسۇ كونىشەھەر، توقسۇنى «شىنخا» ، قەدىمي
يۇرت سۇلۇغنى «قەشقەر يېڭىشەھەر» دەپ ئاتاپ كەلدۇق. گەرچە
بەزىلىرى ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ تەكلىپى، ئىسپاتلىشى بىلەن
ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار
تۇرمۇشىمىزدا تېخى ئاز ئەمەس. بۇمۇ تەرەققىي قىلماسلىقنى
يېزىقتىن كۆرۈپ، ئۇنى ئۆزگەرتىپ باققاندەك يەڭگىللىكنىڭ
بىر خىل ئىپادىسى. بىر ئەلنىڭ داۋاملىشىشچانلىقى، ئەنئەند-
سى، ئادىتى ئۇچۇن بىر پاجىئە. بۇ يەرگە بىر مۇھىم گەپنى
قىستۇرۇپ ئۆتۈشۈم كېرەك. شۇ تاپتا يېزىق ئۆزگەرتىشنى كۆڭ-
لىگە پۈكۈپ يۈرگەن بىر تۈركۈم كىشىلەر بار. ئاغزىدا دېيەلمى-
گەن بىلەن كوچا ئېلان تاختىلىرىغا، تۈرلۈك بۇيۇملارغا، پلاكات-
لارغا يېزىش ئارقىلىق خۇمارىنى بېسىقتۇرۇۋاتقان ئىشلار بار.
بەس! بىز تارىخىمىزدا يېزىقتىن يېزىققا ئۆتۈشنىڭ زىيىنىنى ئاز
تارتمىدۇق. ئىلگىرى ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىشلەتكەن قەدىم يازمى-
لار، ئاسارئەتىقىلەردىكى يېزىقلارنى ئاتايەن تەتقىق قىلمىغۇچە
ئوقۇيالمايدىغان ھالەت بىزدە شەكىللىنىپ بولدى! يېزىق بىزنىڭ
تەرەققىياتىمىزنى بەلگىلەيدىغان بىردىنبىر نەرسە ئەمەس. بۇ
ھەقتە ئارتۇقچە، بىھۇدە ئىش - ھەرىكەتنە بولمايلى. ئۇنىڭسىزمۇ
بىزدە ئۆزگەرتىشكە، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلار
ساماندەك كۆپ. تارىختا 25 خىل يېزىق ئىجاد قىلغان - ئىشلەت-
كەن ئۇيغۇر خەلقى «باپكار ئىشتانىسىز» دېگەندەك ھالغا چۈشۈپ
قالمىسۇن.

يەنە بىر ئىش: ھەر مىللەت كىشىلىرى بىللە بولىدىغان
چوڭ پائالىيەتلەردە، ھېيت - ئايەم، مۇراسىملاردا مىللىي كى-

يىم - كېچەكلەرنى — دوپپا، تۇماق، كانۋاكۆڭلەكلەرنى كىيىش بۇيرۇلسا، ئۆزىمىزچە قارشىلىق قىلىمىز؛ دوست - بۇرادەر، تونۇشلارغا تېلېفون نومۇرلىرىمىزنى ئۆز تىلىمىزدا راۋان ئېيتىپ بېرەلمەيمىز ھەم ئۇيغۇرچە ئاتاشقا ئادەتلىنەلمەيمىز… تىلنى بۇزۇپ، ئەبجەش قىلىپ سۆزلەيمىز… بۇنداق تەتۈرلۈكلەر، تەتۈر ئىشلار كاللىمىزدا تېخىچە پاكىز مىللىي روھنىڭ، ئېسىل ئەنئەنىنىڭ سۇسلۇقىنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. بۇنداق ئىشلارغا كۆلمەك كېرەكمۇ؟ ياكى يىغلىماق كېرەكمۇ؟ ئەمەلىيەتتە بىز مۇقەددەس تىلىمىزنى ئۆزىمىز خارلاۋاتىمىز، بىھۇدە تۇنجۇقتۇرۇۋاتىمىز؛ ئۆزىمىزنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى ئۆزىمىز دەپسەندە قىلىۋاتىمىز.

(2) ساۋاتلىق كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىلسە كېرەك: ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ «كۆكۆل ئېچىش سورۇنلىرى» دىكى «شىنجاڭ قىزلىرى» — «خان، گۈلى» لارنى، تەمتىرەپ - تېنەپ ئوغرىلىق - يانچۇقچىلىق قىلىپ يۈرگەن، توغرا يولدا ماڭمايۋاتقان نارەسىدە باللارنى ئىچكىرىدىكى ياخشى نىيەتلىك ھەر مىللەت كىشىلىرى ۋە ساقچىلار قۇتقۇزۇپ بولالماي قاقشاپ يۈرۈۋاتسا، پۇلدىن باشقىنى ئۇنتۇپ ئادەملىكتىن يالتايغان ئۇيغۇر بېدىك - دەللاللار مەخپىي يوسۇندا، ھەرخىل نامدا پويىزلاپ - ماشىنىلاپ ئاپىرىۋاتقان سەتچىلىك ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئاشكارىلىنىۋاتىدۇ. ئەمما، بىزنىڭ ئۇنىڭغا پەرۋايىمىز يەلەك! بۇ خىل پەرۋاسىزلىق بىزنىڭ چىرايلىق نام - ئاتىقىمىزنى، تېگىشلىك ئىززەت - نەپسىمىزنى سېسىتىپ بولغاپ بولدى. باشقا يەرلەردە ياتاق بەرمەس، سورۇن بەرمەس، بازار بەرمەس، نورمال ئادەمدەك كۆرمەسلىك قاتارلىق سوغۇقچىلىقلار بىزدىكى مۇشۇ خىل رەزىللىكلەرگە بېرىلگەن ئەمەلىي جاۋاب بولۇپ قالدى. بىزدىكى پۇل بىلەن شوتا ياساپ بېشى ئاسمانغا يەتكەن بايلارمۇ بارغانلىكى يېرىدە بىكارلىق نەرسە تەمە قىلىدىغان،

يالاشقا نەپ ئىزدىگەن ئازگال چىۋىنلىرى بولۇۋېلىۋاتسا، خەق بىزنى دۇرۇس ئادەم قاتارىدا سانىمايدۇ - دە! بارلىق ئادەملىك قىممەت، ئادەملىك پەزىلەتلەرنى پۇلغا، مەنپەئەتكە قانچە زورۇ-قۇپ تېگىشكەنچە ئارزۇغا يېتەلمەيۋاتقانلار؛ ئادەملىك سۈپىتى، ئەقىدىسى بىلەن، ئەخلاقى بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلار بولسا روناق تېپىۋاتقان ئىشلار بىزگە ئۆرنەك بولۇشى كېرەك ئىدى. ئىچكىرىگە قىز سېتىپ، «بالاڭزا» سېتىپ، پۇلىغا زەھەر ئەپ-كېلىپ يۇرتىدا «سۇ قىلىۋاتقان» مۇناپىق بېدىكلەرنىڭ گاداي، ئەبگار تۇرقلىرى بىزگە ئەينەك بولۇشى كېرەك ئىدى!

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، بىزدىكى تىلغا، ئاتالغۇغا، ئاتاققا پەرۋاسىز قارايدىغان ئىشلار بىزنى بىھۇدە ھالاك قىلىدۇ؛ بىز يولدىن ئېزىۋاتقان - ئازدۇرۇلۇۋاتقان قىزلىرىمىزغا، ئالدىنىۋات-قان، ئېلىپ قېچىلغان سەبىي بالىلىرىمىزغا ئىگە بولۇشىمىز، مەسئۇل بولۇشىمىز، بۇنداق ناچار ئىشلارغا دادىللىق بىلەن قار-شى تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنداق ئاپەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك ئىدى. چۈنكى، بۈگۈنكى زۇكام — ئەتىكى يۇرەك تىقىلمىسىنىڭ، بالدۇر ئۆلۈشنىڭ سىگنالى بولۇپ قالىدۇ. بىز ھايا - نومۇسنى بىلمىگەننى، ئۆز بالىسىغا ئىگە بولماسلىقنى، سورۇن تاللىماي بەتقىلىقلىق قىلىشنى «ئېشەك» دەپ تىللايمىز. بىز ئەمدى ئۆز بالىلىرىمىزغا، نام - ئاتىقىمىزغا ئىگە بولمىساق، ئۇنداقتا نېمە بولىدىكەنمىز؟ نۆۋەتتە كەلگەندە قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەك: «ئەتلەس»، «مەشرەپ»، «مۇقام»، «ئەنجۈر»، «دولان» قاتارلىق نەچچە مىڭ خىل ئاتالغۇ، مەدەنى-يەت بەلگىلىرىمىز ئالدىن كۆرەر كىشىلەر تەرىپىدىن ماركا قى-لىپ قانۇنلۇق ئەنگە ئالدۇرۇلۇپ، بازاردا كاللەك - كاللەك پۇلغا سېتىلماقتا. ئۇلارنىڭ ئەقلىگە قاراڭ، ئۇ نام - ئىسىملار بىراۋغا لازىم بولغاندا، رازى بولغۇدەك پۇل تۆلىمىسە خالىغانچە ئىشلىتەلمەيدۇ...

# 13. بالا تەربىيىلەشتىكى ئىسراپچىلىق

بالا دەردىدە غەم يېمەيدىغان بىرمۇ نورمال ئائىلە يوق. بىزدە بالىلىرىمىزدىن، ئۇلارنىڭ تەقدىر - كېلەچىكىدىن ئەنسىرەپ ئويلىمىغان ئوي، سورىمىگەن خىيال، چىقمىغان دۆڭ، كىرمىگەن ئويمان قالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ بالا ھەققىدىكى دەرد - غەم ئاشسا ئاشىدىكى، ئازلىمىدى؛ ئېغىرلاشسا ئېغىرلاشتىكى، يېنىكلىمىدى. ئەمەلىيەتتە، بالا تېپىپ ئۇنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلەش، چىرىقىمىزنى ئۆچۈرمەيدىغان ئىزباسار قىلىپ يېتىشتۈرمەك ئىشى — ئويىنىشىدىغان، چاقچاق قىلىدىغان ياكى ئالدىرىماي ئويلىشىدىغان ئىش ئەمەس! بۇ ئەڭ باش ئاغرىتىدىغان، ۋاقتى كەلسە بىزنى سەرسان - ۋەيران قىلىدىغان، خوشىمىز يوققا ئىگىلدۇرۇپ، بارمايدىغان تۇگمەنگە يەتتە قېتىم بارغۇزىدىغان ھەم ھارغۇزىدىغان تەخىرسىز - سەۋرسىز تېما.

بالىلارنى كىم تەربىيىلەيدۇ؟ ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن ئۇنى ئىشلەپچىقارغان خوجىدار — ئاتا - ئانا، ئاندىن مائارىپ ۋە جەمئىيەت تەربىيىلەيدۇ! خوش، بالا تەربىيىلەيدىغان ئاتا - ئانىلارنىڭ دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، ئەخلاق قارىشىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشاپ كەتمەيدىغانلىقى ئېنىق. ئۇنداقتا مائارىپچۇ؟ بالىلىرىمىزنى تەربىيىلەۋاتقان مائارىپنىڭ بالىلارنىڭ ياشاش - ئىشلەش ئىقتىدارى، بىلىم - ئەقىل ئىقتىدارى، ئەخلاق - ساپا ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇشتىكى رولى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ ئوقۇغانلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئۆز جېنىنى بېقىپ كېتىش ھالىتى قايسى دەرىجىدە؟ بۇ ھەقتە توختىلىشتىن كۆرە، بالىلىرىمىزنىڭ رېئال ھالىتىگە نەزەر سېلىپ باقايلى. بالىلىرىمىز مەيلى ئۆيغۇرچە ئوقۇسۇن ياكى خەنز-

ىزچە ئوقۇسۇن، مەيلى كومپيۇتېر ئىشلىتىشنى ياكى ئىنگلىز-
چىنى بىلسۇن، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازارلىرىدا ئانچە خېرى-
دارلىق بولالمىدى؛ ئالىي مەكتەپلەرنى «پۈتتۈرگەن» بىرمۇنچە
بالا ئائىلىلەرگە ئېغىر يۈك بولدى. چىرايلىق قىزلار ئىشرەتخا-
نىلارغا، ئوغۇللار ئاشخانىغا، قالغانلىرى ناۋايخانا، قۇشخانا دې-
گەنلەرگە ئاران كىرەلىدى. بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتالمىغانلىرى
بولسا، ئوغۇللىرى كىتاب ئوقۇشتىن باشقا جىسمانىي ئەمگەككە
يارىمايدىغان ئاقنانچى - نانقېپىغا ئايلاندى. كىچىكلىكىدە چۆچۈرە
بولسىمۇ تۈگەلەيدىغان قىزلار ئەمدى توختىماي كالپۇك بويايدى-
غان، پادىچىلار ئىشتىنىنى كېيىپ ساغرىسىنى تولغايدىغان جىڭ-
گىل چاچلارغا ئۆزگەردى. بەزىلىرىگە ئۆزى چوڭ بولغان يۇرت -
مەھەللىسىگە قايتقۇسى كەلمەي، ئوقۇغان مەكتىپىنى چۆرگى-
لەش، شەھەرلەردە ياشاشنىڭ، ياشلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈش مودا
بولدى! بەزىلىرى توغرا يولدىن ئېزىپ، كەيپ - ساپا، جىنايەت
يولىغا مېڭىشتى… مانا بۇلار بىزدىكى ئاتالمىش «ئالىي مەكتەپ
بالىلىرى». دەۋاتقانلىرىم توقۇلما - سەپسەتە ئەمەس، بەلكى
ئەمەلىيەت. بۇنىڭ باشقا سەۋەبى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە سەۋەبسىز ئىش
بولمايدۇ. بىرى، مائارىپىمىزدا زامان تەلىپىگە، دەۋر رىقابىتىگە
ماس يېڭىچە بىلىم - ئۇچۇر ئاز؛ دەرسلىكلەرنىڭ يېڭىلىنىشى
ئاستا، ئۆگىتىلگەن نەرسىلەردە نەزەرىيە كۆپكى، ئىشلىتىش -
پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى ھەم دەرھال ئەسقاتىدىغان تەرەپ
ئاز؛ شۇنىڭدەك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، بىلىم يې-
ڭىلىشى يېتەرلىك ئەمەس. يەنە بىرى، بالدۇرقىدەك «ئوقۇغان-
نىڭ ھەممىسى ئىشقا ئورۇنلىشىدىغان دەۋر» كەلمەسكە كەتتى،
ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرى تارىيىپ، رىقابەت كەسكىنلەشتى؛
ئىش ئۈنۈمى، ئىش سۈپىتى، ئىش سۈرئىتىگە بولغان تەلەپ
ھەسسىلەپ كۈچەيدى؛ ئەپلەپ - سەپلەپ مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرگە
ئىش ئورنى قالمىدى! ئۈچىنچىسى، ھوقۇق - مەرتىۋە ياكى

پۇل ـ مالغا تايىنىپ ئىشقا ئورۇنلىشىۋالغانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز ئىش ئورۇنلىرىدا بىجانىدىل، راۋۇرۇس خىزمەت قىلالماي، تاپشۇرۇلغان خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالماي، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامىنى بۇلغىۋەت- تى، جەمئىيەتنىڭ ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان ئىشەنچىنى زور دەرىجىدە سۇسلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ياخ- شى ـ يامان، پىششىق ـ تولۇق ھەممىسى بىر تاياقتا ھەيدىلىش قىسمىتىگە دۇچار بولدى. نەتىجىدە، نامرات، قولى قىسقا ئاتا ـ ئانىلاردا مائارىپتىن گۇمانسىراش، ئىشەنچ قىلالماسلىق، بالا ئوقۇتۇشقا قىزىقماسلىق ـ سوۋۇش ھالىتى پەيدا بولدى. قول ئىلكىدە بارلار بالىلىرىنى يۇرت ئاتلاپ ئوقۇتۇشقا ھەرىكەت قى- لىش، «ئالتە شەلىك» لەر ئۇرۇمچىگە، ئۇرۇمچىلىكلەر ئىچكى- رىگە ياكى چەت ئەلگە قاچقىش، شۇ ئارقىلىق بالىلارغا چىقىش يولى ئىزدەش بىر خىل يۈزلىنىش بولۇپ شەكىللەندى. بالىلىرى- نى چەت ئەلگە چىقىرىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلەر خۇشال بولغان بولسىمۇ، بالىلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرى خەلقئارادا ئانچە ئېتىراپ قىلىنمىغاچقا، ھەممىنى نۆلدىن باشلاشقا توغرا كەلدى... ياقا يۇرتلاردا ئوقۇماقچى بولغان شۇ بالىلارنىڭ بەزىلى- رى پۇلسىزلىق، يولسىزلىق، ۋەتەنسىزلىك، سەرسانلىقنىڭ تە- مىنى تېتىشقا ئۈلگۈرۈپ، خەير ـ ساخاۋەت ئورۇنلىرىغا، دىن ئۆزگەرتىسە پۇل بېرىدىغان چېركاۋلارغا كىرىشكە مەجبۇر بولدى... بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزدە بالا تەربىيىلەش جەريانىدىكى ئاۋارىچىلىق بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

پەرزەنتلەرنى يارامىلىق، قەيسەر، جاسارەتلىك، ۋاپادار، ئەنئەنىگە سادىق ۋە ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەش ھەممىمىزنىڭ ئۈمىدى ھەم ئارزۇسى. بىز ئۇلارنى قانچىلىك ياخشى تەربىيىلىسەك، قانچىلىك ياخشى ئوقۇتساق، ئەجرىمىز بىكارغا كەتمەيدۇ؛ يۈزىمىز يورۇق، ئىشلىرىمىز ئوڭ بولۇپ

ماڭىدۇ. مەن بۇ يەردە بىر مۇھىم مەسىلە، نازۇك نەرسە ئۈستىدە خالىس ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ باقاي: باللارنى قايسى يوسۇندا، قايسى ئورۇندا تەربىيىلەيلى، ئاتا ـ بالىلىق مېھىر ـ مۇھەببەت ھەرگىز سۇسلىشىپ قالمىسۇن؛ باللار ئاتا ـ ئانىسىنى، يۇرت ـ مەھەللىسىنى، ئۇرۇق ـ تۇغقىنىنى بىلەلمەيدىغان توك چۈجىسىدەك ياكى خالىغانچە كونترول قىلغىلى بولىدىغان ماشىنا ئادەمدەك چوڭ بولمىسۇن؛ بىز مىللىي ئەنئەنە، مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ياراتمايدىغان پەرزەنتلەرنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىپ قالمايلى. باللىرىمىز ئۇيغۇرنىڭ پۇشتى بولغانىكەن، ئۇيغۇرنىڭ تىلىنى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى، مەدەنىيىتىنى، تۇرمۇشىنى بىلىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان ـ قەدىرلەيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنىدىغان باللار بولۇپ يېتىلسۇن!

## 14. تەبىئەت بۇلغىنىشى ۋە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بۇزۇلۇشى

گەپنى تۇرمۇشىمىزغا بارغانسېرى چوڭقۇر سىڭىپ كىرىۋاتقان يالتىراق ـ سۇلياۋدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق، قوللىرىمىزدا كۆتۈرۈپ ئۆيلىرىمىزگە ئەپكىرىۋاتقان، تاملىرىمىزغا چاپلاۋاتقان، يېيىش ـ ئىچىشكە ئىشلىتىۋاتقان قاچا ـ قۇچا، قول قاپ، يېمەكلىكنى پاكىز ساقلاشقا ئىشلىتىۋاتقان نېپىز پەردە ـ سۇلياۋ! بىز ئۇنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن ئەخلەتخانىغا تاشلىساق، شامال چىققاندا باش ئۈستىمىزدە ئۇچۇپ، پاكىز ئۆستەڭ سۇلىرىنى، ئېتىز ـ باغلارنى، مەھەللە ـ يۇرتنى بۇلغاۋاتقان سۇلياۋ! سۇ، شەربەت، ئۇسسۇزلۇق ئىچىدىغان قاچىمىز، ماي تۇڭىمىز، سىرتتىن ئۆيگە توشۇيدىغان كۆكتات، مېۋە، گۆش، ئىشتان ـ پايپاق... ئىشقىلىپ ھەرقاند-

داق نەرسىمىز ئۇنىڭدىن خالىي ئەمەس. ئۇ ھەتتا يوتقان ـ كۆرپە، ئىچ ـ تاش كىيىملىرىمىزگە، كىچىلىك تۇرمۇشقىچە سىڭىپ كىرىپ بولدى... بىز ئۇن ـ تىنسىز، ئۆز رازىلىقىمىز بىلەن بۇ جاھانگىر يىرتقۇچنى قوبۇل قىلىپ ئۇلگۇردۇق.

سۇلياۋ قانداق نەرسە؟ پەن ـ تېخنىكا نۇقتىسىدىن بۇ بىر يېڭى تېخنىكا، يېڭى كەشپىيات، ئەلۋەتتە. ئەمما بۇ يەردە بۇنداق بىر بايانىي قوشۇمچە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا نورۋېگىيىلىك ئالىملار دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان بىر بايقاشنى ئوتتۇرىغا قويغان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپادا نوپۇسنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، ئادەملەر بولۇپمۇ ئەرلەر-نىڭ بەدەن قۇۋۋىتى، ئەرلىك جاسارەت جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئاجىزلىشىشنىڭ كۆرۈلۈشى، تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ ئىلگىرىكى-دىن بوشاڭ بولۇشى... قاتارلىق نورمالسىزلىقلارنى ياۋروپالىقلار تۇرمۇشىدىكى ئىككىنچى چوڭ زەھەر — سۇلياۋنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئىسپاتلىغانلىقىنى جاكارلىغان! بۇ ئىشتىن كې-يىن ياۋروپا ئالىملىرى ئارىسىدا «سۇلياۋ» نى چۆرىدىگەن ھالدا بەس ـ مۇنازىرە قوزغالغان. ھەرقايسى جايلاردىكى ئالىملار بۇ ھەقتە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، نورۋې-گىيىلىك ئالىملارنىڭ بايقىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە ئىنسان ھاياتى ھەم ساغلاملىقى نۇقتىسىدىن «خىمىيىلىك ئوغۇت بى-رىنچى زەھەر، سۇلياۋ ئىككىنچى زەھەر» دەپ مۇقىملاش-تۇرغان.

شۇ ئىشتىن كېيىن سۇلياۋ بۇيۇم (خالتا)، خىمىيە تالالىق رەختلەر ۋە خىمىيىلىك ئوغۇت ياۋروپالىقلارنىڭ يېمەك ـ ئىچ-مەك، كىيىم ـ كېچەك ساھەسىدىن تازىلاپ چىقىرىلىشقا باشلى-غان؛ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا سۇلياۋ خالتا ئورنىغا قەغەز خالتا، سۇلياۋ باك ـ چېلەك ئورنىغا ياغاچ، ساپال تۇڭ، سۇلياۋ بوتۇلكا ئورنىغا ئەينەك ـ شىشە ئىشلىتىش ئومۇملاشقان. خىمىيۋى

ئوغۇتنىڭ ئورنىغا قىغ، ھاشارات يوقىتىش دورىلىرى ئورنىغا تەبىئىي ھاشارات يوقاتقۇچلار ئىشلىتىلگەن. ھالبۇكى، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى ئىقتىسادى ئاجىز، نوپۇسى كۆپ، تەرەققىياتى ئاستا نامرات ئەل ـ رايونلاردا «سۇلياۋلىق ۋە خىمىيىلىك ئوغۇتلۇق تۇرمۇش» تېخىمۇ بازارلىق بولغان...

ئۆزىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، گەرچە بۇ نەرسىلەرنىڭ بىزگە كىرگىنىگە بەك ئۇزاق ۋاقىت بولمىغان بولسىمۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كەم بولمىدى. ياۋروپالىقلارغا زىيان قىلغان ئاشۇ نەرسىلەرنى تۆردىن پەگارغىچە، پۇتىمىزنىڭ ئۇچىدىن بېشىمىزغىچە تاج قىلىپ قىسىپ، بۆك، پايپاق قىلىپ كىيىشتۇق... شۇ سەۋەبلىكمۇ باشقا يەردە يوق غەلىتە، غارايىپ كېسەللىكلەر بىزدە كۆپ بولدى. بىر قارىسا، يۇرتلار گويا دورىگەرلەرنىڭ تەجرىبە بازىسىغا، تەتقىقات ئېتىزىغا، ئادەملەر تېنى تەجرىبە چاشقىنىنىڭ تېنىگە ئوخشاپ قالغاندەك تۇيۇلىدۇ. دېمىسىمۇ ھازىر ھەممە جايدا دوختۇرخانا، «داڭلىق دوختۇر»، «نەچچە ئەۋلاد مەخپىي رېتسېپ ۋارىسى» دېگەنلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. شۇنداق ئېلانلارنى نەچچە قەدەمدە بىر ئۇچرىتىش ياكى ئاڭلاش مۇمكىن. شۇنداقلا ئاۋۋال يانچۇقتىكى پۇلنى، كېيىنچە تەندىكى ئىسسىق جاننى تۇيدۇرماي ئالماقتا. بۇمۇ ئىسراپچىلىقمۇ؟!

ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ئىچىدىغان سۇيىمىز خىمىيىلىك تازىلانغان سۇلياۋ تۇرۇبىلاردا ئاقىدۇ، ئۇنلىرىمىز خىمىيىلىك ئاقارتقۇچلاردا ئاقارتىلىپ، شۇنداق قاپ ـ خالتىلارغا قاچىلىنىدۇ، سۇ مايلىرىمىزمۇ خىمىيىلىك سۇزۇلدۇرگۈچ ماددىلار ئارقىلىق سۈزۈلدۈرۈلىدۇ، سۇلياۋ باك ـ تۇڭلارغا قاچىلىنىدۇ. تۇزلارمۇ شۇنداق... بۇلار گېلىمىزدىن ئۆتۈپ، تېنىمىزگە سىڭىشىۋاتىدۇ، قانلىرىمىزنى دۇغلاشتۇرۇۋېپ، يۈرەك، بۆرەك، جىگەر... لىرىمىزنى بالدۇر سېسىتىۋاتىدۇ... ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلىرى يۇرتى دېگەنلەر يوقىلىپ، ياپياش تۇرۇپ مەزى

بېزى كېسىلى بولۇپ، دورىغا تايىنىپ خوتۇن ئالىدىغان ئىشلار ئاۋۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇمۇ «يىگىتى بوش، ئايالى شاش...» دېگەندەك ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ، تەبىئەت بۇلغىنىشىنىڭ ئىنسان تەبىئىتىنى بۇلغىشى ۋە ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن ئەكس تەسىرى؛ كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ زەھەر ئىچىۋاتقاندەك ئىش، ئۆزىمىز چىللاپ تېپىۋاتقان ئۇنىۋېرسال ئىسراپچىلىق! ئومۇمىي جەمئىيەت خاراكتېرىدىكى، جىددىي مۇئامىلە قىلىش ـ تۈزەشكە تېگىشلىك ئىش...

خوش، بەزى سۇلياۋ بىلەن بولغان ھازىرقى ئاشىنىدارچىلىقنى ئۈزەلەمدۇق ياكى ئۇنى ئۇ ئاغزىمىزدىن كىرىپ بۇرنىمىزدىن چىققۇچە داۋاملاشتۇرامدۇق؟ تەبىئىيلىككە ھۆرمەت قىلىپ، تەبىئىي، زىيانسىز نەرسىلەرنى تونۇش، ئىشلىتىشكە ھەرىكەت قىلامدۇق ياكى ئۆزىمىز ۋە ھاياتىمىز بىلەن كارىمىز بولمامدۇ؟... تەبىئەتنى سۆيۈش ـ ئاسراشنى، پاكىزلىقنى ئۆزىمىزدىن ئەۋلادلارغا مىراس قىلىپ يەتكۈزەلەمدۇق ـ تەبىئەتنى بارغانچە بۇلغاپ ئۆتەمدۇق؟... بۇلار ھەر بىرىمىزنىڭ ئالدىدىكى ۋەزنى ئېغىر سوئاللاردۇر.

## 15. مەسئۇلىيەت ـ بۇرچ ئىسراپچىلىقى

ھەر قانداق نەرسىدە مەۋجۇت بولۇش ـ ياشاش ھوقۇقى بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئۆزىگە مۇناسىپ ۋەزىپە، مەسئۇلىيەت، بۇرچ بولىدۇ. بۇ، ئادەمدىن ھاشاراتلارغىچە، گىياھتىن ئورمانغىچە، تامچە ـ شەبنەمدىن دەريا ـ دېڭىزغىچە ئورتاقتۇر.

ئۇنداقتا ئادەملەرنىڭ مەسئۇلىيەت، بۇرچى قانداق بولۇشى كېرەك؟ مېنىڭچە، مۇشۇ ئالەمدىكى ئادەملەرنىڭ پايدىلىنىشىغا يارىتىلغان، ئادەم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھاۋا، سۇ، تۇپ-

ىراق، تاغ، دەريا، ئورمـان، دېـڭىزدىن تارتـىپ قۇياش، يۇل-
تۇز... غىچە ھەتتا گۈل ـ گىياھ، ھاشاراتلارغىچە ھەممىسىدىن
مۇناسىپ پايدىلىنىپ بەھرىلىنىش؛ شۇنىڭدەك ئۇلارنى ئاسراش،
قوغداش، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭغا بىھۇدە بۇزغۇنچىلىق ـ زىياد-
كەشلىك قىلماسلىق؛ ئىنسان بىلىشكە تېگىشلىك نەرسىنى بى-
لىش، قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىنى قىلىش — ئادەمنىڭ مەسئۇ-
لىيىتى ۋە بۇرچى بولۇشى كېرەك.
ئادەم — بۇ دۇنيادىكى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە
ئاساسلىق ئەقىللىق مەخلۇق بولۇش سۈپىتى بىلەن، تەبىئەت
قوينىدا زور بەھىر ـ ئىمكانلارغا ۋە ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. ۋەھا-
لەنكى، كەڭ تەبىئەت دۇنياسى مۇئەييەن قانۇنىيەت ئۈستىگە
قۇرۇلغان، شەيئىلەر ھەرىكىتى ياكى مۇناسىۋىتى مۇئەييەن قانۇ-
نىيەت ئاساسىدا داۋاملىشىدۇ. ئالەمدىكى بارلىق نەرسىلەر دۇنيا-
نىڭ ئورگانىك تەشكىل قىلغۇچىسى بولۇپ، ئورتاق ـ تەڭ مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرىدۇ.
مۇنۇ مىساللار بىزگە تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قى-
لىش، ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىق كېرەكلىكىنى كونكرېت
ھېس قىلدۇرۇپ بېرىدۇ. ھېكايەت قىلىنىشىچە، 20 ـ ئەسىر-
نىڭ 70 ـ يىللىرىدا ئامېرىكىلىقلار: «چىۋىن پاسكىنا نەرسىلەر-
گە قونىدىغان، ھەتتا نىجاسەتتىن ئۇچۇپ كېلىپ يېمەكلىكلەرگە
قونىدىغان، كېسەللىك مىكروبى تارقىتىدىغان زىيانداش» دەپ
قاراپ، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق چىۋىننى يوقىتىۋەت-
كەن. ئەمما، چىۋىن يوقىتىلغاندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەت-
راپنى — ھەممە يەرنى سېسىقچىلىق قاپلاپ كەتكەن. بۇ سېسىق-
چىلىق ئالدىدا ئىلغار تېخنىكا ياكى باشقا چارە ـ ئامال كارغا
كەلمەي قالغان. ئالاقىدار تارماقلار بۇ ئىشنىڭ «چىۋىننىڭ مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرۇشى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلىشقاندىن كېيىن، ئاخىرى ئىسپانىيىدىن چىۋىن ئىم-

پورت قىلىشقا مەجبۇر بولغان… ئامېرىكىدا چىۋىننىڭ ياشاش ھوقۇقى ئېتىراپقا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇ سېسىقچىلىقمۇ يو- قالغان.

يېڭى زېلاندىيە بىلەن ئاۋستىرالىيىدە بۆرىلەرنىڭ قويلارنى كۆپلەپ يەپ كېتىشىگە تاقابىل تۇرۇلۇپ، بۆرىلەر قىرىپ تاشلان- غان. بۆرە بولمىغاندىن كېيىن چارۋىچىلار ئارام تاپقان بولسىمۇ، چارۋىلارنى قوتۇر بېسىش، دېۋەڭ بولۇش، بوغاز بولماسلىق ئەۋج ئېلىپ، چارۋا سانى، سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن. ئالىملار تەتقىق قىلىپ بۇنىڭ يايلاق – داللاردا بۆرىنىڭ بولماسلىقى، بولۇپمۇ بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ماشىنا بۆرە ياساپ ھۇۋلاتقان — بۆرە ئاۋازىنى كارناي ئارقىلىق يايلاقتا ئاڭلاتقان بولسىمۇ، بۇ ئىش كار قىلمىغان. ئاخىرىدا باشقا جايلاردىن بۆرە ئەكىلىپ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا توغرا كەلگەن. بۇ تەبىئەتتىكى بىر ھادىسە، ئەمما تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى!

ئادەملەرمۇ شۇنداق. ئادەملەر ئارىسىدىمۇ مۇئەييەن تەڭپۇڭ- لۇق بولىدۇ. مىسال: جەمئىيەتتە ئاجىزلار بىلەن كۈچلۈكلەر تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. يۇقىرىقىدەك، كۈچلۈكلەرنىڭ ئا- جىزلارنى زورلۇق بىلەن ياكى سۈنئىي ئۇسۇلدا يوقىتىۋېتىشى — ئۇنىڭ ياشاش – مەۋجۇت بولۇش ھوقۇقىنى يوق قىلىۋېتىشى ئەخمىقانىلىك، نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. كۈندۈزنىڭ كۈندۈزگە لايىق ھېكمىتى، كېچىنىڭ كېچىگە لايىق قىممىتى بولغاندەك، ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۆز ئورنى، رولى، پايدىسى بار قىلىپ تەڭشەلگەن، بۇ تەبىئىيلىك بۇزۇپ تاشلانسا، شەك- سىزكى، ئويلىمىغان يامان ئاقىۋەتلەر پەيدا بولىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، كۈچلۈكلەردە ئاجىزلاردىن پايدىلىنىش ھوقۇقى بو- لۇش بىلەن يەنە ئۇنىڭ ياشاش – مەۋجۇت بولۇش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، دەخلى – تەرۇز قىلماسلىق مەسئۇلىيىتىمۇ

بولىدۇ... ئاجىزلار بولمىسا، كۆچلۈكلەر ئىلھامنى نەدىن ئالى-دۇ؟ كۆچلۈكلەرلا ياشاپ، ئاجىزلار يوقىتىلىدىغان ئىش بولسا، دۇنيانىڭ قىزىقى بولماي قالىدۇ.

خوش، بىز مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، بىر ئاتىنىڭ مەسئۇلىيەت، بۇرچى: ئائىلىسىنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش — ئۆيدە ئاجىز ھېسابلانغان بالىلىرى، بالىنىڭ ئانىسى، چوڭ ئانا - چوڭ دادا... ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىسىنى ئوخشاش كۆزدە كۆرۈپ، قوغداپ - ئاسراپ بېقىش بولغانغا ئوخشاش؛ بىر يۇرت، بىر مەھەللە، بىر ئەلدە چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارغا، بايلارنىڭ گادايلارغا، بەگلەرنىڭ ئاۋامغا مەسئۇل بولۇش، ئۇلارغا كۆيۈ-نۈش، ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى بولىدۇ. بىر ئۆي-نىڭ ئاش - نېنىنى يەپ، ئىشى بىلەن كارى بولماسلىق؛ بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، دەريا ئېقىنى، دامبىسى بىلەن كارى بولماسلىق؛ مېۋىسىنى يەپ، مېۋىلىك باغ بىلەن كارى بولماسلىق؛ گۆشنى يەپ، چارۋا بىلەن، بايلىقى بىلەن كارى بولماسلىق؛ ئېتىنى مىنىپ، ئاتنىڭ بوغۇزى - يېمى بىلەن كارى بولماسلىق... تەبىئەتكە قىلىنغان ئاسىيلىق، ئۆزىگە قىلىنغان مۇناپىقلىق ھېسابلىنىدۇ! بۇنداق راھەتنى كۆرۈۋېلىپ، جاپا-سىدىن قېچىش، ساختىپەزلىك قىلىش، تۈكى يوق باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ ئۆزىنى ئاقلاش قاتارلىق شەكىللەر چىن ئىنى-سانغا يات ئىش بولۇپ، «مەسئۇلىيەت - بۇرچىنى ئۇنتۇش ياكى ئۇنىڭدىن قېچىش» دېگەن ئەنە شۇدۇر. بۇنداق مەسئۇلىيەتسىز-لىكنى سادىر قىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە كوچىدا خاتىرجەم مېڭىش، يۈزىنى داپتەك ياكى پولۇدەك قىلىپ يەنە ئاق - كۆك دەپ باشقىلارغا قول شىلتىش... دۇنيادىكى ئەڭ زور لاۋزىلىق - بەتتەملىك، ئۇياتسىزلىقتۇر.

ھەر كۈنى، ھەر سائەت، ھەر تىنىقتا كۆرگەن راھەتنىڭ

جاۋابكارلىقى، مەسئۇلىيىتىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بالانس قىلىپ ماڭالىغان «راھەتتە نەق، جاپادا نېسى» ئادەم قانداق بولىدۇ؟ بۇ خۇددى گۆشنى قاسساپتىن، ئۇننى رەۋەندىدىن نېسى ئېلىپ، تاماقنى نەق پۇلغا سېتىپمۇ، قەرزنى قايتۇرغىلى ئۇنىماي يەنە ۋەيرانلىقتىن قۇتۇلالىغان يۈزى قېلىن ئاشپەز ـ ئاشخانا خوجايىنىدەك بولىدۇ. بۇ يەردىكى گەپ: ئاشۇنداق بۇرچ ـ مەسئۇلىيەت، يوللۇق قەرز كىمگە يۈكلەنگەنىكەن، ئۇنىڭدىن باش تارتىش مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق قەرز «ئاتا»غا يۈكلەنگەندە، ئۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ ھېسابتىن قۇتۇلۇپ قالدى دېيىلسىمۇ، بۇنىڭ سورىقىغا ئامراق بالىلىرى تۇتۇلىدىغان گەپ، مەسئۇلىيەت، جاۋابكارلىقتىن ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتۈپ كەتسەكمۇ، ۋاقىت ھامان بىزدىن ھېساب ئالىدۇ. ئاتىنىڭ بالىغا، بىر دەۋرنىڭ يەنە بىر دەۋرگە سورۇلۇپ ماڭىدۇ. ئون يىللىق، يۈز يىللىق، مىڭ يىللىق قەرز بولسىمۇ شۇنداق، ھېسابنى ئۆزمەي، تېگىشلىك جاۋاب بەرمەي بولمايدۇ. كونىلارنىڭ «قارا قاغىدا ئېلىشىڭ بولسا، بىر كۈن ئەمەس بىر كۈنى نەۋرەڭ بولسىمۇ ئالماي قويمايدۇ» دېگىنىدەك ماقاللار شۇنىڭدىن كەلگەن. دېمەكچى بولۇۋاتقىنىمىز: كىشىلىك ھايات، تەبىئەت ياكى جەمئىيەت، دەۋر ئالدىدا مەسئۇلىيەت، بۇرچىنى ۋاقتىدا ئادا قىلماي، قەرز قىلىپ بالىلىرىغا قويۇۋاتقان ھەرقانداق ئادەم، ئۆزىگە تېگىشلىك مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچىنى تونۇپ يېتىشى، ھېس قىلىشى شۇنداقلا ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى كېيىنكىگە سۈرۈپ قويماي، ئۇدۇللۇق ئورۇنداپ مېڭىشى كېرەك.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، تېگىشلىك راھىتىنى كۆرۈپ، مەسئۇلىيىتىدىن باش تارتىدىغان ـ قاچىدىغان ئىشلار ئاز ئەمەس. ھەر بىر كۈننىڭ يېرىمى ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۈرىدىغان راھەتلىك تەرىپى بولسا، قالغان يېرىمى شۇنىڭغا لايىق مەسئۇلىيەتكە جاۋاب قىلىدىغان ئالتۇن ۋاقىتلار ئىدى، ئەمما بۇ كۈنلەردە، بىزنىڭ

بىرمۇنچە كىشىلىرىمىزنىڭ ۋاقىتى لاي سۇدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ... رېستوران ـ ئىشرەتخانا ۋە ئويۇنخانىلاردا، بىغەملەر سورۇنىدا غەيۋەت ـ شىكايەت، بۇزۇقچىلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. مەسئۇلىيەت قەرزى گەدەنلەرگە مىنىپ مېڭىۋاتىدۇ. ئۇنداقلارنىڭ بۇنى ھېسابلاشقا نە رايى، نە چولىسى يوق. ئويلاش كېرەك، ئەستايىدىل ئويلاش كېرەك. ئۇنى ئويلىماي بولمايدۇ. ھەر كىشى ئۆزىگە ئۆزى مەسئۇل بولۇشى، تېگىشلىك بۇرچىنى ئادا قىلىپ، دۇنيادا يۈزى يورۇق يۈرۈشى نورمال، ئەقەللىي ئىش! ھېسابى ئېلىنمايدىغان ئىش يوق بۇ ئالەمدە. گەپنى مۇنداق ئۇدۇللا دەيلى: بىر ئۆيدىن بىر بالا بۇزۇق ـ ئەسكى چىقسا، مەسئۇلىيەت ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا يۈكلىنىپ، ئاتا ـ ئانا ھېساب بېرىدۇ؛ بىر مەھەللىدىن بىر پاھىشە ياكى ئوغرى چىقسا، شۇ مەھەللىنىڭ بېگىدىن بايلىرىغىچە، ئۆلىما، مويسىپىتلىرىغىچە مەسئۇلىيىتى بولىدۇ؛ بىر تىلەمچى ـ قەلەندەر چىقسىمۇ ئوخشاش. مىڭ كۆلكىنىڭ بىر يىغىسى بولماي قالمايدۇ، ئەگەر بىر يۇرت ـ بىر مەھەللە ۋەيران بولسا ياكى بىر نەرسىسى بۇزۇۋېتىلسە، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىمۇ بەگكە بەگچە، ئاۋامغا ئاۋامچە، دورىغىغا دورغىچە مەجبۇرىي يۈكلىنىدۇ. بۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتتىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ... شۇڭا ھەر بىرىمىز ئۆز بۇرچىمىز، مەسئۇلىيىتىمىز ۋە مۇناسىپ ۋەزىپىمىز ھەققىدە ئويلاشنى ئاقىلانىلىك دەپ بىلىشىمىز؛ شۇنداق ھېسابلارغا دادىل جاۋاب بېرەلەيدىغان بولۇشىمىز كېرەك.

## 16. ئاياللار ھۆسن ـ گۈزەللىك ئىزدەشتىن تېپىۋاتقان ئىسراپچىلىقلار

گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش — ئىنساننىڭ

تۇغما تەبىئىتى بولۇپ، ئەر ـ ئايال ياكى چوڭ ـ كىچىككە ئوخشاش. چىراي گۈزەللىكىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىپ، لاتا۔ پەتىلىك، جەلپكار بولۇشنى قوغلىشىش، ياسىنىش ـ تارىنىش‍تا خىلمۇخىل ھۈنەرل‍ەرنى ئىشلىتىش نۆۋەتتە بىر تۈركۈم خو۔ تۇن ـ قىزلار ئارىسىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتماقتا. باشقىلارنى جەلپ قىلىپ ئىززەت ـ ئىكراملىق بولۇش، گۈزەللىكنى نامايان قىلىپ ئۆز ـ ئۆزىدىن پەخىرلىنىش ـ ھۇزۇرلىنىش مەقسىتىدى۔ كى ياسىنىش ـ تارىنىش گەرچە نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىش بولسىمۇ، نۆۋەتتىكى ئاياللارنىڭ بۇ جەھەتتىكى «ترىشچانلىقلىرى» ئىلگىرىكىلەرنىڭكىدىن كۆپ ئې۔ شىپ كەتتى. ئۇلار ھەر تۈرلۈك داڭلىق پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىپ، ھەررەڭ ـ سەررەڭ، زامانىۋى كىيىم ـ كېچەكلەر۔ نى كىيىپ، يالىڭاچ ياكى يېرىم يالىڭاچلانغان بولسىمۇ، بۇ خىل ياسانچۇقلۇق، سۆلەتۋازلىق، ھەشەمخورلۇق، ھاياسىز ئۇسۇل بىلەن «گۈزەللىك» نى تېپىپ بولالمىدى. گۈزەللىكنىڭ قىرغاق۔ لىرىغىمۇ يېتىپ بارالمىدى. نېمىشقا؟ چۈنكى، ئۇلار ھەقىقى گۈزەللىكنىڭ يىلتىزىغا ئەمەس، شاخ ـ شۇمبا، يوپۇرماقلىرىغا قاراپ يۈگۈردى. ئەسلىدە شاخنى كۆكلەتكەن يىلتىز ئىدى، يىلتىز ئوبدان پەرۋىش قىلىنسا، غول ۋە يوپۇرماق ياكى گۈللە۔ رى چىرايلىق، جەلپكار، يېقىشلىق، ئېسىل بولار ئىدى!

ھازىر خوتۇن ـ قىزلىرىمىزدا ئاشۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، ئەمما ھاياتلىق كۈچى بېرىدىغان يىلتىز بىلەن كارى بولماسلىق ئىللىتى مەۋجۇت. يىلتىزى بۇزۇلۇپ، يېشىل رەڭگىنى يوقىتى۔ ۋاتقان يوپۇرماقلارنىڭ سەۋەبىنى يىلتىزىدىن ئىزدىمەي، نە ـ نەلەردىن تېپىپ كەلگەن، يېشىل كۆرسىتىدىغان رەڭلەرنى ئۇ يوپۇرماقلارغا زورلاپ سۇركەش ھەلەكچىلىكىدە بولىدۇ... سولغان گۈللەرنىڭ سولاشقان، رەڭگىدىن كەتكەن بەرگ، ياپراق۔ لىرىغا بوياق بېرىدۇ... ئەمما بۇ بەرگ ـ ياپراقلار چىرايلىق بوياق

ئىچىدە تېزلا سولۇشۇپ، قورۇلۇپ قۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يېشى چوڭراقلاردىن يېشى كىچىكلىرىگە توختاۋ-سىز يۇقىدۇ… نەتىجىدە بۇ ئىش «بۇ ھۈنەرنىڭ كاسىپلىرى، چوڭ - كىچىك بوياقچىلىق دۇكانلىرى، راست ۋە ساختا بوياق ماتېرىياللىرى» نىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشىگە ئۇل سېلىپ بېرىدۇ…

مىللىي ئەنئەنە ۋە ئەدەپ - ئەخلاق، يۈرۈش - تۇرۇش جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشنىڭ ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر بولماسلىقى، بىرمۇنچە بىھۇدە ئاۋارىچىلىق، ئىسراپچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چى-قارماقتا. قارايدىغان بولساق، ئىلگىرىكى 70 - 80 ياشقا كىرىپ-مۇ «چىرايىدىن كەتمىگەن» مومىلىرىمىزنىڭ رەڭگى - رۇخسا-رى ھازىرقى 20 - 25 ياشلىق قىزلىرىمىزدا يوق! ھازىرقى بەزى قىزلارغا بەكرەك قارىمىساق، ساغرا، بەل، چاچ دېگەنلەر-دىن جىنسىنى دەمال پەرق قىلغىلى بولماي قالىدۇ. بىر قارىسا جىن قوشۇقىدەك، سېركولغا ئوخشاش، ياغاق…

يۈز - قوللارغا سۈرۈلۈۋاتقان خىمىيىلىك سۇۋالمىلار، بى-راۋلارنى جىن - شاياتۇنغا ئوخشىتىپ قويۇۋاتقان «گۈزەللىك ساتىراشخانا» لىرى، ئورۇقلۇق — گۈزەللىك دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئورۇقلىتىش دورىلىرىنى پۇل قىلىۋاتقان دورا پۈرۈشلار… خوتۇن - قىزلىرىمىزنى ئاستا - ئاستا كېرەك-تىن چىقىرىۋاتىدۇ ياكى ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ. ئايرىم خوتۇن - قىزلىرىمىز چىرايلىق بولىمىز دەپ ئويلاپ، ئۇياتلىق كۆكسىنى «ئىشتىنى چۈشۈپ كەتكەن كىچىك بالىنىڭ كاسىسى» دەك ئېچىشقا؛ تېقىمى، كىندىكلىرىنى ئەۋرەتكە يېقىن جاي-غىچە ئېچىشقا ئۈرۈنۈۋاتىدۇ! (قولتۇق ئېچىشقۇ نومۇس قىلىدى-غان ئىش قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلگەن ئوخشايدۇ)… ھەر كۈنى يۈز - كۆزىگە ھەر خىل بوياقلاردا رەسىم سىزىپ، يېڭى، ساختا گۈزەل قىياپەت ئىشلەپچىقىرىدۇ؛ تويى بولغانلار ئاتالمىش «توي

كىيىمى» نى كىيىپ (ئۇچىسىغا ئارتىپ) دۇمبىسىنى تاكى ئىب-رىقچىسىنىڭ ئۇچىغىچە ئېچىۋاتىدۇ. ياپتى دېيىلگەنلىرىمۇ، رەسمىيەت ئۈچۈنلا ھەممە نېمە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئەلگەكلىك رەختىدە يېپىلىپ، ئەمەلىيەتتە ئوچۇق ھالەتتە تۇرماقتا... بۇلارنىڭ ھەممىسى «گۈزەللىك ئۈچۈن، گۈزەل بولۇپ خەلقئا-لەمنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن» مۇ؟

«گۈزەللىك ئۈچۈن!!!» دەپ ئويلىغانلار، گۈزەللىكنىڭ پىنھان - يوشۇرۇنلۇقتا تېخىمۇ سېھىرلىك، جەلپكار بولىدىغان-لىقىدەك ھەقىقەتنى ئەستىن چىقىرىشقان. ئېنىقكى، تولۇن ئاي كېچىدە كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن جەلپكار، نۇرانە، كۈندۈزى كۆ-رۈنسە شۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بەزى ئايالالار گۈزەللىكنى قەلبىدىن، شەرم - ھايا، نومۇستىن ئىزدىمەي ساتىراشخانىدىن، ئەزالارنى ئاران - ئاران ياپالايدىغان كىيىم دۇكانلىرىدىن ئىزدە-گەچكە، «قاچقاننى قوغلا، قوغلىغاندىن قاچ» دېگەندەك، گۈزەل-لىك ئۇلاردىن قاچماقتا. ئۇنىڭ ئەكسىچە، يوشۇرۇش - يۆگەشكە تېگىشلىك يېرىنى يۆگىگەن، يۈز - كۆزىنى بوياقلاردا بويىمىغان خوتۇن - قىزلارنىڭ چىرايىدىكى تەبىئىيلىك، جەلپكارلىق كى-شىدە ھەسسىلەپ ھۆرمەت تۇيغۇسى ئويغىتىدۇ!

بەدەنلەرنى، ئەۋرەتلەرنى ئاشكارىلايدىغان بۇ خىل «ئېچىۋې-تىش» غەربلىكلەرنىڭ كىنو - تېلېۋىزىيىسىدىن ۋە ئەخلاق قارد-شى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئوخشىمايدىغان مىللەتلەردىن بىزگە يۇقۇۋاتقان يۇقما بولۇپ، ئېتىقادىمىزغا، ئەنئەنىمىزگە، ئۆرپ - ئادىتىمىزگە پۈتۈنلەي ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا تەكىتلەپ قويۇش كېرەككى: سىز ئېرىشمەكچى بولۇۋاتقان گۈزەللىك ھەر-گىزمۇ ساتىراشخانىلاردا، زەھەر تەركىبلىك ئۇپا - ئەڭلىك، بوياقلاردا، ھايۋانات مېيى ئارىلاشتۇرۇلغان يۈزمايلاردا ئەمەس؛ ياكى ئاغزىنى ياپقان ماسكىچىلىكمۇ ياپالمايدىغان كىچىك، ئوچۇق كىيىملەردىمۇ ئەمەس؛ ئېغى قىسقا، تار پادىچىلار ئىشتانلىرىدا

ياكى ئوچۇق قالدۇرۇلغان كىندىكلەردە ئەمەس! ئىنسان گۈزەل-لىكىنىڭ يىلتىزى بولغان قەلبتە، ئىمان - ئېتىقادنى ھېس قىلدىغان كاللىدا. ئەجدادلار ئەقىل - پاراسىتى ۋە قان - تەرى بەدىلىگە بەرپا قىلغان ئەخلاق، شەرم - ھايادا!

## 17. ماختاش، مەدھىيە كاساتچىلىقى

يېقىندا مەسچىتتە ئۆتكۈزۈلگەن بىر نەزىرگە كىردۇق. قازا قىلغۇچىنىڭ سۈرىتى ئاستىغا بىر مەرسىيە ئېسىلغان ئىكەن. كىرىپ - چىقىۋاتقانلار ئۇنى ئانچە - مۇنچە ئوقۇپ ئۆتۈۋاتىدۇ. مەرسىيىگە كۆز سالسام، ئۇ كىشىنىڭ ۋاقىتسىز قازاسىدىن تاغ - دەريالارمۇ قايغۇغا چۆكۈپ، تەبىئەت ھازىدار بولۇپ ماتەم تۇتقانمىش... بۇ قوشاقنى توقۇغان شائىرنىڭ قايغۇ - ئەلەمدىن ئىچى زەردابقا تولۇپ، ئالەم قاراڭغۇلۇقتا پاتقانمىش!...

شۇئان ياندا تۇرغان شائىرغا كۆزۈم چۈشتى: ئۇ ئۆز شېئىرىنى ئوقۇۋاتقانلاردىن زوقلانغاچ، ياندا باشقىلار بىلەن مەغرۇرانە كۈلۈشۈپ چاقچاقلىشىپ تۇرۇپتۇ... «ھەي... بۇ شائىرنىڭ ئاۋۇ مەرسىيىسىدىكى گەپ بىلەن مۇنۇ تۇرقىنى كۆرۈڭ! شائىرنىڭ خىيالى...» دەپ كىرىپ كەتتىم.

يەر يۈزى بويىچە ئادەمنى ماختاشتا فېئوداللىق كونا قاراشتىن كەلگەن بۇ كېسەلنىڭ باشقىلاردا تۈگىسىمۇ، بىزگە ئۇدۇم بولۇپ قالغىنى قىزىق! تالا - تۈزدە، يىغىن، يىغىلىشلار-دا، مەتبۇئات، تەشۋىقاتلاردا مۇنداق ماختاش ئانچە - مۇنچە ئۇچ-راپ تۇرسىمۇ، مەسچىت ئىچىدە بۇنداق ئادەم - ئادەمنى ماختاش — مەسچىتكە رەسىمنى ئېسىپ قويۇپ ماختاش قاملاش-مىغان ئىش، قىلىقسىزلىق ئىدى. ئۆلگۈچىنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ تەشەببۇسى، ئۆزىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئە-

نىسى بولسىمۇ، بۇنداق كۆلكىلىك بولماسلىقى كېرەك، ئەلۋەتتە. مەسچىت ـ مۇسۇلمان ئاممىسى ـ جامائەت ئىبادەت قىلىدىغان ئاممىۋى سورۇن بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئۆيى دەپ قارىلىدۇ، ئۇ ئادەم ياكى باشقا جانلىقنىڭ سۈرەت ـ رەسىمنى ئاسقىلى بولىدىغان جاي ئەمەس! ناۋادا سەن دىنسىز بولساڭمۇ، ئۆز خەلقىڭنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىشىڭ، ئېتىقاد قىلىغۇچىلارنىڭ ئەقىدىسىگە ھۆرمەت قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا چېقىلماسلىقىڭ كېرەك. باشقا جايدا قانچىلىك ماختىۋالساڭ، قانداق قوشاق قېتىپ يىغلىۋالساڭ يىغلىۋال. مەسچىتتە قىلغىلى بولمايدىغان بۇنداق ئىشنى قىلما. چۈنكى ئەقىدىسىز ئادەمگە مۇسۇلمانچىلىقنىڭ تەلىپىنى قويغىلى بولمايدۇ... مەن بۇ قارىشىمنى يېنىمدىكى بىرىگە دېسەم، تاس قالدى، شۇ يەردە — مەسچىت ئىچىدىلا مەن بىلەن بوغۇشۇپ جېدەل تېرىغىلى! ئۇنىڭ چىرايىدىن ھاراقتا چىلاپ قويغانلىقتىن قارىيىپ كەتكەن يىلاننىڭ سۆرى كېلىدۇ... قارىغاندا، پۇل، ماشىنا، ھوقۇق ۋەسۋەسىسىدە يۈرۈپ، تەبىئىي ئىنسانلىق سەزگۈسىدىن ئايرىلغان بۇ بۇرادەر مەي ـ شاراپ خالىغانچە ئىچىلىدىغان، كەيپ ـ ساپادىن خالىي بولمايدىغان «رېستوران» بىلەن، ئىبادەت سورۇنى «مەسچىت»نىڭ پەرقىنى تازا ئېنىق بىلمەيدىغان بىلەرمەن بولسا كېرەك؟

## 18. سالاھىيەت ئىسراپچىلىقى

مۇشۇ كۈنلەردە «ئۆزىنى سورىغان شەھەر سوراپتۇ» دېگەن ئاتا سۆزىنى ئۆز ھەرىكىتىگە قېلىپ قىلغان، ئۆزىگە تون قىلغانلار بىزدە ئورتاق بىر جامائەت ئۇدۇمى بولۇپ داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، بىر تىنىقتا نەچچە خىل رەڭ ـ شەكىلگە ئۆزگىرەلەيدىغان بىر قىسىم كەمەك ھەييار، كاززاپلار ئۇچۇن «ئۆزىنى

سورىماسلىق» شەھەر سوراشىنىڭ يەنە بىر خىل يولى بولۇپ قالدى! ئۇنداقلارنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى: نام چىقىرىش ئارقىلىق يول تېپىش، پۇل تېپىش، ئابرۇي تېپىش، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئۇلۇغ كۆرسىتىش. شۇڭلاشقا ئولتۇرسا ـ قوپسا ئويلايدىغىنى: ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاتالمىش «ئىناۋەتكە مەبلەغ سېلىش»؛ رىياكارلىق، ئەقىدىسىزلىك بىلەن تولغان ئۆز نەپسى ئۈچۈن دەسمىي توپلاش، مۆرت يىغىشتىن ئىبارەت. ئۇنداقلار ئۆز ئورنىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، خەقتىن بىر كېسەك چاغلىق ئېگىز بولۇشنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىنى ئىزدەيدۇ، بىر تىيىن بولسىمۇ، بىر ئېغىز سۆز بولسىمۇ، بىر مونەك چالما بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ؛ ئۆزىگە، نەپسىگە پايدىسى بارلىكى نەرسە، ئىش بولسا ۋاستە تاللىماي قوغلىشىۋېرىدۇ... ئەينى يىللىرى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى رېگانغا ئوق ئاتقان جىنايەتچىدىن سوتچى: «نېمە مەقسەتتە زۇڭتۇڭنى ئاتىسەن؟» دەپ سورىغاندا، قاتىل: «دۇنياغا نامىمنى تارىتىش ئۈچۈن!» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. خۇددى شۇنىڭدەك، بىزدە بىرمۇنچە سويمىلار جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ خەق كۆرۈشكە ئۇلگۇرەلمىگەن كىتابلىرىدىن ئۆزىمۇ تۇزۇك چۈشەنمەيدىغان گەپلەرنى ياكى غەربنىڭ مەشھۇر كىشىلىرى ئېيتقان ھېكمەتلەرنى يادلىۋېلىپ بازارغا سېلىپ، تەرەققىياتىمىز، مىللىي مەدەنىيىتىمىز، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جان كۆيدۈرگەن كىشىلەرگە، پېشىۋا ـ ئۇستازلارغا چالما ئېتىش ياكى ئەمگىكىنى يوققا چىقىرىش ئارقىلىق مەشھۇر بولماق كويىدا بولۇشتى. ئۇ سۆزلەر، ئۇ بايان، ئۇ قاراشلارنىڭ بىزگە، خەلقىمىزگە، جەمئىيىتىمىزگە ماس كېلىش ـ كەلمەسلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى. خەقنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى، ئەمگىكى ـ يۈرەك قېنىنى ئاشۇ بىر قارا پۇشتەك بىلەنلا پاقا ئوسۇرغاندەك يوققا چىقىرىپ، ئۆز ئىناۋىتىگە مەبلەغ قىلىش قەستىدە بولۇشتى. بۇنداق «مازار غوجام»غا ئايلانغان بالا پېشقەدەملەر، بالا ھۆكۈمالار قولتۇقتىكى تۈكتەك كۆپىيىپ، سوغۇق يارماقتا يارىمايدىغان

پوتلا سالاھىيىتىنى گويا 21 ـ ئەسىرنىڭ يېشىل پاسپورتى، ئالتۇن قوڭغۇرىقى قىلىپ جىرىڭلاتتى! شۇنىڭ بىلەن ساپلا ئۆزد-ـدىن چوڭ قالپاقنى كىيىۋېلىپ ئاق ـ قارىنى كۆرەلمىگىنىدەك، دادىسىنىڭ تونىنى كىيسە چوڭ كېلىپ قېلىپ پېشىگە دەسسىۋې-ـلىپ مۈدۈرۈپ يۈرىدىغان بالىنىڭ ھالىتىدەك كۈلكىلىك ئەھۋال-ـلار كۆرۈلدى. شۇنداق «ئىناۋەت تاپقان» قارا پۇشتەكچىلەر «قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل» بازىرىنىڭ باشلىقى بولدى… ئۇنداقلار كەمەك ھەييارنىڭ خالتىسىنى بوينىغا ئېسىۋېلىپ، شەكلى ئۆزگەرگەن تىلەمچىگە ئايلىنىپ، ھوقۇقى بار ئەمەلدار-ـدىن ھوقۇق، پۇلى بار بايدىن پۇل تىلىدى. بۇنداق «ئۇلگىلىك تىياتىر» بىر قىسىم كىشىلەرنى رام قىلىپ، يالغان سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بىلەن نوپۇسقا ئۆتۈۋالغان شۆھرەت سەرگەردانلىرد-ـنى ۋاقىتلىق ئالتۇن كارتىلىق سالاھىيەتكە ئىگە قىلدى… بۇ خىل بىرنى كاكىلاپ مىڭنى قاقاقلايدىغان مەھەللە مىكىيىنىنىڭ روھىدەك كېسەللىك پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ساغلاملىقىغا، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام، دۇرۇس ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مەلۇم دەرىجىدە زىيان سالدى. بۇلار ئاز كەلگەندەك، موزدوز ئاشپەزگە ئاشپەزلىك تېخنىكىسىنى ئەيمەنمەي ئۆگەتكەندەك، ھا-ـراقكەش ـ مەيخور سەنئەتكارغا سەنئەتتىن ھېكمەت سۆزلەيدىغان، نادان بالا دادىسىغا تارىخ سۆزلەيدىغان تەتۈر ئايلانمىلىق جەمئىيەت ئېكولوگىيىسى پەيدا بولدى. شۇنداق بولغاچقا، ئەدناسى موزدوز تەمتىرىمەي ئۆز ھۈنىرى توغرىلىق گەپ ئاچالمايدىغان، ئاشپەز خۇرۇچلار ھەققىدە توختالالمايدىغان، ھېچكىم ئۆز ھۈنىرى، كەسپى ھەققىدە چىش يېرىپ راست گەپ قىلغۇسى كەلمەيدىغان؛ راست بىلەن يالغاننى، ئۇستا بىلەن نا ئۇستىنى، ھالال سالاھد-ـيەت بىلەن ھارام سالاھىيەتنى دەمال ئېنىق ئايرىغىلى بولمايدى-ـغان مۈجمەللىك پەيدا بولدى. مەخسۇس ياخشىنى يامان كۆرسد-ـتىپ، ئارىدىن نەپ ئېلىپ جان باقىدىغان جانباقتىلار ئەلنىڭ

تۆت ئېغىز گېپىنى لىللا قىلىدىغانلارنى باشقىلارغا يامان كۆرسە-تىپ، ئەل ئۇنىڭدىن بىهۇدە قاچىدىغان، چۆچۈيدىغان ئىشەنچ-سىزلىك هالىتىنى شەكىللەندۇردى. ئادەملەر قانۇنلۇق گېپىنى دېمەيدىغان، دەردىنى بىر - بىرلەپ ئىچىگە يۇتۇپ يۇرىدىغان؛ ئاسمان بېسىۋالسىمۇ كارى بولماس، كۆرسىمۇ كۆرمەس، ئاڭلى-سىمۇ ئاڭلىماس بولۇۋېلىشىپ، يالغان سالاھىيەت بىلەن ياشايدى-غان هالەت شەكىللەندى. بۇ، بىزدىكى ئېچىنىشلىق «سالاھىيەت ئىسراپچىلىقى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 19. شەرم - هايا ئىسراپچىلىقى

شەرم - هايا — بىر جەمئىيەتنىڭ نازۇك پوستى، بىر مىللەتنىڭ ئېسىل ئەڭگۈشتەرى. ئۇ ئىنسان ئۈچۈن مەڭگۈلۈك لىباس. ئۇ هەرقانداق ئىنساندا تەلتۆكۈس بولۇشى كېرەك بولغان گۆهەر. بۇ يەردە بىز ئاساسلىقى قىز - ئاياللار ھەققىدىلا توختى-لىمىز. چۈنكى، هەممە ئائىلىدە قىز - ئايال بار. قىز - ئاياللار مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى تۇغقۇچى ۋە يېتىشتۇرگۈچىلەردۇر.

غەرب ئەللىرى كىنو - تېلېۋىزىيىسىنىڭ مەدەنىيەت سو-رۇنلىرىمىزغا شىددەتلىك باستۇرۇپ كىرىشى بىلەن بىللە كىر-گەن ئاتالمىش پادىچى ئىشتانلىرى ۋە يەڭسىز كوپتىلىرى بىر قىسىم خانىم - قىزلىرىمىزنىڭ يارىشىملىق كۆڭلەكلىرىنى سال-دۇرۇپ تاشلاشقا ئۈلگۈرۈپ، تال - تال سۇمبۇل چاچلارنى قىس-قارتىپ، يالىڭاچلىشىشنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى بېسىپ بولغان ئىدى. يارىشىملىق، ئازادە، رەڭمۇرەڭ كۆڭلەكلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىۋالغان پادىچىلار ئىشتىنى، كىيگۈچىلەرنى هەزىلكەشلەر-نىڭ ئاتىشى بويىچە «تەمبۇر پاچاق دۇتار قوڭ» قىلىپ كۆرسەت-تى. بۇنى بىز «يەر شارى خاراكتېرلىك هادىسە» دەپ سۈكۈت

قىلىپ تۇرساق، بۇ خىل كىيىم بارغانسېرى تار، بارغانسېرى شالاڭلىشىپ، ئۇياتلىق جايلارنىمۇ ياپالمايدىغان دەرىجىگە تەرەققىي قىلدى. بىر تۈركۈم خانىم - قىزلىرىمىزدا ئالدىدىن قارىسا كىندىكى ۋە كىندىك ئەتراپى، كەينىدىن قارىسا ئارقا ئېرىقچىسى بىمالال كۆرۈنۈپ تۇرۇش ياكى بولمىسا ئاپئاق پاچاقلار تۇغما ھالەتتە نامايان بولۇش مودا بولدى. ئىشتاننىڭ ئېغى كىچىكلەپ، بېغى بوشاپ، بىر تۈركۈم كىشىلەر بارغانسېرى بالىلىق ۋاقتىدىكى تۇرقىغا، قىلىقىغا قايتقىلى تۇردى. ئېغىدا دۇكان ئېچىشتىن ئۇيالمايدىغان ئەركىنلىك، كىيىملەرگە پاتماي قېلىۋاتقان «يەرلىك مەھسۇلات» نى كۆز - كۆز قىلىشتەك دادىللىق بارلىققا كەلدى. بۇ، بىز غەربلىكلەردىن قىزىقسىنىپ ئالغان ھارام سوۋغا، ئىپپەتنى ئۇنتۇپ، ئاتالمىش «زامانىۋىلاشقان» ھاياسىزلىق ئىدى. خوش، ئادەمنىڭ بوۋاق ۋاقتىدىكى، 2 - 3 ياشلىق بالىلىق ۋاقتىدىكى كىيىم كىيىش ئادىتى، تەقى - تۇرق شەكلى چوڭ بولغاندىمۇ يارىشارمۇ؟ ئۇ چاغدا ئوماق كۆرۈنگەن نەرسە، ئەيىپ تۇيۇلمايدىغان ئەۋرەت بالاغەتكە يەتكەندە ئۇنداق تۇيۇلمايدۇ، ئەلۋەتتە. ھازىر بەزى چوڭ شەھەرلەردىكى چار يىلاندەك تولغىنىپ، «بولاق مانتا! كۆرسەڭ كۆزۈڭگە، يېسەڭ ئۆزۈڭگە پايدا» دېگەندەك مېڭىشىۋاتقان قىز - چوكانلىرىمىزغا ھەرگىز ياراشمايدۇ. چۈنكى، شۇلارنىڭ بەزىلىرى ئانا بولۇش يېشىغا يەتكەن، بەزىلىرى نەچچە بالىغا ئانا بولۇپ بولغانلاردۇر. ئېنىقكى، ئۇلار دىيانەتلىك، ھايا - نومۇسلۇق ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى، ھېچبولمىغاندا ئاتا - ئانىلىرى دىنسىز ئەمەس. ئەگەر خەتەرلىك بولغىنى شۇكى، ئاتا - ئانىلار ساپاسىز بولمىغىنى بىلەن شۇنداق ئائىلىلەردە مىللىي ئەنئەنە، ئەقىدە - ئېتىقاد، مىللىي ئەخلاق قارىشى سۇسلاشقان.

ھەممىگە ئايانكى، ئەخلاق — ئىنساننىڭ ئىنسانلىق زىننىتى، ئەخلاق ئۆلگەن جەمئىيەتنى قانۇن تولۇق ئىدارە قىلىشقا

ئۆلگۈرۈپ بولالمايدۇ. ھۆكۈمەتمۇ باشقۇرۇپ بولالمايدۇ. ئەخلاقى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن قوۋمنى تەبىئەت ھالاك قىلىدۇ. ساماۋى كىتابلاردا بۇنداق بايانلار ئوچۇق بولۇپ، بۈگۈنكى ئىلىم - پەنمۇ بۇنى ئىنكار قىلمايدۇ. بۈگۈنكى ھالاكەت ۋە پالاكەت — دۇنياۋى كېسەللىك «ئەيدىز» نى مەركەز قىلغان مەرەزلىكلەر ئەخلاقى يوقالغان ھەربىر ئائىلە، ھەربىر ئادەمگە «ئوتنى كىم ئۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيۈش» نەزەرىيىسى بويىچە كېلىۋاتقان ئاپەتلەردۇر. شۇڭا، ئاچچىق تولغاقتىن مىڭ ئۆلۈپ - مىڭ تىرىلىپ بالا تۇغقان ئانىلار، تەرلەپ - تەپچىرەپ، پەپىلەپ بالا باققان ئاتىلار پەرزەنتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ ئىشتانلىرىنىڭ ئېغى ھەم بېغىغا ھېزى بولمىساق بولمايدۇ. پەرزەنتلەرنى ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىپ تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىنى بوينىغا ئالغان مەكتەپلەر، مۇئەللىملەرمۇ بۇ ئىشتا تېگىشلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشلىرى كېرەك. ھەربىر ئادەم — ئاتا - ئانا، ھەربىر يۇرت بالىسىغىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزى باققان ئىت - مۇشۇكلىرىگىچە ئىگە بولۇشى، ئۇنىڭ تەقدىرىگە، ھايات - ماماتىغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ خارلىشى، يەكلىشىدىن، نامراتلىقتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايمىز! ئىشلىرىمىز ئالغا باسمايدۇ، روناق تاپالمايمىز، ياخشى تىلەكلىرىمىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ… ئويلاپ كۆرەيلى، ئىنساننىڭ كۆرۈمەسىز قولتۇق، چاتلىرىدا قانچىلىك گۈزەللىك بولسۇن؟ بولمىسا ياراتقۇچى ئۇنى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان جايغا ئەمەس، بەلكى تەبىئىي ھالدا يوشۇرۇلىدىغان جايلارغا ئورۇنلاشتۇرارمىدى؟

يۇرت كاتتىلىرى، چوڭلار، بايلار، ئۆلىما - ئالىملارنىڭ، ئېسىل بىنا - داچا، ئالىي ماشىنىدا ئولتۇرۇۋاتقانلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتى باشقا ئاتا - ئانىلارنىڭكىدىن كەم ئەمەستۇر. باشقىلار بىلەن كارى بولماي ئۆز نەپسىنى ئويلاش، قولىدىكى نام - ئەمەل، بايلىقنى ياشنىتىشنىڭ پۇرسىتى، دەس-

مايىسى دەپ قاراش — ئەخمەقلىق، نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. باشتا تىلغا ئېلىپ تەكىتلىگىنىمىزدەك، ھەرقانداق ئىشنىڭ تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. مەسىلەن، سىزدىكى بايلىقنىڭ، سىزدىكى ئەمەل ـ مەنسەپنىڭ، سىزدىكى يۈز ـ ئابرۇينىڭ، سىزدىكى ئىلىم ـ بىلىمنىڭ، سىزدىكى ھۈنەر ـ كەسپىنىڭ! بىر راھەتنىڭ مىڭ پاتمان جاپاسى، ئون كوي پۇلىنىڭ يۈز كويلۇق دەردى بولغاندەك، بىر لەززەتنىڭ يۈز ئازابلىق مەسئۇلىيىتى بولماي قالامدۇ؟ شۇڭا، ھەربىر ئادەم بىر خىل مەسئۇلىيەت مۇھىتىدا ياشىشى كېرەك. بۇ يەردە بىر گەپنى قىستۇرۇپ قويۇشنى ئەۋزەل بىلدىم: مەلۇم بىر مەشھۇر قىز بېدىكى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە «قىز توشۇپ» بەش يىلدا 400 مىڭ كوي پۇل تاپقانىكەن، ئالتىنچى يىلى بىر ئېپلاس كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىپ، كاتتا دوختۇرخانىدا 600 مىڭ كويغا داۋالىنىپ ساقىيىپ، 200 مىڭ كويغا قەرزدار بولۇپ قاپتۇ... ئېنىقكى، تەبىئىي، ھالال بولمىغان ئىشتا ئىنسانغا ئارتۇقچە ياخشىلىق يوق! مۇشۇ سەۋەبتىنمۇ بەگلىك ۋە بايلىقنىڭ راھىتىدىن كۆرە ئازابى كۆپىيىپ كەتمەكتە. يالغان بايلىقنىڭ دەردۇبالاسى كۆپەيمەكتە. بەگ ـ بايلارنىڭ بايلىقىدىن قەرزى كۆپ، ئۆتىدىغان سۆزىدىن ئۆتمەس گېپى جىق بولماقتا...

خوش، گېپىمىزگە قايتساق، بەزى قىز ـ چوكانلارنىڭ ئىشتىنىنىڭ ئېغى قالمىغاندەك، بەزىلىرىنىڭ ئاغزىنىڭ بېغى قالماسلىق يەنە بىر ئەگەشمە ھاياسىزلىق بولۇۋاتىدۇ. كوچىدا ماڭسا، چىشى قالمىغان قېرى ئىتنىڭ كونا سۆڭەككە كۈچى يەتمەي سۆڭەكنى كاراسلاتقىنىدەك، ئاغزىدىن پاقىنىڭ گېلىدىكى شاردەك كۆپۈك چىقىرىپ سېغىز چايناپ مېڭىشلار؛ يولدا، ئاممىۋى سورۇنلاردا، باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا توختىماي ماك چايناشلار... قېلىپىدىن چىققان ھاياسىزلىق، باشقىلارغا ھاقارەت قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئەيمەنمەي

ئەرلەر بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىش، هاراق ئىچىش بەزىبىر بۇزۇق ئائىلىلەرنىڭ نورمال ئادىتىگە ئايلىنىپ قالدى. ئاپتوبۇسلاردا، ئادەم كۆپ يەرلەردە يەل مىلتىق ئاتقاندەك چاقچىلىداپ سۆزلىشىۋاتقانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ: «ئاخشامقى سورۇندا هېلىقى مەتۇلارغا پۇلنى تازا جىق خەجلەتتۇق دېگىنە، ئاداش! قىممەت سەيلەرنى دىڭلا قىلىپ (بۇيرۇتۇپ دېمەكچى — ئا) ياڭجۇ (چەت ئەل هارىقى دېمەكچى — ئا) بىلەن داخې - داچى (چوڭ يەپ - ئىچىش) قىلدۇق··· ئاندىن··· كېچىچە تۇزۇك ئۇيقۇ يوق··· هازىر توۋىيۇندىخىڭ! (بېشىم بەك قېيىپ كېتىۋاتىدۇ، دېمەكچى — ئا)، سورۇن چىشلىۋالغان ئوخشايدۇ···»

لەنەت! مۇشۇنداق گەپلەر ئەسلىدە بىزنىڭ خوتۇن - بالىلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن چىقىشقا تېگىشلىك گەپلەرمىدى، جامائەت؟ قىز بالىنىڭ سۆزى دېگەن هايالىق، مۇلايىم، سىلىق، يېقىشلىق، لەززەتلىك بولماسمۇ؟ يوشۇرۇشقا تېگىشلىك جايلار لايىقىدا يوشۇرۇلسا، تېخىمۇ جەلپكار كۆرۈنمەمتى؟ بىر قىسىم خوتۇن - قىزلارنىڭ مۇشۇنداق ئېزىپ كېتىشىدە، توغرا يولدىن تېيىپ كېتىشىدە هەربىر ئاتا - ئانىنىڭ، هەربىر ئەركەك تۇكى بار يىگىتنىڭ ئېغىر مەسئۇلىيىتى بولۇشى كېرەك. «هاياسىز ئەلدە بەرىكەت بولماس» دەيدۇ كونىلار. بىز بۇنداق شەرم - هايا ئىسراپچىلىقىنى توسۇشىمىز، ئۇنىڭغا قەتئىي يول بەرمەسلىكىمىز كېرەك.

## 20. هارۋىكەشلىك ئەخلاقىنىڭ نۆل دەرىجىسى

ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ كونا زامانلاردىن قالغان «ئادەمنىڭ ئەسكىسى هارۋىكەش بولىدۇ» دەيدىغان بىر يۇمۇرلۇق گېپى

بولىدىغان. بۇرۇنقى چاغلاردا، كوپىراتسىيە زامانلىرىدا شۇنداق بولغانمۇ قانداق، بىلمىدىم. لېكىن، شۇنداق ئاتاقنىڭ بارلىقى پاكىت. ھازىر يۇرت ـ مەھەللىلەردە ئۇنداق ئايرىم «ھارۋىكەش» يوق، ئىزدەپ تاپماقمۇ تەس. ئەلۋەتتە، زامان ئىلگىرىكىدىن كۆپ تەرەققىي قىلدى، تۇرمۇشمۇ ياخشىلاندى، قاراش ئۆز- گەردى... ھازىر قارايدىغان بولساق، بۇرۇنقى ياسىداق مىنىلىدى- غان ئات ـ ئېشەكلەر ئورنىنى ۋېلسىپىت، موتسىكلىت قاتار- لىقلار ئىگىلىگەن؛ كالا ھارۋىسى، تۆگە ھارۋىسى، ئات ھار- ۋىسى... دېگەنلەرنىڭ ئورنىنى بۈگۈنكى تۆمۈر ھارۋا — تۈرلۈك ماشىنىلار ئىگىلىگەن، ھەتتا ئۇلار كۈنسېرى كۆپىيىپ، يول ـ يوللارغا، يۇرت ـ مەھەللىلەرگە پاتماي قېلىۋاتىدۇ... سەپەرنىڭ جاپاسىنى يېنىكلىتىش، «يول ئازابى — گۆر ئازابى» ، دېگەننى يېڭىشتە قانداق ياخشى ئىش ـ ھە بۇ؟ ئەمما، يەنە شۇ قاتناش قوراللىرى بىر قىسىم كىشىلەرگە خۇشاللىق، راھەت بېغىشلاۋات- قان بولسىمۇ، يەنە بىر تۈركۈم كىشىنىڭ تۇرمۇشىغا، يول مېڭىشىغا پۈتلىشىدىغان مۈتتەھەملەرگە ئايلىنىپ قالماقتا. يولدا توغرىسىغا تۇرۇۋېلىش، پىيادىلەر يولىغا خالىغانچە ئۇسۇپ كى- رىش، ئاما كۆپ يەرلەردە قالايمىقان كاركىراش، نورمىدىن ئارتۇق يۈك بېسىپ ۋەقە پەيدا قىلىش، بىر ـ بىرىدىن (خىجىل بولماي پىيادىلەردىن) يول تالىشىش، قاپلىشىپ تۇرۇۋېلىش... خۇددى ئۇلارنىڭ چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسىدەك بولۇپ قالماقتا. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار قاتناش ساقچىسىدىنلا قورقمايدى- غان بولسا، بۇنداق ھارۋىكەشلەرنى ھېچكىم گەپكە كىرگۈزەلمەي- دۇ... شەھەرلەردە بۇنداق ئەھۋال دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ: قات- ناش توسۇلغان، ماشىنا ياكى موتسىكلىت بىرسى يەنە بىرسىگە ياكى ئادەمگە، نارەسىدە باللارغا، دەرەخكە، ۋېلسىپىتكە سو- قۇلغان؛ بىردەمدىلا ئەتراپىنى قالايمىقانچىلىق قاپلىغان...

بۇلارنىڭ ھەممىسى جانسىز تۆمۈرنىڭ ئەيىبى ئەمەس، ئەل-

ۋەتتە. ئۇنى باشقۇرغۇچى كىشىنىڭ، باشقىلارغا بىر غېرىچ يول بېرىشنى راۋا كۆرمەيدىغان، ئۆزىنىڭلا بالدۇر مېڭىشىنى، ئۆزىنىڭلا ئالدىراش ئىشىنىڭ بالدۇر پۈتۈشىنى... ئويلاپ ھۆرپىيىپ تۇرغان كىشىنىڭ ئەيىبى! توۋا، ئاشۇ بىر قىسىم ھارۋىكەشلەر كۈنلەپ توسۇلۇپ تۇرۇشقا رازى بولىدىكەنكى، بىر مىنۇت توختاپ باشقىلارغىمۇ يول بېرىشنى ئويلىمايدىكەن؛ ئۇ ئۆتۈۋالسا، ماشىنىمۇ يول ئېچىلىدۇ، باشقىلارمۇ ماڭا ئوخشاش ئالدىراش بولغىيتى... دېگەننى ئېسىگە كەلتۈرمەيدىكەن. گويا كىم بالدۇر كىرىۋالسا، تۇرۇۋالسا، يول شۇنىڭ؛ ماشىنىمۇ، ماشىنىسىمۇ يول شۇنىڭ! بىر ـ بىرىنى يەۋەتكۈدەك ھومىيىشىپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كېتىشىدىكەن... مانا بۇ كىچىك ئىش جەمئىيىتىمىزدىكى ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە يول بەرمەس، ئاسانلىق ـ ئامانلىق تىلىمەس، پۈتلىشىپ كېتىشىدىن ھۇزۇر تېپىشتەك تەتۈر تاناسىپلىق پىسخىكىلىق كېسەللىكىنىڭ ئىپادىسى. بىراۋنىڭ ئىلگىرىلىشىنى خالىمايدىغان، بىرسى ئالدىغا كىرىپ كەتسە، تاتىرىپ قېلىپ، پۈتلىشىپ يىقىلىپ كەتسە شادلىنىپ كېتىدىغان؛ ياخشىلىقنى ئۆزىگە، يامانلىقنى باشقىلارغا چىللايدىغان يامان سۈپەتلىك ئۆسمە. بۇزۇق روھىي ھالەت پەيدا قىلغان بۇزۇق خىلىت! ئاددىيسى، تاماقخانا، ئاشخانىلاردىمۇ بىكار ئورۇن تۇرسا، بىر تەرەپكە سۈرۈلۈپ باشقىلارغا ئورۇن بەرمەسلىك، كىشىلەرگە قېپىداش، مەنسىتمەسلىك نەزەر بىلەن قاراش؛ كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا قېرى، ئاجىز، مېيىپ بىر قىسىم كىشىلەر ئۆرە تۇرۇۋاتسىمۇ پۇت ـ قولى ساق، ساغلام، ياش باللارمۇ ھېچنېمە كۆرمىگەندەك بولۇۋېلىپ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماسلىق... قاتارلىق ئىشلار، كۆرۈنۈشلەر جەمئىيەت ئەخلاقىمىزدا خېلى چوڭ نۇقسان بارلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. ئېنىقكى، بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ قىممىتىنى مەنسىتمەسلىك، نورمال ئادەمگەرچىلىك ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ سۇسلاپ قېلىشى

ـدەك بۇنداق قىلىقلار، كىشىلىك يولنى، تۇرمۇش يولىنى ناتوغرا تالىشىشلار ئەخلاقنى خورلاش، تەتۈر رىقابەتلىشىشتىن باشقا نەرـ سە ئەمەس.

بىر كۈنى، چوڭ يولنىڭ قاتناش چىرىقى يوق، ئەمما پىيا۔ دىلەر ئۆتۈشكە بولىدىغان يېرىدىن ئۆتۈۋاتاتتۇق، بىزگە يېقىنلاپ كەلگەن بىر ماشىنا تۇيۇقسىز توختاپ، بىزنىڭ ئۆتۈۋېلىشىمىزغا ئىشارە قىلدى. مەن ھەيرانلىق بىلەن تەشەككۈر بىلدۈرمەك بو۔ لۇپ قارىدىم، چەت ئەللىكمىكىنە؟ دەپ زەڭ سالسام، ئۇنداق ئەمەس، ئۆز ئادەملىرىمىزكەن! چۈنكى، ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى بۇ شەھەردە ياشاپ، پىيادىلەرگە يول قويىدىغان ـ يول بېرىدىغان شوپۇرنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندەك بولۇۋاتاتتىم!... ئەمەلىيەتتە بۇ تەس ئىشمۇ ئەمەسقۇ؟ مىسال قىلساق، تەرەققىي قىلغان ئەللەردە بانكا، ماگىزىن ياكى باشقا جايلاردا ئۆچىرەتلەردە تۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئەرلەر ئاياللارغا، چوڭلار بالىلارغا، ياشانغانلارغا ئورۇن بېرىشىدۇ؛ ھەر قەدەمدە «كەچۈرۈڭ»، «ياردىمىم كېرەكمۇ؟» دېگەن سۆزلەر ئېغىزلاردىن تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ؛ ئاتلىقلار، ماشىنىلىقلار پىيادىلەرگە ئاۋۋال يول قويۇ۔ شىدۇ؛ ھەتتاكى، ياشلار ئاپتوبۇسلارغا چىققاندا، بوش ئورۇنلار بولسىمۇ ئولتۇرۇۋالمايدۇ... يالغۇز سەپەرگە چىققان ماشىنىلىق كىشى يۆنىلىشى ئوخشاش پىيادىلەرنى كۆرسە، ئاتايىن سورىئەتنى ئاستىلىتىپ، قەيەرگە بارماقچى ئىكەنلىكىنى، ماشىنىغا چىقىۋالسا ھەقسىز ئالغاچ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، خالىسا سەپەر۔ داش بولۇپ، مۇڭدىشىپ ماڭىدۇ... «سىز بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىمدىن خۇشالمەن»، «سىزگە ياردەم بېرەلىگىنىمدىن خۇشال۔ مەن» دېگەندەك سەمىمىي سۆزلەر ھەممىلا يەردە ئۇچرايدۇ... شۇنچىلىك ئەقەللىي ئىشلارنى بىز نېمىشقا قىلالمايدىغاندىمىز؟ بىر ـ بىرىمىزگە بۇ دۇنيانىڭ ئىللىقلىقىنى، گۈزەللىكىنى،

ئادەملەرنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەتلىك قەلبلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى نېمىشقا بىلدۈرۈپ تۇرالمايدىغاندىمىز؟

## 21. تور ئىسراپچىلىقى

يېڭى ئەسىرنىڭ، ئۇچۇر دەۋرىنىڭ بەلگىسى بولغان كومپيۇتېر تور دۇنياسى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە يېڭىلىق بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زامانىۋى دۇنيا بىلەن ماس قەدەملىك ئىلگىرىلەش، تەڭ ياشاش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا يار ـ يۆلەك بولدى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھان تەرەققىياتىدىن، جاھان مەدەنىيىتىدىن خەۋەردار بولۇش، تۇرلۇك ئۆزگىرىش، يۈزلىنىش، يۈنىلىشلەرنى بىلىش، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ۋاقتىدا ئۆگىنىش جەھەتلەردە كۆز يۇمۇشقا بولمايدىغان تۆھپىكار مەدەنىيەت جەۋھىرى بولدى. بۇ نۇقتىدىن «ئۇيغۇر جەمئىيىتى كومپيۇتېر دۇنياسىغا سىڭىپ كىرىشتەك مەدەنىيەت دەۋرىگە كىردى» دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئىشخانا، ئائىلە ۋە كوچىلاردا ئومۇمەن كومپيۇتېر ۋە كومپيۇتېر تورى بار بولدى. ئەمدى كومپيۇتېر بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئۇچۈن يات نەرسە بولماي قالدى!

ۋەھالەنكى، بەدىنى كۈچلۈك، ساغلام ئادەمگە ھەرقانداق نەرسە ئاسان زىيان قىلالمىغان، ئەمما ئاجىز بەدەنگە كۈچلۈك تاماقمۇ ئېغىر كەلگەندەك ئىش مۇشۇ كومپيۇتېر تورىنى ئىشلىتىش ـ پايدىلىنىشتا كۆرۈلۈۋاتىدۇ؛ كومپيۇتېر يېزىقى، كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرىدا ھەركىم ئۆز بىلگەنچە يېزىق كىرگۈزۈش سىستېمىسى ئىجاد قىلىپ، بىرسى يەنە بىرسىنى يەكلەيدىغان، بىر سىستېمىدا ئۇرۇلغان ماتېرىيالنى يەنە بىر سىستېما تونۇمايدىغان ئاۋارىچىلىكلەر، ئىلگىرى ئىشلىتىپ تاشلىۋەتكەن لاتىن يېزىقى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئۇيغۇرچە قىلىنغان «يېڭى

يېزىق» نى قايتا بازارغا سېلىشلار، پۈتۈن مىللەت خاراكتېرلىك قايتا ساۋاتسىزلىققا سەۋەب بولىدىغان قىلمىشلار... كىشىنى گاڭ-گىرىتىپ قويماقتا. تېخىمۇ چاتاق بولغىنى، كومپيۇتېر تورىدا ئويۇن ئويناش، خالىغانچە كىنو - تېلېۋىزىيە كۆرۈش، «چايخانا» دا مۆكۈدىشىش — نادان، ئىش بىلمەس نارەسىدە ياش - ئۆسمۈرلەرگە نىسبەتەن خىرويىن، ئەيدىز قاتارىدا چىرىتكۈچى، ئايىنىتقۇچى، زەھەرلىگۈچى نەرسە بولۇپمۇ قالماقتا. بالىلارنى نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشتىن مەھرۇم قىلىپ، بالا تۇرۇپلا قوڭدىدىن قېرىپ قالىدىغان، چىرىك، چۈشكۈن، خىيالپەرەس، سەممىيەتسىز، ھېسسىياتسىز، ئويۇنقىپى ماشىنا ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. گەرچە بۇ دۇنياۋى ھادىسە بولسىمۇ، ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرى، شۇ قاتاردا ئېلىمىز ھۆكۈمىتىمۇ بۇ خىل يۈزلىنىشنى توسۇۋاتقان - چەكلەۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئىنتايىن سەگەك بولمىسا بولمايدىغان ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ تۇرماقتا. چۈنكى، باشقىلار بىلەن بىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىمىز، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىمىز ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. باينىڭ، بەگنىڭ بالىسى مىنگەن ئات گادايىنىڭ بالىسىغا ياراشمىغاندەك، خەققە ياراشقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىزگە يارىشىپ كېتىشى ناتايىن. باشقىلارنىڭ قورسىقىنى ئاغرىتقۇدەك زىيان قىلغان نەرسە، بىزنىڭ ئىچىمىزنى سۈرۈۋېتىشى مۇمكىن! نۆۋەتتە «تورخانا» نىسبەتەن ئومۇملاشقان چوڭ - كىچىك شەھەر ۋە ناھىيە بازارلىرىدا بىر قىسىم بالىلار «مەكتەپكە باردىم، ئۇنداق ئىش بىلەن كەچ قالدىم...» دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ئاتا - ئانىلىرىنى ئالداپ، تورخانىغا ئۆگىنىپ قالماقتا. ئويۇن ئويناشتىن باشقا، بالىلىق يېشىدا بىلىشكە تېگىشلىك بولمىغاننى بىلىپ، كۆرۈشكە تېگىشلىك بولمىغاننى كۆرۈپ، چۈشكۈنلۈك كوچىسىغا، بۇزۇقچىلىق پاتقىقىغا كىرىشكە ئىنتىلمەكتە. توردا ئاللىكىملەرگە سۆيگۈ ئىزھار قىلىشىپ،

روھىي جەھەتتە قالايمىقان، شېرىن خىياللارنى سۈرۈشمەكتە. ئۆزى بالا تۇرۇپ بوۋاي، قىز تۇرۇپ موماي بولماقتا. توردا كۆرگەن قىلىقسىزلىقلارنى دورىشىپ، جىنسىيەت سودىسى — ھېسسىيات سودىسى قىلىشماقتا. بۇ، بالىلارنى روھىي زىناخور-لۇققا، قىمارۋازلىققا، شاللاقلىق يولىغا باشلايدىغان ئىش، خا-لاس. بۇ يولغا كىرسە ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا نە دەرس كىرسۇن؟ نە تاپشۇرۇق ئىشلەش، ئۆگىنىش قىلىش خىيالىغا كەلسۇن؟ مەسئۇلىيەت ئېڭى، بۇرچ تۇيغۇسى، ئىنسانىي سالاھىيەت قانداق يېتىلسۇن؟ بۇنداق داۋاملاشسا، ئوغۇللارنىڭ بۆرىكى بىھۇدە زە-ئىپلىشىدۇ، نورمال پسىخىكىسى بۇزۇلىدۇ، يېشى كىچىك تۇ-رۇپ روھى قېرىيدۇ، يىگىتلىك ھېس - تۇيغۇسى سېسىيدۇ··· قىزلارمۇ ئاسانلا شاللاقلىقنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ···

ئەلۋەتتە، بىزنىڭ مەزمۇنى ساغلام، بىلىم - ئۇچۇر تارقى-تىش قۇۋۋىتى يېتەرلىك بىرمۇنچە ئۇيغۇرچە تور بېكەتلىرىمىز بار ئىكەن، لېكىن بىر قىسىم شەخسلەر، ئاللىقانداق كىشىلەر ئۆزى تەسىس قىلىۋالغان تور بېكەتلەرمۇ بار ئىكەن. بەزىلىرى كەچكىچە ئۆزىنى ئۆزى ماختىشىپ داۋراڭ قىلىشىدىكەن، بەزىلى-رى غەيۋەت - شىكايەت، پىتنە - پاسات تارقىتىشنىمۇ قولدىن بەرمەيدىكەن. بىراۋلارنى تىللاپ سېستىشنى ھۈنەر قىلىۋالغان سالاھىيىتى نامەلۇم كىشىلەرمۇ بولىدىكەن··· ئىش قىلىپ، ئۇنى باشقۇرماق ئاسان بولمىغاچقا، ئايرىم نىيىتى نادۇرۇس كىشىلەر مۇشۇ يوچۇقتىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆز مەقسەتلىرى-نى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىكەن··· بۇمۇ بىر خىل ئىسراپچىلىق، ياخشى نەرسىنى يامان ئىشقا ئىشلىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە تەكىتلىمەكچى بولغىنىمىز: دۇنيانىڭ ھەربىر چېتىنى (شەرق، غەرب ئەللىرىنى، تۈرلۈك ئىرق، مىللەتلەرنى) بىر سىمغا ئۇلاپ تۇتاشتۇرۇپ، زامان، ماكان ئۇقۇمىدىن ھالقىپ كەتكەن، نېمىنى ئىزدىسە خالىغانچە تاپقىلى، كۆرگىلى بولىدى-

غان «ئىنتېرنېت تورى» دىن ئىبارەت بۇ قورالدىن ياخشى پايدى-لىنىش مەسىلىسى؛ ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەت بىرلىكتە ھەردى-كەتلىنىپ، بالىلارنى توغرا يېتەكلەش، ساغلام، ئىلمىي، زاما-نىۋى ئاڭغا ئىگە قىلىش ۋە زىيانلىق نەرسىلەردىن توسۇش مەسى-لىسى. مۇشۇنداق قىلىشقا كاپالەتلىك قىلالىساق، توردىكى ئىس-راپچىلىقتىن، ئۇنىڭ بىھۇدە زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىپ قالالاي-مىز؛ ئىنتېرنېت تورىنى بىزگە ئەسقاتىدىغان، بىزگە ھەر ۋاقىت ياردەم بېرەلەيدىغان، ئۆگىنىش، خىزمەت، تۇرمۇشىمىزغا، كى-شىلىك مۇناسىۋەتكە يۈكسىلىش بەخش ئېتەلەيدىغان مۇھىم يار-دەمچىگە ئايلاندۇرالايمىز.

## 22. ئەمەل ـ مەنسەپ ئىسراپچىلىقى

ئەمەل ـ مەنسەپ — ھوقۇق دېمەكتۇر، ئۇ بىر تەرەپتىن كىشىگە شان ـ شۆھرەت بولۇپ تۇيۇلسىمۇ، يەنە بىر جەھەتتىن ئىنتايىن ئېغىر بولغان مەسئۇلىيەتتىن ئىبارەت. ناۋادا ھوقۇق قانۇن، سىياسەت دائىرىسىدە ئادىل، دېموكراتىك يۈرگۈزۈلسە، ھەممە كىشىگە خۇشاللىق، ئازادىلىك بەخش ئېتىدۇ؛ ئەكسىچە بولسا، ئەل ـ ئاۋامنىڭ مەنپەئىتىنى بىھۇدە زىيانغا ئۇچرىتىپ، ئادالەتسىزلىك، كۆڭۈلسىزلىك، ئىناقسىزلىق، پىتنە ـ پاسات پەيدا قىلىشتىن ساقلىنالمايدۇ. ئارىمىزدا شۇنداق كىشىلەر بار: پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئەل ـ ئاۋام ئىشىنىپ تەييار ھوقۇقنى، ھەر دەرىجىلىك مەنسەپلەرنى بەرسە، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلماي، پارتىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ياخشى ئويناالماي، ئارىدا سوغۇقچىلىق پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا كۆۋرۈكنى بۇزۇپ ھالاك پەيدا قىلىدۇ. ئاددىيسى، بىر تۇل خوتۇن

بېشىغا كۈن چۈشۈپ ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ قېشىغا كىرسە، قەۋزىيەت بولۇپ قالغاندەك ئىنجىقلاپ، مۇزاكىرىسى تۈگىمەيدۇ؛ بىچارە مەزلۇمغا ئىشنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا، قايتا كەلسە قېچىۋېلىپ كەينىگە سۆرەيدۇ ... نەتىجىدە پارتىيىنىمۇ ئالداپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىنى سۇسلاشتۇرىدۇ. ناۋادا بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى بولۇپ قالسىچۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنىڭدەك تەدبىرلىك كىشى كەم تېپىلىدۇ، يۇقىرى ـ تۆۋەن قاترايدۇ، كىرمەيدىغان تۆشۈكى، سىيلىمايدىغان مۈشۈكى ئاز قالىدۇ! ئۇنىڭغا: سەن پارتىيە، خەلقتىن ھوقۇق ئالغاندا، خەلق بىلەن، ئەتراپىڭدىكىلەر بىلەن كارىڭ بولمايدىغانغا ئالغانمۇ؟ خەلق بولمىغان بولسا بۇ ھوقۇق ساڭا بېرىلەمتى؟ دېگىلى بولمايدۇ. پەقەت ئۇرۇق ـ تۇغقىنىڭنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىغانلىقىڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىغانلىقىڭمۇ؟ نەپ قوغلىشىپ دوست تارتىشقىنىڭ خەلق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغىنىڭمۇ؟ دېگىلى تېخىمۇ بولمايدۇ...

ئاشۇنداق ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان بەزىبىر مەنسەپ چىۋىنلىرى پارتىيە، دۆلەتنىڭ ئوبرازىغا داغ چۈشۈرۈپ، پارتىيە بىلەن خەلق ئارىسىغا زىيانلىق تەسىرلەرنى كۆرسەتمەكتە. ئۇنداق پۇرسەتپەرەسلەر «دوپپىسىنى ئەكەل دېسە» باشقا نەرسىنى قوشۇپ ئەپكەلمەكچى بولىدۇ. شەكىلۋازلىقتىن، يالغانچىلىقتىن ئەيمەنمەيدۇ! بىر ئىشنى ھەل قىل دېسە، ھوقۇق، مەنپەئەت سودىسى قىلىدۇ. ئۆزىگە نەپسىز ئىش بولسا قەۋزىيەت بولۇۋېلىپ، ئىنجىقلاپ ئولتۇرۇۋالىدۇ. مۇشۇنداق ئىدىيىسى بار، كاللىسى قاتمال، قولىدىن ئىش چىقمايدىغانلارنىڭ كاساپىتى، «بىر كالىنىڭ شاترىقى مىڭغا» دېگەندەك، باشقا نۇرغۇن تەدبىركار، مەسئۇلىيەتچان، ئەستايىدىل كادىرلارنىڭ ئوبرازىنى بىللە بۇلغاشقا ئۇلگۇرىدۇ. ئۇنداقلار پارتىيە، دۆلەت ۋە خەلق بەرگەن ھوقۇقنى جايىغا ئىشلىتەلمىگەچكە، ھوقۇقى دات بې-

سىپ، كىچىكلەپ كېتىدۇ، ئۆتمەس، كەسمەس بولىدۇ. ھەتتا ئىسمى بار، جىسمى يوق ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشخانىدا گېزىت ئوقۇپ، قايناقسۇ ئىچىپ بىكار ئولتۇرىدىغان جانباقتىغا، كۈندۈزى يىغىندا ئۇخلاپ، كېچىسى ئىشرەتخانىلاردا هاراق ئىچىپ، مەست ـ ئەلەس بولۇپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئىشـ ـرەتخورغا ئايلىنىدۇ. ئۇنداقلار ئۆزى كارغا كەلمىسىمۇ چىرايلىق خوتۇنغا ئامراقلىق قىلىدىغان كىشىدەك، ھوقۇققا ئامراق ھەم شەكىللۋاز بولۇپ، ئاممىنىڭ كۆزىنى بويايدۇ، دەم ئېلىش كۈنلىـ ـرىمۇ ئىش ئورنىغا كېلىۋېلىپ، كونا گېزىتنى قولىدا تۇتۇۋېـ ـلىپ، دەرۋازىۋەن بىلەن مۇڭدىشىپ كۈننى كەچ قىلىدۇ··· ئەلۋەتتە ھاراق ئىچىشتە، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتە پىداكارلىق قىلىشقا يارايدىغان بۇنداق كاززاپلارنى پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق ياقتۇرمايدۇ. بىز بۇنداق ئۆزىنى ۋە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى بىلمەيدىغان، خەلققە پايدىلىق ئىشنى قىلماي ئۆزىـ ـنىلا ئويلاشنى بۈيۈك مەقسەت قىلىۋالغان كىشىلەرگە سەل قارىـ ـماسلىقىمىز، پاش قىلىش ئارقىلىق دېموكراتىك نازارەت قىلىش ھوقۇقىمىزنى يۈرگۈزۈشىمىز لازىم. بولمىسا، بۇ خىل ئىسراپـ ـچىلىق بىزگە نۇرغۇن بىھۇدە ئاۋارىچىلىقلارنى سوۋغا قىلماي قالمايدۇ.

## 23. ئادىمىلىكنى پۇل ئورنىدا خىراجەت قىلىش ئىسراپچىلىقى

ھەربىرىمىزدە شۇنداق بىر ئىللەت بار، ئۇ بولسىمۇ پۇل خەجلەپ پۈتتۈرىدىغان ئىشقا يولۇققاندا، ئامال بار پۇل چىقىرىشـ ـتىن قېچىپ، «ئادەمگەرچىلىك» يولىنى ئىزدەش. ئەقىلگە

سىغمايدۇكى، ئومۇمەن ھەممىمىز ـ ھەرقاندىقىمىز پۇل ئورنىغا ئادىمىيلىك قىممىتىمىزنى خىراجەت قىلساق پۇتىدىغانلىكى ئىش بولسا، بۇ يولنى مېڭىشتىن ئېرىنمەيمىز. يانچۇقىمىزدا شۇنىڭغا يەتكۇدەك پۇل بار بولسىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى، شان ـ شەرىپىنى «بەش پۇلغا قىممەت، تۆت پۇلغا ئەرزان» قىلىشقا ئۇرۇنىمىز... توغرا، پۇل يانچۇقتا بولسا ھامان خەجلىگىلى بولىدۇ، ھەر ۋاقىت جانغا ئەسقاتىدۇ. ئەمما، ئادەمنىڭ ئائىلىدە، خوتۇن ـ بالىلىرى ئالدىدا، يۇرت ـ مەھەللە ئىچىدە، ئەل ـ جامائەت ئارىسىدا پۇلدىنمۇ مۇھىم بولغان ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممىتى بولۇشى كېرەك. يانچۇقتىكى پۇللار ئادىمىيلىك قىممىتنى، ئەل ـ يۇرت ئىچىدىكى يۈز ـ ئابرۇيىنى بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ. مىسال قىلساق، بىر يۇرتتا بەزى نامرات ئادەملەرنىڭ ئىناۋىتى بەزى بايلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ، چۈنكى باي بىر تىيىن، بىر نان ئۈچۈنمۇ ئادىمىيلىكىنى خىراجەت قىلغانلاردىن بولسا، كەمبەغەل كىشى «پۇل كەتسە كەتسۇن، يۈز كەتمىسۇن» دەپ تونۇپ، ئادىمىيلىك پەزىلىتىگە داغ چۈشۈرمەي پاك ساقلىغان. دېمەك، پۇلى جىق، ئەمما ئادىمىيلىكنى ئۇنتۇغان باينىڭ ۋاقتى كەلگەندە خەق ئالدىدا بىر تىيىنغا گېپى ئۆتمەيدۇ. چۈنكى، باشقىلارنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىشەنچ قالمىغان؛ گېزى كەلگەندە پۇللۇق باينىڭ گېپى ئۆتمىگەن جايدا راستچىل، سەمىمىيلىكى بىلەن باشقىلارنىڭ مىليون پۇللۇق ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن كەمبەغەلنىڭ گېپى قىلىچتەك ئۆتىدۇ... ئىچكىرى ئۆلكە، شەھەرلەردە يانچۇقىدا لىق پۇلى تۇرۇپ قونىدىغان ياتاق ئالالماسلىق، تاكسى توسسا توختىماسلىق، ماگىزىنغا كىرسە دائىم ئاگلىنىپ تۇرىدىغان «ئوغرىدىن پەخەس بولۇڭلار» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشلار؛ ھەرەمگە بارالىغان بىر قىسىم بايلىرىمىزنىڭ بەدىنىگە تېگىشلىغان پۇلى قويىندا سېسىپ كەتسە رازى بولۇپ،

بىكارلىق ياتاق، تاماق تالىشىش ئازارلىشىش سىيىسىپ كې-
تىشلەر… ئادەمىيلىكنى پۇل ئورنىدا خىراجەت قىلىشتىن كې-
لىپ چىققان قەدىر ـ قىممەتنى خورلاش، ئۆزىنى خورلاش پاجى-
ئەلىرىدۇر. ئەزەلدىن شۇنداق ھەقىقەت، ئۆزگەرمەس تەبىئىي
قانۇنىيەت بار: ئادەم ئۆزىنى قەدىرلىمىسە خەق خارلايدۇ، ئادەم
ئۆزىنى ھۆرمەتلىمىسە، خەقمۇ كۆزىگە ئىلمايدۇ. ئىززەت ـ
نەپسىمىزنى قوغدىماسلىقىمىز، خەقنىڭ ئالدىدا ئىت، مۈشۈك،
چاشقانغا ئوخشاش ھەرىكەتلەردە بولۇشىمىز، شۈبھىسىزكى بىزنى
شۇ تىنىقتىن باشلاپ خەقنىڭ كۆزىگە ئادەمدەك كۆرۈنمەيدىغان
قىلىپ قويىدۇ! ئەكسىچە، باشقىلار بىزنى خارلىماقچى ـ بوزەك
قىلماقچى بولۇۋاتقاندا، ئادەملىك پېتىمىزدىن چۈشمەي، بويۇن
ئەگمىسەك، ئاندىن خەققە ھەقىقىي ئادەمدەك كۆرۈنىمىز. ئەل-
ۋەتتە بۇ جەرياندا مۇناسىپ بەدەل تۆلەيمىز، لېكىن ئاچ ـ
يالىڭاچ قالمايمىز. ھالال مىدىرلاشنى تەرك ئەتمىسەكلا، ئىشى-
مىز ئاخىرى بىر يەردىن چىقىدۇ، ئەپسۇسلۇق ۋە كېيىنكى
پۇشايمانلارغا ئورۇن ھەرگىز قالمايدۇ. دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن
تارتىپ، بىر ئادەم راھەت كۆرگەنگە بەختلىك بولۇۋەرگەنمۇ ئە-
مەس. يەنە بىر جەھەتتىن تەكىتلىسەك، جاپانىڭ ھەممىسى بەختى-
سىزلىكمۇ ئەمەس، راھەتنىڭ ھەممىسىلا ئاتالمىش «بەخت» مۇ
ئەمەس! ئىنسان ئۈچۈن قەدىر ـ قىممەتتىن ئەلا نەرسە يوق،
ئۇنى ساقلاش، قوغداش ئىپسىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىسۇن.

## 24. ئەخلاق كاساتچىلىقى

ئوتتۇرا شەرق، لاتىن ئامېرىكىسى، ئافرىقا ۋە ياۋروپا قاتار-
لىق ئەل ۋە رايونلاردا كۆپلىگەن شىركەت، زاۋۇت، ئائىلىلەرگى-
چە ھەممە يەردە ھىندىستانلىق خىزمەتچى، ئائىلە خىزمەتچىسى،

ئىشىك باقار ياكى باشقۇرغۇچىلارنى ئۇچراتماي مۇمكىن ئەمەس. بىر قارىسا يەر شارىنى ھىندىستانلىق قاپلاپ كەتكەندەك، ھىندىلار يەر يۈزىنىڭ ھەممە ئىشىنى قولىغا ئېلىۋالغاندەك كۆرۈنىدۇ. نۆۋەتتە، دۇنيانىڭ ئەمگەك كۈچى بازارلىرىدا ھىندىستانلىق ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ بازىرى ئەڭ ئىتتىك، باھا - مائاشى ئەڭ يۇقىرى. شۇ خىلدىكى ئەمگەك كۈچلىرى ئىچىدە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ۋە شەخسلەر ھىندىستانلىق ئىككى مىڭ دوللارغا قىلغىلى ئۇنىمىغان ئىشنى باشقا ئەلنىڭ ئادەملىرى بەش يۈز دوللارغا ئىشلەپ بېرەي دېسىمۇ ئىشلەتمەيدۇ ۋە ئالمايدۇ. بۇنىڭدىكى سىر نەدە؟

① ھىندىلار ئىش قىلىشتا ئىنتايىن ئەستايىدىل، سەمىمىي بولۇپ، ساختىلىق ئىشلەتمەيدىكەن.

② جېنى كەتسىمۇ، ئىشتىن ھەيدەلسىمۇ مەيلى ئىكەنكى، ھەرگىز يالغان گەپ قىلمايدىكەن.

③ ۋەدىسىگە قەتئىي ئەمەل قىلىدىكەن.

④ خوجايىنغا، شىركەتكە ئىنتايىن سادىق بولۇپ، مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلايدىكەن.

يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بولغاچقا، ھەرقانداق خوجايىن ھەم سودا شىركەتلىرى ھەرقانداق مەخپىي ئىشنى، سىرىنى ھىندىستانلىق خىزمەتچىلەرگە خاتىرجەم تاپشۇرۇۋېرىدىكەن. گەرچە ھىندىلار بۇ ئارقىلىق سودا سىرى، سودا ئۇچۇرى ۋە سودا قىلىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالسىمۇ، ئۆزى شۇ شىركەتتىن چىقىپ ئۆز ئالدىغا قىلىپ ئىگىلىك تىكلەش ئىمكانىيىتى تۇرسىمۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدىكەن. خوجايىنىنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىپ، شۇ ئىشنى تاپشۇرغانلىقىنى ياكى ئۆزىگە بولغان يۈكسەك ئىشەنچىنى دۇنيادىكى ھەرقانداق بايلىقتىنمۇ كاتتا بايلىق ھېسابلايدىكەن. بىرەر ھىندىستانلىق ئائىلە خىزمەتچىسى بولۇپ كىرگەن ئۆيدە ئۇ شۇ ئائىلىنىڭ ئەزاسىغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن. ھىندىستانلىق

خىزمەتچىلەر بىر شىركەتكە كىرسە تاكى ئۆزى كېتمەن دېمىگۇ-
چە، شىركەت پىنسىيىگە چىقارمىغۇچە ۋە ياكى شىركەت ۋەيران
بولۇپ تاقىلىپ قالمىغۇچە خوجايىنىدىن ئايرىلمايدىكەن ...
ھىندىلار ۋۇجۇدىدىكى بۇ خىل خىسلەتلەر ئۇنىڭ ئائىلە ئەخلاقى
بىلەن مائارىپىنىڭ غەلىبىسى بولۇپ، ئۇلار يۈكسەك ئەخلاق ئار-
قىلىق يەر شارىدىكى ناھايىتى كۆپ ئىش ئورۇنلىرى، ئىش
پۇرسەتلىرىنى، ئەڭ مۇھىمى «ئىشەنچ» تىن ئىبارەت كاتتا بايلىق-
نى ئىگىلىۋالغان. قىسقىسى، ھىندىستانلىقلار ئەخلاق، ئىشەنچ
ئارقىلىق دۇنيانى جەلپ قىلماقتا، ئىگىلىمەكتە، شۇڭلاشقىمۇ
نۆۋەتتە دۇنيادىكى سودا - سېتىق، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت
ساھەلىرىدە ھىندىستانلىق يوق يەر بارغانچە ئازلىماقتا.

ۋەھالەنكى، بىزنىڭ ئۇتتۇرۇۋاتقىنىمىزمۇ دەل ھىندىستان-
لىقنىڭ ئەكسىچە، ئەخلاق كەمتۈكلۈكىدىن بولۇۋاتىدۇ. بەزى
چوڭلىرىمىزدا چوڭچىلىق بار، ئەمما ئەخلاق كەمچىل؛ بەزى
كىچىكلىرىمىزدە ئاتىكارچىلىق بار، ئەمما ئەخلاق كەمچىل؛ سو-
دىمىزدا رىقابەت بار، ئەمما سودا ئەخلاقى كەمچىل؛ مەدەنىيىتى-
مىز بار، ئەمما ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشىمىز كەمچىل. تۈرلۈك
كەسپلىرىمىز بار، كەسپىي ئەخلاق كەمچىل. ئىشقىلىپ، ۋۇ-
جۇدىدا ئېسىل ئەخلاق يوق ئادەملەر خېلىلا كۆپ... بىزدە ئىنسان-
نىڭ ئەڭ كاتتا بايلىقى بولغان ئېسىل ئەخلاق كەمتۈك بولغانلىق-
تىن، كۆپلىرىمىز ئېرىشكەن بايلىق خىيانەتكارلىق، زوراۋان-
لىق، ھىيلە - مىكىر، چاپانچىلىقتىن كەلگەن ھارام بايلىق
بولغاچقا، بۇ بايلىقتا يا ھالاللىق يوق، يا ئىشەنچ يوق. چوڭلىرىدا
چوڭچە، كىچىكلىرىدە كىچىكچە ئەخلاق تولۇق بولمىغاچقا، ئا-
دەملەر ئورتاق قۇرغان بۇ جەمئىيەتتە جەمئىيەت ئەخلاقى سۇس،
ئەگەر يۇقىرى بىسىملىق دۆلەت كۈچى كونترول قىلىپ تۇرمى-
سا، بۇ جەمئىيەتنىڭ چىرايلىق كۆرۈنۈشىنى ۋە ئامىنۇى ئەخلاق-
نى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، گۈزەل

ئەخلاقىمىزغا تايىنايلى، بالىلىرىمىزغا، ياشلارغا بولغان ئەخلاق تەربىيىسىنى بوشاشتۇرۇپ قويمايلى.

## 25 . ئۆزىنى قوغداش ئېڭىدىكى ئىسراپچىلىقلار

بىزدە ئەزەلدىن تارتىپ ئۆزىنى قوغداش ئېڭى ئورنىغا چەك-سىز كەڭ قورساقلىق، چەكسىز داستىخان، چەكسىز مېھرىبان-لىق داۋام قىلىپ كەلدى. بىر خىل ئىلاھلاشقان ئىشەنچ، ئاق كۆڭۈللۈك، ساددىلىق بىزگە دائىملىق ھەمراھ بولدى. بىزدە جاسارەت بار، تەدبىر يوق؛ قاراملىق بار، ياراملىق يوق.

ئىگىلىك تىكلەش ۋە گۈللىنىش جەھەتتە، تارىخىمىزدا نۇر-غۇن پايدىلىق پۇرسەتلەر بولغان، يەنى جاسارەت بولغان، مۇنا-سىپ تەدبىر بولمىغان. بىز بۇنى «ئامەت كەلمىگەن» دەپ خۇلا-سىلەپ كەلدۇق. دېمەككى، بىزدىكى بارلىق قوغداش ئېڭىنى ئاق كۆڭۈللۈك، گۆدەكلىك ئىگىلەپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە ھەممى-مىز بەتتەر ئىسراپ قىلىۋاتقىنىمىز سالامەتلىكىمىزدىن ئىبارەت تەبىئىي بايلىقىمىز بولغان ئىسسىق جانىنى تۇزۇك قوغدىيالماي قىيناپ، بالدۇر كېسەل بولۇش، بالدۇر دورا يېيىش، بالدۇر دوختۇرخانىغا يۈگۈرۈش، بالدۇر ئۆلۈش ۋە ياكى تاپقان ـ تەرگى-نىمىزنى دوختۇرخانىغا تۆكمە قىلىپ بېرىشتە مۇسابىقىگە چۈش-كەندەك دېسەك مۇبالىغا بولمايدۇ. بىزنىڭ ھەربىر ئائىلىمىز، ھەربىر يۇرتلىرىمىز، شەھەر ـ بازارلىرىمىزدا كېسەل بولمىغان ئادەم، كېسەل بولمىغان ئائىلە ئاز. «ساغلام بولمىغان ئەلدە، ساغلام جەمئىيەت بولمايدۇ. ساغلام بولمىغان جەمئىيەتتە ساغلام ئادەم بولمايدۇ. ساغلام بولمىغان ئادەملەردە ساغلام ئەقىل بول-مايدۇ، ساغلام بولمىغان ئەقىلدە ساغلام ئەخلاق بولمايدۇ» دەيدۇ

بۈيۈك مۇتەپەككۇر، شائىر ئەلىشىر نەۋائى.

كېسەل بولۇش، قېرىش، ئۆلۈش دېگەنلەر تەبىئەتنىڭ قانۇ-نىيىتى بولسىمۇ، رايونىمىزدا يەر شارىدا بار كېسەللىكنىڭ ھەم-مىسى بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا پەيدا بولمىغان كېسەل-لىكلەرمۇ كەينى - كەينىدىن بايقالماقتا. شۇڭا، يەر شارىدىكى تېببىي پەن ئالىملىرى بۇ يەرنى تەجرىبە - تەتقىقات بازىسى قىلىشقا تىرىشماقتا. ھازىر ھەممىدىن يامان بولغىنى ھالاكەت دېڭىزى تەكلىماكان بولماستىن، تەكلىماكان بويىدا ياشاۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەيدىز كېسىلىنى يۇقتۇرۇۋېلىشى خەۋپ-كە ئايلانغان بولۇپ، كىشىلەرنى چۆچۈتتى.

تەكلىماكاننى يەر شارى ئادەملىرى ھاياتلىق چەكلەنگەن ما-كان، ھاياتلىقنىڭ ھالاكەت ماكانى دەپ تونۇغان چاغدا، ئاتا - بوۋىمىز مانا مۇشۇ ھالاكەت ماكانىنى ھاياتلىق ماكانىغا ئايلاندۇ-رۇپ ياشاپ، بىزنى ئاپىرىدە قىلىپ، بىزنى بېقىپ ئادەم قاتارىغا قوشقانىدى. بىز ھېچكىم ياشىيالمىغان يەردە ياشاپ ئادەم بولغان خەلق ئىدۇق! ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە بىز تەكلىماكاندىن يۈز ھەسسە قورقۇنچلۇق، ھالاك قىلغۇچى يات بىر كېسەللىكنى تەن-لىرىمىزگە يۇقتۇردۇق. مەرەز كېسەللىك بىزدە گۈللەپ - ياش-ناپ، كۆكلەشكە باشلىدى. بۇرۇن جاھانگىرلار، زومىگەرلەر يەر - زېمىنىمىزنى خارابە، مەنىۋى دۇنيارىمىزنى قۇرغاق قىلغان بول-سا، مانا ئەمدى مۇدھىش كېسەللىك چىرايلىق تەنلىرىمىزنى ۋەيران ۋە ھالاك قىلغىلى تۇردى. ھەممىدىن يامان بولغىنى، بىزنى ئەۋلادلارغا ئۇلايدىغان ئوغۇل - قىزلىرىمىز (يىگىت بو-لۇپ ئەر بولىدىغان، چوكان بولۇپ ئانا بولىدىغان قىزلىرىمىز)، يېقىن كەلگۈسىدە بىز بولىدىغان ياشلىرىمىز، ھەر كۈنى تېز سۈرئەت بىلەن ئەيدىز كېسىلىگە مۇپتىلا بولماقتا. بۇنىڭ بىرسى زەھەر چەككەنلەردىن، يەنە بىرسى «ساتىراشخانا» نامىدىكى پاھى-شىخانا ۋە ئاللىقانداق ناملىق ئىشرەتخانىلاردىن تارقالدى. بالاغەت

يېشىدىكى بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ سارالڭ، غالجىر ئىنتىلىشلىرى ئۇلارنى كېسەللىك ئەۋرەزلىرىگە بىر - بىرلەپ چۆمدۈرۈشكە ئۈلگۈردى! ئېتىقادى مۇستەھكەم ئائىلە بالىلىرى بۇنداق بۇ. زۇق، چىرىك كويلاردا بولماي، بۇ ھالاكەتتىن ئامان قالغان بولسىمۇ، ئېتىقاد چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆزىچە خۇشاللىق تاپقان بىر قىسىم ياشلار مەرەزلىرىنى بىر - بىرىگە يۇقتۇرۇشماقتا...

مانا بۇلار بىزنىڭ ئۆزىمىزنى، ساغلاملىقىمىزنى قوغداش ئېڭىمىزنىڭ ناچارلىقىدىن، نەپسىمىزنىڭ نەچچە تىنىقلىق راھە. تىنى دەپ، پۈتۈن - سۆرۈك تەننى «مەرەز بازىرى» غا تاشلىغان. لىقىمىزدىن بولدى. شۇڭا، ھەربىرىمىز ئۆزىمىز ۋە ئوغۇل - قىزلىرىمىزغا مەسئۇل بولۇپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا چېنىقىشقا ئەھ. مىيەت بېرىشىمىز؛ يېمەك - ئىچمەك قۇرۇلمىمىزغا دىققەت قىلىشىمىز؛ ناشايان ئىشلارغا ئورۇن بەرمەي، جانئالغۇر كېسەل. لىكلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشتىن ھەزەر ئەيلىمىكىمىز لازىم.

## 26. دوستلۇق مېھىر - مۇھەببەتنى مەڭگۈلۈك بولسۇن

دوستلۇق مېھىر - مۇھەببەتنى ئاجايىپ سىرلىق ۋە سېھىر. لىك بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىنساننىڭ ئاتا - ئانىسى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ تولدۇرۇپ بولالمايدىغان كۆرۈنمەس بوش. لۇق، ئىنساننىڭ يېتىشسىز جايلىرىغا كۈچ ئۇلايدىغان كاتتا بايلىق. ئىنسان ئۆز ئاتا - ئانىسىغا بىلدۈرەلمەيدىغان مەخپىيەت. لىرىنى، سىرلىرىنى دوستىغا تۆكۈپ، ھاياتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، مەنىۋى دۇنياسىدىكى غورىگىلچىلىكنى يوقىتىدۇ، يالغۇزلۇق - ئاجىزلىقنى يېڭىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق تۇرلۇك ئېغىر. چىلىقلاردىن قۇتۇلىدۇ.

ئېنىقكى، ئادەم بالىسى تۇغۇلۇپ، تەمتىلەپ ماڭغاندىن باشلاپ ئاتا ـ ئانا، قوۋم ـ قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقاندىن قالسىلا، ئۆزىنى بىر توپ دوستلىرى بىلەن كۆرىدۇ. «دوست» دېگەن بۇ ئاتاق ئىنسان ئۆمرىگە باشتىن ـ ئاخىر ھەمراھ بولۇپ ماڭىدۇ. چۈنكى، ئىنسان يالغۇز تۇغۇلغىنى بىلەن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە يەككە ـ يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ھەم ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا، ھەقىقىي دوستىتىن باشقا نەرسە ئورنىنى تولدۇرۇپ بولالمايدىغان «قەلب بوشلۇقى» نى ئىنسان بەزىدە ئاڭلىق، بەزىدە ئاڭسىز ھېس قىلىدۇ. گەرچە، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنمەس قانداش ـ قېرىنداشلىق رىشتى ھەربىر ئىنساننىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى توختاۋسىز ئۇلغايتىپ تۇرسىمۇ، ئىنساننىڭ كۆڭۈل كۆزى ئۆزىدىكى بۇ بوشلۇقنى ھەر دائىم ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئاشۇ خىل زۆرۈرىيەت ئادەمنى دوستلۇققا، دوست ئىزدەشكە ئىنتىلدۈرىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا شۇنداق ئىشلارغا يولۇقىمىز: ئادەم ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن دائىم بىللە تۇرسىمۇ، كۆڭلى دوستلىرىنى تارتىپ، دوستلىرىنىڭ يېنىغا يۈگۈرەيدۇ. كۆپ ھاللاردا ئادەمنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن بىرگە تۇرغان ۋاقتىدىن دوستلىرى بىلەن بىللە تۇرىدىغان، ئۇچرىشىدىغان ۋاقتى جىق بولىدۇ، ھەتتا بەزى ھاللاردا ئۆزىنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان، دەردىگە دەرمان بولىدىغان دوستىنىڭ كىشى قەلبىدىكى ئورنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا قارىغاندا يۇقىرى، مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن! بۇنىڭدىن قارىغاندا، دوستلۇق مېھرى — ئىنسانغا قېرىنداشلىق مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان روھىي بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى دوستلۇقنى ئىنتايىن قەدىرلەيدىغان، دوستلۇق مېھىر ـ مۇھەببىتى ئۈچۈن مال ـ دۇنياسىدىن، ھەتتا

جېنىدىن كېچىشكە تەييار تۇرالايدىغان خەلق. خەلقىمىزنىڭ توپ-لىشىپ - جامائەت بولۇپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدىغان، بىر - بىرىنىڭ دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولۇپ ئۆتىدىغان ئېسىل ئەنئەنىسى بار. قەدىم ئەجدادلاردىن مىراس بولۇپ كەلگەن بۇ كاتتا بايلىق خەلقىمىزنى ئاجايىپ دەھشەتلىك پاجىئە، ئېغىر كۈنلەردىن هالقىتىپ، «خاپىلىق ئىچىدىن تەسەللى، ئازاب ئى-چىدىن مەنىۋى لەززەت تېپىپ ياشىيالايدىغان، توغراقتا ئوخشاش چىداملىق» هاياتلىق كۈچىگە ئىگە قىلغان. خەلقىمىز «مېلىڭ مىڭغا يەتكۈچە دوستۇڭ مىڭغا يەتسۇن» دېگەن ئاڭ - ئەقىدە بىلەن ياشايدىغان بولغاچقا، «يالغۇزلۇق — غېرىبلىق - ئاجىز-لىق» دەپ قارايدۇ. بايلىقىدىن، مال - دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەمەس، بەلكى دوستلىرىدىن، جامائىتىدىن - خەلقى-دىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەڭ قورقىدۇ. دوستىدىن، ئەلدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئۆلۈمدىن بۇرۇنقى ئۆلۈم، ئۆلمەي تۇرۇپ ئۆلۈش، دەپ تونۇيدۇ. مانا بۇ، دوستلۇقنىڭ، دوستلۇق مېهىر - مۇهەببىتىنىڭ كۈچى.

ئۇزاق تارىخىمىزغا نەزەر سالساق، ئۇيغۇر خەلقى دوستلۇق-نى ئەزەلدىن قەدىرلەپ كەلگەن. ئەمما دوستلۇق ئۇچۇن ئاز بەدەل تۆلىمىگەن: مېلىدىن، بايلىقىدىن، يەر - ئۈيلىرىدىن، بالا - چاقىسىدىن، ۋەتىنىدىن هەتتا جېنىدىن ئايرىلىش بەدىلىگە دوستلۇقنىڭ تۇز - هۆرمىتىنى ساقلىغان؛ ئۆز يۇرتىدا مۇساپىر هالەتكە چۈشۈپ قالسىمۇ، دوستلۇق ئۇچۇن تارتقان زىيىنىدىن، ۋەيرانچىلىقىدىن ۋايسىمىغان. مانا بۇ ئۇيغۇر روهى! ئۇيغۇرلار تارىختا بېشىغا كۈن چۈشكەن، ماكانسىز قالغان نۇرغۇن غېرىب - مۇساپىرلارغا ئاش - نان، ماكان بەرگەن، بېشىنى سىيلىغان. تاغنىڭ خۇيىنى ئېلىپ تاغدەك يۆلەك بولغان، سۇ-نىڭ خۇيىنى ئېلىپ تەشنالارنى قاندۇرغان، قۇياشنىڭ خۇيىنى ئېلىپ يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق، قۇۋۋەت ئاتا قىلغان، يامغۇر

بولۇپ شەيقەت ياغدۇرغان. خەلقىمىز ۋۇجۇدىدا تەبىئەتنىڭ سىپ-
خىي خۇي - پەيلى تولۇق مۇجەسسەملەشكەن مۇكەممەل مەدەنى-
يەت ئەنئەنىسى بار، بولۇپمۇ دوستلۇق، سېخىيلىق، مەردلىك،
چىدامچانلىق ۋە چەكسىز بەدەل تۆلەش روھى بار. شۇڭا، بۇ
خەلق تەكلىماكاننى مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ماكانى قىلىپ تاللىغان!

شۇنداق، ئۇيغۇر خەلقى تارىختا نۇرغۇن قوۋملارنى، تۇرلۇك
تەبىقىدىكى ئىنسانلارنى ئىللىق قوينىغا سىغدۇرۇپ كەتكەن بول-
غاچقىمىكىن، بۇگۈنكى كۇنلەردە بىر خىل مىللىي ساپلىقنىڭ
ئاز - تولا بۇزۇلغانلىقى ئۇنداق ياكى مۇنداق شەكىللەر بىلەن
نامايان بولماقتا. تۇرقى، تىلى، گەپ - سۆزى ئۇيغۇرغا ئوخشى-
سىمۇ، ئەمما خۇي - پەيلى، مىجەز - خاراكتېرى ئەسلىگە
ئوخشىمايدىغان، بىر خۇيى ئۇ قوۋمغا، بىر قىلىقى بىر قەبىلى-
گە، بىر خۇيى تاغلىققا، بىر خۇيى تۇزلەڭلىك جامائىتىگە ئوخ-
شايدىغان شالغۇت خۇيلۇق ئادەملەر ئاندا - ساندا كۆرۈلمەكتە.
ئاشۇنداق بىر تۇركۇم كىشىلەر مىللەت ئەزاسى سۈپىتىدە مىللەت-
نىڭ ئەسلىي خاراكتېر - سۈپىتىگە يات ئادەتلەر، سۆز - ھەرى-
كەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى،
تەبىئەت خۇيلۇق ئېسىل بايلىقىنى بۇلغاپ، ئاشۇ بۇلغاشتىن
خۇشاللىق، بايلىق، يۇز، پۇل، ئورۇن، گەپ تېپىپ ياشاشقا
ئۇرۇنۇپ، مىللەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە، شەرەپلىك خىسلىتى-
گە لاي - لانقا بولۇپ چاپلاشماقتا. ئاشۇنداق بىر قىسىم كىشىلەر
دوستلۇقنى «ئويۇنچۇق»، دوستلۇقتىكى مېھىر - مۇھەببەتنى
«شۇلۇۋېلىش»، دوستلۇق رىشتىنى «پايدىلىنىۋېلىش»، دوست-
لۇق ئەقىدىسىنى «خىيانەت»، دوستلۇق تۇزىنى «چاقما تۇزلۇق
قاپاق»، دوستلارنى بىر قېتىم ئىشلىتىپ تاشلايدىغان «ياغاچ
قازان» — ئەتىگەندە نان خالتىسى، كەچتە ئەخلەت خالتىسى
قىلىۋالماقتا. دوستىنى ئادەم ئەمەس، مىنىدىغان ئېشەك (تۇگ-
مەنگە بېرىپ - كېلىدىغان قاتناش قورالى، يۇك توشۇيدىغان

هامىمال) ، قاۋايدىغان ـ چىشلىتىدىغان ئىت، يامغۇردا كىيىۋې-لىپ كۆن چىققاندا تاشلىۋېتىدىغان ئەسكى چاپان ئورنىدا كۆرۈپ كولدۇرلىتىشنى كەسىپ قىلىۋالماقتا. ئۇنداقلارنىڭ نەزىرىدە دوستى گويا يەسلى بالىسى، بىراۋلارغا قورقاق سالىدىغان ئىتى، دان چېچىپ ئوينىسا بولىدىغان چۈجە ـ خورازلىرى، ئوۋ تاماشا-سىدىكى ئەرمىكى. گۆشىدە مەززىلىك كاۋاپ قىلغىلى بولىدى-غان، قوش مەنپەئەت بېرىدىغان پاقلان قوينىڭ تېرىسى، يۇڭى، گۆشى، سۈتى، ئۇستىخىنى ئىدى. ۋاقىتلىق تايىنىپ تۇرسا پۇل تېپىشىپ بېرىدىغان ھاسىسى، ماشىنىسى؛ دوستىغا خىيانەت قىلىپ يۈز تاپىدىغان قالقىنى، دوستىغا تايىنىپ بېشىغا دەسسەپ ئۆرلەيدىغان شوتىسى··· قىسقىسى، دوستى ئادەم ئەمەس نەرسە، ئادەم ئەمەس پۇل، ئادەم ئەمەس بايلىق، ئادەم ئەمەس ئىناۋەت، ئاخىرى يەنە پۇل، بايلىق! ئۇنداقلار ھېچكىمنى ھەقىقىي مەنىدى-كى «دوست» قاتارىدا كۆرمەيدۇ. ئالدىدا دوست، كەينىدە دۈش-مەن، ئاغزىدا دوست، دىلىدا ئۇ بىر مەنپەئەت. ئۇنىڭدىن ماختاپ پايدا ئالغىلى بولسا ماختاپ، تىللاپ پايدا ئالغىلى بولسا تىللاپ، تۆھمەت قىلىپ پايدا ئالغىلى بولسا تۆھمەت قىلىپ، ئىناۋەتكە مەبلەغ قىلغىلى بولسا ئىناۋەت قىلىپ··· ئىشقىلىپ، ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش قىممىتى بولسا ئەنە شۇنداق پايدىلىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ساپ ئىنسانىي دوستلۇق بولمىغان «پايدا ـ مەنپەئەت»نى دوستلۇق دەپ قاراش ياكى ئادەم بىلەن غەرەزلىك دوست دەپ قاراش ياكى ئادەم بىلەن غەرەرسىز دوست بولماسلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دوستلۇق ئەنئەنىسىگە، دوستلۇق مەنتىقىسىگە خىلاپ قىلمىشتۇر. يەنە دوستلار بىلەن دوستلار، توپلار بىلەن توپلار، جامائەت بىلەن جامائەت، ئائىلە بىلەن ئائىلە، ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىغا داۋاملىق پىتنە قىچىسى چېچىش، ئارىغا سوغۇق-چىلىق سېلىش ھېسابىغا نەپ ئېلىشنى ھۈنەر ـ كەسىپ قىلىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دوستلۇق ئەقىدىسى ۋە تۇتقان يولىغا خىلاپ

يولدۇر. خەلقىمىز بۇنداق شەرمەندىلەرچە دوستلۇقتىن نەپرەتلىنىدۇ. بۇنداق دوستلۇق ئوتى پاخال ئوتىدەك، ياغاچ قازاندەك ئۆمرى قىسقا بولۇپ، ئۇزاققا بارمايدۇ.

بىز چىن يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان سەمىمىي دوستلۇقنى، ۋاپادارلىققا، باراۋەرلىككە ۋە ساداقەتمەنلىككە تولغان ھەقىقىي دوستلۇقنى ئىستەيمىز. سۈن ۋۇكۇڭنىڭ 72 خىل ماھارىتىدەك ئۆزگىرىشچان دوستلۇق بىزگە ھېچقاچان ئىناقلىق ۋە ئاسايىشلىق ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. شۇڭا، بىز ئەجدادلاردىن تەۋەررۈك بولۇپ كېلىۋاتقان دوستلۇق مىزانلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئۇنى قەدىرلەپ - ئاسراپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا پاكىز ھالەتتە مىراس قىلىپ قالدۇرۇشىمىز كېرەك. دەۋر ۋە زامان ھەرقاچان سەمىمىي ئىناقلىققا موھتاج!

## 27. شەھەر - بازار قۇرۇشتىكى ئىسراپچىلىقلار

دەۋر ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىپ، رىقابەت كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، شەھەر - بازار قۇرۇش، كۆپلەپ مەبلەغ جەلپ قىلىپ قۇرۇلۇش قىلىش ئومۇمىي يۈزلىنىش بولۇپ ئىپادىلەنمەكتە. قاتناش، ساياھەت، سودا - سېتىق، ئالاقە، ئۇچۇرلىشىش قەدىمى ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن تېز بولماقتا. ئوتتۇرا ئەسىر چۈشەنچىسىدە، قەلئە - ساراي كۆپ بولسا، بىنا - ئۆيلەر قانچە ئېگىز بولسا، سېپىل، دەرۋازىلار قانچە مۇستەھكەم بولسا، قانچە قىستا - قىستاڭ بولسا «ئاۋات شەھەر» ، بەختەر شەھەر بولاتتى. ھازىرقى زامان تۇرمۇشى بۇنىڭغا ئوخشاشمايدۇ. بۈگۈنكى ئۇچۇرلىشىشنىڭ تېزلىكى، مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە دۇنيانىڭ ئۇ چېتى بىلەن بۇ چېتىنى

تۇتاشتۇرۇپ بولىدۇ. «مەشرىقتە تۇخۇم قويسا، مەغرىپتە كۆرۈ-
نۇش» تەك يېڭى ھالەت ئاللىقاچان ئىشقا ئېشىپ بولدى! ئىلگى-
رىكىدەك، بىر قاپ سەرەڭگىگە ئىككى تۇخۇم، بىر شېشە كىر-
سىنغا بىر چارەك بۇغداي، بىر شېشە ئاچچىقسۇغا بىر توخۇ ياكى
بىر بولاق چاقماق قەنتكە بىر تېرە، بىر بوتۇلكا هاراققا بىر
قوينى تېگىشىدىغان دېھقان ـ چارۋىچى ھازىر يوق. تاغدىكى قوي
شەھەردىكىدىن قىممەت، تاغدىكى ئات كىراسى شەھەردىكى «تاك-
سى» كىراسىدىن قىممەت، ئېتىز بېشىدىكى دان شەھەردىكى
ئۇندىن قىممەت... مانا بۇ ئالمىشىش دېھقان ـ چارۋىچىلىرىمىز-
نىڭ «شەھەرلىشىش» ئېڭىنىڭ يۇقىرىلىشىپ بولغانلىقىنى، شە-
ھەر بىلەن سەھرا پەرقىنىڭ يوقىلىشىغا باشلىغانلىقىنى نامايان
قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى
ۋە تەلىپى، ئەلۋەتتە.

ھەقىقىي مەنىدىن چۈشىنىدىغان بولساق، «تەرەققىيات» ئا-
تالغۇسى يالغۇز تەرەققىياتىنىڭ تاشقى پوستىنىلا ئەمەس، ئىچكى
قاتلىمىنىمۇ تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇشى، كەڭ تەبىئەت بىلەن ماس-
لىق ھاسىل قىلىشى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى، كەيپىياتى، يۈ-
رۈش ـ تۇرۇشى، ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە گەپ ـ سۆزى...
قاتارلىقلاردىمۇ تەرەققىيات ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى كېرەك.
شۇنداق بولغاندىلا، «ھەقىقىي تەرەققىيات» ئىشقا ئاشقان بولى-
دۇ. ئېنىقراق ئېيتساق، كىشىلىرىمىزدە دۇنيانىڭ تەرەققىيات
سەۋىيىسىگە يېتىشىپ ماڭالايدىغان ياكى ئەڭ ئىلغار پەن ـ تېخ-
نىكا قورال ـ ئۈسكۈنىلىرىدىن بىمالال پايدىلىنالايدىغان ساپا،
قابىلىيەت ھازىرلانغان بولسا، ئاندىن تەرەققىيات مېۋىسىنىڭ
مۇناسىپ ھوسۇلى بولغان بولىدۇ. بۇنداق تەرەققىيات مۇستەھ-
كەم، ئۈزلۈكسىز ۋە مەڭگۈلۈك بولىدۇ. ھازىر توختىلىۋاتقىنى-
مىز بۇ مەسىلە ئەمەس، بەلكى «تەرەققىيات» ئۇقۇمىنى قانداق
چۈشىنىش ۋە تەرەققىيات جەريانىدىكى بىر تەرەپلىمە ئىش ـ

ھەرىكەتلەر. چۈنكى، تونۇش ـ قاراش ئىلمىي بولمىسا ياكى توغرا بولمىسا، شۇ خىل قاراش يېتەكچىلىكىدە قىلىنغان ئىش ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققىدىغان نەتىجە كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ.

مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، «تەرەققىيات» ھازىرقىسى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا جاپاسى ئاز، پايدا ـ نېپى كۆپ، زىيانسىز، قولاي ۋە ھەممىگە يېقىشلىق بولۇش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالسا كېرەك. بۇ يەردىكى مۇلاھىزىمىز شەھەر ـ بازار قۇرۇش جەھەتتىكى مەزمۇن بولغاچقا، بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ كۆرىمىز. ئېنىقكى، شەھەر ـ بازار قۇرۇش، كۆپلەپ قۇرۇلۇش قىلىش، بۇ ئارقىلىق ئاممىغا قولايلىق يارىتىش ناھايىتى ياخشى ئىش. گەپ بۇ جەرياندىكى ئىلمىي پىلانلاش، يىراق كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتۇش، تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنى قوغداش، مۇھىت ۋە سالامەتلىك قاتارلىقلارنى ئەتراپلىق ئويلىشىش مەسىلىسى. بۇلاردىن باشقا، ھەربىر رايوننىڭ ئەۋزەللىكىگە ھۆرمەت قىلىش، توپلىشىپ ياكى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىش، ئومۇملۇق بىلەن خاسلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىقلارمۇ بار. بىز نۆۋەتتە قارايدىغان بولساق، بەزى ھاللاردا يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە بىلىپ ـ بىلمەي سەل قارىلىپ قالىدىغان ئەھۋاللارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. مىسال: بوستانلىقلارنى، تېرىلغۇ يەرلەرنى، ئېتىزلاردىكى پىشىۋاتقان زىرائەتلەرنى بۇزۇپ ياكى خالىغانچە ئىگىلەپ قۇرۇلۇش قىلىش ـ دۇكان سېلىش، مېھمانساراي سېلىش، كۆڭۈل ئېچىش ئورنى بەرپا قىلىش، تەبىئەتكە زىيانكەشلىك قىلىشتەك ئىشلار ھەممە يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سېلىنىۋاتقان بىنالارنىڭ يورۇقلۇق چۈشۈرۈشى، كۆكەرتىلىشى ئۆلچەمگە يەتمەسلىك، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش يۈرۈشمەي، چوڭ ـ كىچىك تۇرخۇنلۇق پارقازانلار كۆپ بولۇش، ھاۋا ئۆتۈشۈش راۋان بولماي، بۇس ـ ئىس بىلەن

بۇلغىنىش ئېغىر بولۇش، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرى ئەتراپىـ
غا سانائەت كارخانىلىرىنى قۇرۇش سەۋەبلىك ھاۋا ـ مۇھىت
ناچار بولۇش، ئىچىملىك سۇنىڭ ئىسراپ بولۇشى ياكى بۇلغىنىـ
شى ئېغىر بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ياخشى ھەل بولماي كېلىـ
ۋاتىدۇ. كۆپلەپ مەبلەغ سېلىنىپ قۇرۇلغان كاتتا دۇكان ـ
سارايلار ۋاقتىدا ئىشلىتىلمەي، ئەخلەتخانىلارغا ئايلىنىپ قېـ
لىش، ئولتۇراق ئۆيلەرنى پۇقرالار سېتىۋېلىشقا قۇربىتى يەتـ
مەسلىك، چوڭ ـ چوڭ قۇرۇلۇشلاردا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ
بىناكارلىق ئۇسلۇبى، ئولتۇراقلىشىش ئالاھىدىلىكلىرى گەۋدىـ
لەنمەسلىكتەك نامۇۋاپىق ئىشلار ئاندا ـ ساندا كۆرۈلۈۋاتىدۇ.
يۇقىرىقىلارنىڭ بىر قىسمى ھۆكۈمەت تارماقلىرى ھەل قىلىشقا
تېگىشلىك ئىشلار بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى بىزدەك ئاۋام ـ
پۇقرالارنىڭ زىچ ماسلىشىشى، ئەمەلىي قول سېلىپ ھەمكارلىـ
شىشى بىلەن ئىشقا ئاشىدىغان، ياخشىلىغىلى بولىدىغان ئىشلار-
دۇر. چۈنكى، بىر رايون، بىر شەھەر ـ بازارنىڭ مۇھىتى،
مۇھىت تازىلىقى، كۆكەرتىلىشى ياخشى بولمىسا ياكى كۆكەرتىـ
لىشى ياخشى بولۇپ، ئاسراش ـ پەرۋىش قىلىنىشى ياخشى
بولمىسا، بىرمۇنچە ئىشى ياخشى بولۇپ، مۇھىم بىر ئىشى ياخـ
شى بولمىسا... ئوخشاشلا ھەممە كىشىنىڭ تۇرمۇشى، ئارام
ئېلىشى ياكى خىزمەت قىلىشىغا، سالامەتلىكىگە زىيانلىق بولۇپ
قالىدۇ، كېسەللىكلەر تېز يامراپ، نۇرغۇن ئادەمگە بىھۇدە ئاۋا-
رىچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ... بىز بۇ يەردە ھەربىر كىشىنىڭ
ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتقا، ئۆزى ياشاۋاتقان رايوننىڭ تۇرلۇك
ئىشلىرىنىڭ ئىلمىي تەرەققىياتىغا، ئازادە ـ كۆركەملىكىگە،
جەلپكارلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ياردەمدە بولۇشى كېرەكلىكىنى
يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ قويماقچى، خالاس. يەنە بىر تەرەپتىن
ئالاقىدار سىياسەت بەلگىلىگۈچى، ئىش ئورۇنلاشتۇرغۇچى ۋە
بېجىرگۈچى تارماقلارنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا، كەلگۈسىنى نەزەردە

تۇتقان ھالدا تەدبىر بەلگىلىشىنى؛ ئېچىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ھەربىر جاينىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ تۇرۇپ تەرەققىيات ئەندىزىسى بېكىتىشىنى؛ بىر تەرەپلىمە، ۋاقىتلىق تەرەققىيات بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىشنى تەكلىپ قىلماقچى. چۈنكى، بىزنىڭ باغلار، تاغلار، يايلاقلىرىمىزدا، بۇلاق، كۆللىرىمىزدە «كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭمۇ ھەققى بار!»

## 28. قەبرىستانلىقتىكى ئىسراپچىلىقلار

قەبرە — تىرىكلىك ھاياتى ئاخىرلاشقان ئىنساننىڭ ياتار جايى بولۇپ، ئۇ يەرگە بېرىشتىن قۇتۇلۇپ قالالايدىغان ئىنسان تېخى تۇغۇلۇپ باقمىدى. يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان ھەرقانداق بىر ئىنسان مۇناسىپ ھاياتنى ياشاپ بولغاندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا قەبرىگە كىرىپ كېتىدۇ، بۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى. دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ دەپنە ئادەتلىرى ئوخشاشمايدۇ، تۇرلۇك دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر توپىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئۆلۈم ئۇزىتىش، قەبرە ياساش ئادەتلىرى بولىدۇ. ئۆزىمىز ئۇستىدە توختالساق، بوگۇنكى ئۇيغۇر خەلقى دۇنيادىكى بىر مىلياردتىن ئارتۇق مۇسۇلمان خەلقى قاتارىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ ۋە دەپنە ئىشلىرىنى ئىسلام قائىدىلىرى بويىچە ئېلىپ بارىدۇ. ئىسلام ئەقىدىلىرى بويىچە، «ئادەم توپىدىن يارىلىپ، يەنە توپىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.» نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، بەزى يۇرتلارنىڭ قەبرىستانلىقىدىكى ئىسراپچىلىق كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالماي قويمايدۇ. قارايدىغان بولساق، بەزى قەبرىستانلىقلار ھەشەمەتلىك شەھەر تۇسىنى ئالغان: ئېسىل كاھىشلار چاپ-

لانغان بېتون قۇرۇلمىلىق قەبرىلەر، داتلاشماس پولاتتىن قۇراش-تۇرۇلغان ئېسىل جاھازلار، ھەيۋەتلىك گۈمبەزلەر بىر ـ بىرى-دىن چوڭلۇق تالىشىپ تۇرۇشماقتا. ئۆلۈپ كەتكەن مەرھۇملارمۇ خۇددى تىرىكلىكىدەك ئەمەل ـ دەرىجىسى بار، باي ـ كەمبەغەل-لىك پەرقى ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىلمەكتە. قوپالراق ئېيتساق، تىرىكلىكىدە مۇسۇلمان بولمىغان، تىرىكلىكىدە مۇسۇلمانچىلىق يولىغا مېڭىپ باقمىغان قىسمەن كىشىلەرنىڭ ئۆلۈكى تەقۋادار مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسىتىلمەكتە. بۇنىڭ بىلەن، قەبرىنى ھە-شەمەتلىك قاتۇرۇش، ھەشەمەتلىك بېزەش، ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىش، «باشقىلاردىن چېنىپ قالماسلىق ئۈچۈن» زورلاپ، بىھۇدە پۇل خەجلەش... مودا بولماقتا. ئاشۇنداق قىلمىشلارنىڭ ئەلۋەتتە ئۆزىگە تۇشلۇق گېپى، چۈشىنىشى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇنداق قىلىش دۇرۇس ئەمەس. تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، بۇنداق قىل-مىشنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ئاخىرەتلىكى بىلەن، باشقىلار-نىڭ چۈشىنىشىدىكى «ئۇ دۇنيالىقى» بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق! بۇ پەقەت پۇل ـ مالنى بىھۇدە بۇزۇپ ـ چېچىشتىن باشقا ئىش ئەمەس. بۇ يەردە تەكىتلىمەكچى بولغىنىمىز: نەزىر ـ چىراغلاردا ھەشەمەت قوغلىشىشتىن ساقلىنىش، ئاددىي ـ ساددا بولۇش، لايىقىدا بولۇش مەسىلىسى؛ شۇنىڭدەك بىھۇدە بۇ-زۇپ ـ چېچىلىدىغان پۇل ـ مالنى خەيرلىك ئىشلارغا، ئاجىز، يېتىملەرگە، ئوقۇشسىز ـ تەربىيىسىز قېلىۋاتقانلارغا، كۈننى سىرىقتال ئۆتكۈزۈۋاتقانلارغا ۋە ياكى پۇل ـ مالغا جىددىي ئېھتى-ياجلىق نامرات كېسەل ـ ئاغرىقلارغا ياردەم قىلىش مەسىلىسى. شۇنداق قىلساق ۋە قىلالىساق، ئۆلۈكنىڭ روھىمۇ، تىرىكنىڭ روھىمۇ خۇرسەن بولۇشى ئېنىق! چۈنكى، ئادەم باشقىلارغا (ئاتا ـ ئانىغا، پەرزەنتلىرىگە، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىغا، يۇرت-داشلىرىغا، مۇساپىرلارغا، ئاجىزلارغا) ياخشىلىق قىلىش —

ياخشى ئىش قىلىش، ياخشى سۆز قىلىش، يار ـ يۆلەك بولۇش ئارقىلىق مەڭگۈلۈك ياخشى نامغا، مەڭگۈلۈك هاياتلىققا ئېرىشەلەيدۇ. مەيلى ئۇ كىشى هايات بولسۇن ياكى جان ئۈزۈپ تۇپراق قوينىغا كىرىپ كەتسۇن، ئۇنى ئۇلۇغلايدىغان، ئۇنى ئىززەتلەيدىغان ياكى ياد ئېتىدىغانلار كۆپ بولىدۇ. «رىقابەتلىك دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنى روناق تاپقۇزۇش زۆرۈر ۋە شەرت» بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز هاماقەتلەرچە «قەبرىگە مەبلەغ سېلىش» قىزغىنلىقىدا يۈرمەيلى. ئۆزىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان ـ تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئىشلارغا، ئۆلگۈچىلەر هاياتلىقىدا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ياكى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولالمىغان ياخشى ئىشلارغا مەبلەغ سالايلى. بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان، بىز سېغىنىۋاتقان، بىز چوڭ كۆرۈۋاتقان قېرىنداش ـ تۇغقانلىرىمىز ياتقان ئاشۇ قەبرىستانلىقلارنى قاقاسلىق، قورقۇنچلۇق هالەتتە تاشلاپ قويماي يېشىللاشتۇرايلى، كۆچەت تىكىپ، گۈل ـ گىياهلارنى ئۆستۈرۈپ، گۈزەل باغچىلارغا ئايلاندۇرايلى. مۇشۇنداق قىلىش بىز ئۈچۈن ئەڭ ئەهمىيەتلىك ۋە ئەڭ ئاقىلانە تاللاشتۇر.

## 29. مۇقەددەس رەڭ چۈشەنچىسى ۋە رەڭ ئىسراپچىلىقى

هەرقايسى ئەل، مىللەت ـ قوۋملارنىڭ، قەبىلىلەرنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان رەڭلىرى بولىدۇ. ئۇ، ئۇزاق تارىخلار، نۇرغۇن مۇرەككەپ كەچۈرمىشلەر ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ مەهسۇلى، ئەلۋەتتە. مىللىتىمىز ئومۇمەن يېشىل، كۆك، ئاق، قىزىل رەڭلەرنى، تۇپراق رەڭگىنى ياخشى كۆرىدۇ. ياخشى كۆرىدىغان رەڭلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا، تۈرلۈك تۇرمۇش ئادەتلىرىدە، كى-

يىم ـ كېچەك، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىدا ۋە باشقا تەرەپلەردە مۇناسىپ ئورۇن ئالىدۇ ياكى ئەكس ئېتىدۇ. شۇنداق، بىز دۇنيادىكى باشقا مۇسۇلمان خەلقلەر قاتارىدا يېشىل رەڭنى ياخشى كۆرىمىز. چۈنكى ئۇ يېشىللىقنىڭ، ياشناپ تۇرۇشنىڭ، كۆكلەشنىڭ بەلگىسى؛ يېشىل بوستانلىق، يېشىل يايلاق، يېشىل تەبىئەتنىڭ رەڭگى، بىز كۆك ئاسماننىڭ رەڭگىنى ياخشى كۆرىمىز. چۈنكى ئۇ چەكسىزلىكنىڭ، بۈيۈكلۈكنىڭ رەڭگى. دوپپىلىرىمىزنىڭ تېگى يېشىل رەڭدە، ئىچى قىزىل رەڭدە بولىدۇ. بۇنىڭ «بېشىمدا جەننەت، ئېسىمدە جەننەت»، قىزىل رەڭ بولسا، تومۇرىمىزدىكى قاننىڭ رەڭگى بولۇپ «جەننەت قىلىچلارنىڭ ئاستىدا بولىدۇ، بېشىڭلاردىكى يېشىل جەننەتنى قىلىچىڭلار ئارقىلىق ساقلىساڭلار، ئامان ـ ئېسەن تۇرىسىلەر...» دېگەندەك ئىچكى مەنىسىمۇ بار. شۇڭلاشقا، دوپپىنىڭ ئىچكى ئەستىرى قىزىل تاۋار، قىزىل يىپەك، قىزىل سەرگەزلەردىن تىكىلگەن. قىزىل رەڭ يەنە جەڭگىۋارلىقنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. ئاق رەڭ بولسا پاكلىققا، سۇزۇكلۇككە، غۇبارسىزلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ. ھازىرقى دوپپا تىكىدىغان ئانىلارنىڭ بۇنداق ساۋادتىن خەۋىرى بارمۇ ـ يوق بىلمىدىم، دوپپا ئۈستىدىكى ئوقيا بىلەن سېپىلنىڭ ئەگمىلىرى، ئاي، يۇلتۇزلار رەڭگىـنىڭ ئاق كەشتىلىنىشىـدىكى سەۋەبـمۇ بىزنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىمىز، نۇسرەت ـ غەلىبە رەڭگىمىزدۇر. مەنزىللەرگە يېتىش، مۇرادىغا يېتىش، ئاق يوللۇق بولۇش، سۈتتەك پاك بولۇش مەنىلىرىگە ئىگە. ئوقيا ئوقلىرى ئوغۇزخاننىڭ كۈمۈش ئوقلىرىدەك جۇلالانسۇن، يۇرت سېپىللىرى كۈمۈشتەك ھەيۋەتلىك، قارلىق تاغدەك مۇستەھكەم بولسۇن دېگەندەك مەنىلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان. بىز ياخشىلىقنى ۋە ياخشى ئادەمنى ئاق بىلەن سۈپەتلەيمىز. يامان نىيەتنى قارا نىيەت، كۆڭلى قارا دەيمىز. مائارىپ، مەرىپەتچىلىكنى «ئاقارتىش»، ساۋاتسىزلىقنى قارا ساۋات، بە-

لىمىسىزنى قارا قورساق دەيمىز. ئەلۋەتتە «قارا» دېگەننىڭ بۇ- يۇك، ئۇلۇغ دېگەن مەنىسىمۇ بار، مەسىلەن، قاراخان دېگەندەك، ئەمما ئۇ قارا رەڭنى كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن. بىز يەنە تۇپراق رەڭگىنى ياخشى كۆرگەچكە، بىناكارلىق ئىشلىرىمىزدا كۆپ ئىشلىتىمىز. بۇ ۋەتەننىڭ رەڭگى، تەگرىتاغلىرى، تارىم، تەك- لىماكان قۇملىرىنىڭ رەڭگىگە ماسلاشتۇرۇلغان.

ئەجدادلىرىمىز ئەڭ ياخشى كۆرمىگەن رەڭ — زەئىپلىك، چۈشكۈنلۈك تۇيغۇسى بېرىدىغان سېرىق رەڭ بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، زەھەرلىك چاياننى سېرىقئېشەك، جىگەر كېسەللىكى- نى سېرىق كېسەل دەيمىز. سېرىق شۇمبۇيا، سېرىق ئاسلان، سېرىق پاچاق توخۇ، مۇساپىرلىقتا چىرايى سارغىيىپ قېلىش، سېرىقتال تۇرمۇش، سېرىق سامان دېگەندەك ئاتالمىلار تۇرمۇشى- مىزدا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىز بۇددا دىنىغا ئىشىنىپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرغان بولسىمۇ، كېيىنكى تالاشلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى قايتا نامايان قىلغان. كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، بۇددا دىنى مۇھتەسىدىكى ئۇيغۇرلار سېرىق تونلىرىغا ئاساسەن «سېرىق ئۇي- غۇرلار» دەپ، بۇددا دىنى سېرىق دىن دەپ ئاتالغان. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇرلار بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن 300 يىلغىچە قانلىق كۈرەش قىلغان. بۇنىڭدىن سېرىق رەڭگە قارىتا بىر خىل ئۆچمەنلىك، كەمسىتىش مەنىسى بىلىنىپ تۇرسا كې- رەك. يېقىنقى تارىختا نەزەر سالساقمۇ، 19 - ئەسىردە غەرب جاھانگىرلىرىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى كەمسىتىپ، «شەرقىي ئاسى- يانىڭ سېرىق چۈمۈلىسى» دەپ ئاتىغانلىقىمۇ، دۇنيادىكى كۆپىن- چە كىشىلەرنىڭ بۇ خىل رەڭدىن سۆيۈنمەيدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۇرۇش، جەڭ سەنئىتى تارىخىغا

نەزەر سالىدىغان بولساق، سەردار دۇبۇلغا ـ ساۋۇت بىلەن ئۇس-
تىگە مەللەرەڭ تون يېپىنىپ، ئارغىماق مىنىپ چىقسا، سەر-
كەردە، سەرۋاز، لەشكەرلەر ئۇنىڭ مەشقلەرنى كۆزدىن كەچۈر-
گىلى چىققانلىقىنى — تۇرمۇش، هال ئەھۋالىنى كۆزەتمەكچى
ئىكەنلىكىنى؛ قارا تون يېپىنىپ چىقسا، ھەربىي پارات قوبۇل
قىلىدىغانلىقىنى؛ ئاق تون يېپىنىپ چىقسا، ھەربىي يۈرۈشكە
چاقىرغانلىقىنى؛ چىلانتورۇق ئارغىماق مىنىپ قىزىل تون يېپىن-
نىپ چىقسا، ئۇرۇشقا ئاتلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ، قانۇنىيەتلىك
ھەرىكەت قىلىشقان. مانا بۇ، ئەجدادلارنىڭ رەڭ سەزگۈسى،
رەڭ چۈشەنچىسى ۋە رەڭدىن پايدىلىنىش تېخنىكىسىدا كامالەتكە
يەتكەنلىكىنى نامايان قىلىدىغان بىر پاكىت. ۋەھالەنكى، بۈگۈن-
كى كۈنلەردە، گەرچە ئايرىم رەسسام، سەنئەتكارلارنىڭ رەڭ
تاللاش، رەڭ ئىشلىتىش، رەڭدىن پايدىلىنىش چۈشەنچىسى ۋە
ئېڭى يۇقىرى بولسىمۇ، بىر قىسىم ئاۋام ـ خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى
رەڭ چۈشەنچىسى، رەڭ قارىشى ۋە رەڭ ئىشلىتىش ئادىتى ئۇنتۇ-
لۇپ، بۇزۇلۇپ، رەڭ قارىغۇسىلىق ھالىتى كۆرۈلگەن ئوخشاي-
دۇ. بۇرۇنقىدەك جىنسىنى، چوڭ ـ كىچىكلىكىنى كىيىم رەڭ-
گى ئارقىلىق بىلگىلى بولۇش ھالىتى، ئەر ـ ئايال كىيىم ـ
كېچەكلىرىدىكى جىنسىي ئايرىمىلىق قاتارلىقلار ئاساسەن بىلگى-
لى بولمايدىغان نەرسىگە ئايلاندى، ھەتتا نارەسىدە قىز بالا،
بويىغا يەتكەن قىز، جۇۋان ـ چوكان، بالىلىق ئايال، تۇل ئايال
دېگەنلەر كىيىم رەڭگى، ياسىنىش ـ تارىنىش ئارقىلىق ئىپادىلى-
نىپ تۇرىدىغان رەڭ بىلىملىرى پۈتۈنلەي كەلمەسكە كەتتى. ئۇنى
بىلىدىغان ئانىلىرىمىز، مومىلىرىمىز ئاللىقاچان جەننەتكە كى-
رىپ كېتىشتى! ئاددىي مىسال ئالساق، 1980 ـ يىللارغىچە ياش
قىز، چوكانلارنىڭ رەڭلىك، بولۇپمۇ قىزىلغا مايىل رەڭلەردىكى
كىيىم كىيىشى تەكىتلىنەتتى، تويى بولۇش ئالدىدىكى قىزغا
قىزىل رەڭلىك تامبال تەييارلاش ئادىتى بار ئىدى. بۇ ئادەتلەر

1980 ـ يىللاردىن كېيىن، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ ئېپپەتلىك بولۇ-شى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئانچە قاتتىق تەكىتلەنمەس بولغاندىن كېيىن، «قىز» لىقنىڭ كۆلكىلىك سۇنئىي ـ يالغانلىشىشى پەيدا بولغاندىن كېيىن، كۆپۈك ئەخلاقىغا ئايلىنىپ، ئوبرازى خۇنۈك-لىشىپ كەتتى... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي خاراكتېرلىك رەڭ قارىغۇسىلىقنىڭ ئالامەتلىرى بولۇپ، كىشىنى ھەر ۋاقىت ئەپ-سۇسلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇ يەردە تەكىتلەيدىغان مۇھىم ئىش: نۆۋەتتىكى تۇرمۇشىمىزدا نېمە ئۇچۇندۇر ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز، شۇنىڭدەك دۇنيا ئەللىرى ياقتۇرمايدىغان سېرىق رەڭ ئاۋۇپ قالدى. بۇ خىل رەڭدىكى خىلمۇخىل كىيىم ـ كېچەكلەر ئارتىس-لىرىمىزنىڭ ئۇچىسىغا چىقىپ، سەنئەت تۆرلىرىدىن ئورۇن ئې-لىۋاتىدۇ، بىلىپ ـ بىلمەي تەشۋىق قىلىنىۋاتىدۇ. بەزى ۋىۋىس-كا، ئېلانلار شۇ خىل رەڭدە يېزىلىپ، بېزىلىپ پېشانىلىرىمىزغا ئېسىلىۋاتىدۇ، مەھسۇلات ئوراملىرى بازارلارغا سېلىنىۋاتىدۇ... بۇ بىر خىل مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي سەنئەتنىڭ ئۆز ئەنئەن-ۋى ئەقىدىسىگە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ياكى بولمىسا تۇرمۇشىمىزغا بۇددا رەڭگىنى زورلاپ ئەپكىرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەنە بىزدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك، ئەن-ئەنىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلمىشى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ پاك روھىنى قورۇندۇرماسلىق ئۇچۇن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ گۆرىدە خاتىرجەم يېتىشى ئۇچۇن بولسىمۇ، بۇنداق قىلمىشتىن ھەزەر ئەيلىمىسەك بولماس. شۇڭا مەن ئاۋام ـ خەلق رەڭ قارىغۇسى بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئەل ئىچىدە ئۆزىنى دانا، ئاقىل ھېسابلايدىغان سەنئەت ئۇستازلىرى-نىڭ، سەنئەت يېتەكچىلىرىنىڭ، رېژىسسورلارنىڭ، ئارتىسلار-نىڭ، كىيىم ـ كېچەك لايىھىلىگۈچىلەرنىڭ ۋە باشقۇرغۇچىلار-نىڭ رەڭ قارىغۇسى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشىنى ئۈمىد قىلى-مەن.

# فارابىنىڭ قالۇن ئىجاد قىلىشى

ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى، ناتۇرال پانتېزملىق پەلسەپە سىستې-مىسىنىڭ ئاساسچىسى، ئىسلام پەيلاسوپى، ماتېماتىكا، مەنتىقە، ئاسترونومىيە پەنلىرىنىڭ ئۇستازى، خىمىيە ئالىمى، غەربلىكلەر تەرىپىدىن ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن «شەرقنىڭ ئارىستوتېلى» دەپ ئاتالغان ئەل فارابى (تولۇق ئىسمى ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد ئىبن ئۇزلۇق ئىبن تارخان) ھىجرىيىنىڭ 259 - يىلى (مىلادى-يىنىڭ 870 - يىلى) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فاراب - ئوترار - جەۋھەر شەھىرىنىڭ «ۋاسىچ» ھەربىي قەلئەسىدە ئۇيغۇر قارلۇق قەبىلىسىنىڭ توققۇز ئوغۇز - توققۇز ئۇيغۇر چەۋەنداز ھەربىي ئوفىتسېرى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھىجرىيىنىڭ 339 - يىلى (مىلادىيىنىڭ 950 - يىلى) سۈرىيىنىڭ دەمەشق شەھىرى-نىڭ سىرتىدا لېكسىيە قىلىش سەپىرىدە 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

فارابى «ئىھسائۇل ئۇلۇم» (پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلى-شى)، «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ قاراشلىرى توغرى-سىدا»، «بەخت توغرىسىدا»، «ئەقىل ھەققىدە»، «ئۇيۇنۇل ماسائىل» (مەسىلىلەرنىڭ نېگىزلىرى)، «كىتاب جەمئىيۇل مەنتەقە» (لوگىكا توغرىسىدىكى 12 ئەسەر)، «چوڭ لوگىكا كىتابى»، «خىمىيە ئىلمىنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا»، «ئادەم ئورگانىزمى توغرىسىدا» قاتارلىق خاس ئەسەرلەرنى يازغان، شۇ-نىڭدەك قەدىمكى گرېك پەيلاسوپ، ئالىملىرىدىن ئارىستوتېل قاتارلىقلارنىڭ «كاتېگورىيە»، «مېتافىزىكا»، «گېئومېترى-يە»، «روھ ھەققىدە» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلىرىگە شەرھنامى-

لەر يازغان. فارابى يۇقىرىقى كاتتا ئىلىملەرنىڭ ئۇستازى، سە-مەرىلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ ئىختىراچىسى بولۇش بىلەن بىللە يەنە يېتۇك چالغۇچى، مۇزىكانت، كومپوزىتور، شائىر ئىدى. ئۇنىڭ بارلىق ئىلمىي ھەم ئەقلىي تەپەككۇرى ئۇنىڭ مۇزىكا تەپەككۇرى بىلەن ئىنتايىن زىچ ماسلاشقان. فارابى ماتېماتىكا ياكى خىمىيىدە قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، قولىغا بەزىدە تەمبۇر، بەزىدە دۇتار ياكى ساتارنى ئېلىپ ئېسىل پەدىلەرگە چېلىپ، مېڭىسىنى ئارام ئالدۇرۇپ، روھىنى كۆتۈرۈپ، ئەركىن تەپەككۇر قىلىشقا ئادەتلەنگەن. مۇزىكا ئۇنى ھېسسىي تەپەككۇردىن ئەقلىي تەپەككۇرغا باشلاپ، ئەقىلدىن بىلىم تاپسا، مۇزىكىدىن لەززەت، يېڭى تەپەككۇرغا ئىگە بولغان. «مۇزىكا سېھرىمى يوق ئادەم ئەقلى كەمتۈك ئادەمدۇر» دېگەن ئىلمىي خۇلاسە ئەل فارابى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلمىي يەكۈن ئىدى...

ئەلقىسسە، ھەزرىتى فارابىنىڭ ئىچى تىتىلداپ، بىر خىل نازۇك مۇڭنى ھېس قىلىپ قالدى. مۇزىكىلارنى ئاختۇرۇپ ئىزدىدى. ئۇ تەمبۇر بىلەن دۇتار ئارىسىدا دائىم بىر كەمتۈكلۈك، يۈرەكنىڭ تارىسىنى چېكىپ، ئىنسانىنىڭ ئەڭ زىل، ئەڭ نازۇك ھېسسىياتىنى غىدىقلايدىغان بىر سازنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە، بارلىق ئۇيغۇر چالغۇلىرىنى بىر ـ بىرلەپ چېلىپ كۆرۈپ، بۇ كەمتۈكلۈكنى تولدۇرالمىدى. ئۇنىڭ ئېڭىدىكى مۇزىكا دۇنياسىغا قەدىم چالغۇ «غوڭقا» يېقىنلاشقاندەك تۇيغۇ بەردى. غوڭقانى قولىغا ئېلىپ تارلىرىنى ئىلماي چېكىپ باقتى، يېقىنلاشتى ـ يۇ، يەنىلا ئۇنىڭ دەل ئۆزى ئەمەس ئىدى. ئاخىرى قوشۇقنىڭ دەستىسى بىلەن ئۇرۇپ باقتى، يېقىنلاشتى ـ يۇ، ئەمما، يەنە بىر يەرلىرى تازا دېگەندەك بولمىدى. دۇتارنىڭ تارىسىغا قوشۇقنىڭ كاسىسى بىلەن ئۇرغانىدى، ئۇمۇ يېقىنلاشتى ـ يۇ، يەنىلا بولمىدى. ئىلغان بىلەن چەككەن، قارنى بار بىلەن قارنى يوقنىڭ ئارىلىقىدىكى ھون چالغۇسى «چاڭ» تېخىمۇ

يىقىنلاشتى. ئاخىرى چاڭنى ئېلىپ چېلىۋېدى، بوپقالدى... شۇنىڭ بىلەن، مەدرىستە خىمىيە تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىۋاتقان تۆت يۈزگە يېقىن شاگىرتىغا تۇيدۇرماستىن «ئۈچ بۆلۈكسىمان بىر نەرسە» نى ئەكىرىپ، بوش ئېلىپ چېلىپ بېرىۋېدى، كېچە-چە تەجرىبە ئىشلەپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن باللار ئىزىغا بىر - بىرلەپ يىقىلىپ ئۇخلاپ كەتتى... چۇش پېشىنگە يېقىن كىرىپ، تەجرىبىخانىدا كەلكۈندە يىقىلغان كۆچەتلەردەك قالايمىقان ياتقان باللارغا يەنە بىر چېلىۋېدى، ھەممىسى چۆچۈپ ئويغىنىشىپ، مۇزىكىنىڭ ئېچىنىشلىق رېتىمىدىن يىغلاپ كەت-تى؛ مىلودىيىسىنى ئۆزگەرتىپ يەنە بىر چېلىۋېدى، باللار دەسلەپ تەبەسسۇم قىلىپ كۈلۈشتى، كېيىن كۈلۈپ تېلى-قىپ كېتىشتى... فارابى يېنىدىكى مىرزىغا ئىشارەت قىلىۋېدى، مىرزا چۈش پېشىنگە ئەزان توۋلىدى. باللار كۈلۈشتىن دەرھال توختاپ، پېشىنگە ئالدىرىدى.

شۇ چاغدا ئۇستازى چالغان سازغا ھەيران بولغان بىر شا-گىرتى سورىدى:

— مەۋلانەم، چالغانلىرى بىز پەقەت كۆرمىگەن سازكەن. يېڭىدىن ئىختىرا قىلغان بولمىسىلا؟

— بۇ ئاۋازنى بىر يىلغا يېقىن ئىزدەپ ئاران تاپتىم. مېنىڭ يۈرەك تارىمنى چەكتىمىكىن دېسەم، سىلەرنىڭكىنىمۇ چەكتى - ھە؟

— ئۇنىڭ ئېتىنى نېمىدەپ ئاتىدىلا؟

— «قالۇن».

— «قانۇن» غا يېقىن ئاتكەن.

— ھەئە، سازلارنىڭ قانۇنى.

— ئۇنى سۇلتان ھەزرىتىمگە بىزگە چالغاندەك بىر چېلىپ ئۇخلىتىپ، بىر چېلىپ ئويغىتىپ، بىر چېلىپ كۈلدۈرۈپ، يەنە بىر چېلىپ يىغلىتىۋەتسىلە. سۇلتان ھەزرەتلىرى خۇش بولۇپ، مەدرىسىنىڭ بۇ يىللىق خىراجىتىنى ئاشۇرۇپ بەرسە، بۇ يىل

قىسلماي ئوقۇيدىغان ئوخشايمىز.
— كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭ. مەن بىر يېڭىلىق هاسىل قىلـسام، سۇلتان ئالىيلىرى مەدرىسكە يەنە تالانتلىق يۈز بالا ئالىدىغان ئاقچا كۆپەيتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا يېڭىلىق خەۋىرى ئەۋەتەي، — دەپ مىهراپقا ئۆتكەندى ئەل فارابى هەزرەت.
راست دېگەندەك، قالۇننى ئىختىرا قىلىپ، باغداد خەلىپىلىكىنىڭ ئوردىسىدا سۇلتانغا سورىيە مۇزىكىسى چېلىپ بېرىۋېدى، بىر يېرىم ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، ئەرەب يېرىم ئارىلى، ئوتتۇرا ئاسىيا، هەتتا رىمدىن كەلتۈرگەن تېبىبىي ئالىملارنىڭ داۋالاشلىرى كار قىلماي سەپرا - چېچىلغاق بولۇپ قالغان سۇلتان ئالتۇن تەختىدە يانپاشلاپ يېتىپلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇنىڭ هۇزۇرلىنىپ ئۇخلاپ خورەك تارتىۋاتقىنىنى كۆرگەن ئوردا ئەركانلىرى خۇشاللىقتىن فارابىغا زەرياغلىق، تۈركچە تون، بىر تاۋاق تىللا ئىنئام قىلدى. سۇلتان شۇ بىر ئۇخلىغانچە ئىككى كېچە - كۈندۈز ئويغانمىدى.
— مەۋلانە هەزرەت جانابلىرى كەشىپ قىلغان بۇ سازنىڭ نېمە سېهرىي كارامىتى بار؟ ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ پاراكەندە بولدۇق. سۇلتان ئالىيلىرىنى ئويغىتايلى دېسەك، «ئەگەر ئۇخلىيالىسام، ئۇيقۇدىن ئويغاتقۇچىنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن» دەپ پەرمان جاكارلىغان بولغاچقا، هازىر ئويغىتىشقا هېچكىم پېتىنالمايۋاتىدۇ. سۇلتان هەزرەتلىرى بۇنداق ئۇخلاۋېرىپ، بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، جانابلىرىنىڭ ئالتۇن باشلىرى ئامان قالمايدۇ. ئاڭلىساق، بۇ ساز بىلەن، ئىلمىي تەجرىبىگە كىردشىپ كېتىپ ئۇخلاشنى ئۇنتۇپ قالغان تالىپلارنى ئۇخلاتقان هەم ئويغاتقان، كۈلدۈرگەن هەم يىغلاتقان ئىكەنلا. ئەمدى سۇلتان ئالىيلىرىنى ئاچچىقلاتماي ئويغىتىدىغان بىر پەدىگە چېلىپ، ئۇنى ئويغىتىپ بەرسىلە.
— ئۇنداقتا، ئوردا خەزىنىسىگە يەنە بىر تاۋاق ئالتۇن زىيان

بولىدىغان بولدى، — دېدى ئەل فارابى مۇلايىملىق بىلەن تەبەسسۇم قىلىپ.

— تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا بىر تاۋاق ئالتۇن ئالدىلا. «يالغۇز ئىلىم - بىلىمدە ئەمەس، ئەخلاق - پەزىلەت بابىدىمۇ تەڭداشسىز زات» دېگەن نامىلىرىغا داغ چۈشمىگەي ئالىيلىرى. يەنە بىر تاۋاق ئالتۇن گەرچە ئوردا خەزىنىسى ئۈچۈن سۇلتان ئالىيلىرى مىنىدىغان جەڭ ئارغىمىقىنىڭ بىر تال يايلى ئۈزۈلگەنچىلىك ئىش بولمىسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ پەلەككە تاقاشقان كاتتا ئابرۇيلىرى ئۈچۈن، بۇ قۇياشنىڭ يېرىمى تۇتۇلغاندەك ئىش بولارمىكىن؟

— باغداد مەدرىسىگە ھازىر يەر يۈزىنىڭ ھەر تەرىپىدىن ئىلىم تەھسىل قىلغىلى كەلگەن تۈرلۈك - تۈمەن ئىرق - قوۋمدىن يىغىلغان تالىپلار باغداد مەدرىسىگە ئەمەس، باغداد كوچىلىرىغىمۇ پاتماس ھالەتكە كېلىپ، مەدرىسىمىز خىراجىتىگە تاغدەك ئالتۇن بولسىمۇ يېتىشمەس ھالغا كەلدى. ئىلىم ئىزدىگۈچىلەرنى تەشنالىقىغا قاندۇرۇش — ئىسلامنىڭ بۈيۈك مەشھۇرىيىتىدۇر. باللارغا ئىلىم ئۆگىتىش ئۈچۈن پېقىرنىڭلا نوپۇزى كۆيىدىغان ئىش بولسا، بۇ كۆيگەن ئوتتا ئىلىم نۇرى ھاسىل بولۇپ، ئۆگەنگۈچى قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتىدىغان ئىش بولسا مەن رازى. باغداد مەدرىسى تالىپلىرىنىڭ تەربىيەت ئىشلىرىغا ئوردىدىن دەرھەم ئۇندۇرۇۋېلىپ سەرپ قىلسام، يۈزۈمگە داغ چۈشسىمۇ مەن رازى···

شۇنداق قىلىپ، ئەل فارابى ھەزرەتلىرى قالۇننى شاگىرتىغا كۆتۈرگۈزۈپ ئوردا ياساۋۇللىرى ئېلىپ كەلگەن ئالتە ئارغىماق قوشۇلغان ئالتۇن كۈشۈكلۈق «سۇلتان مەپىسى» گە ئولتۇرۇپ، سۇلتاننىڭ ھوجرىسىغا كىردى. ئالتۇن گىرۋەكلىك كارىۋات بېشىغا يېقىن كېلىپ، تۆت قات تاۋار كۆرپە ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، قالۇننى دەسلەپ قەشقەر ئاھاڭلىرىغا، ئاندىن

بالاساغۇن ئاھاڭلىرىغا يەڭگىل چېلىپ، بىر چاغقا كەلگەندە تۈركلەرنىڭ ئۇرۇش ئاھاڭلىرىغا چالدى. سۇلتان چاچراپ بېشىنى كۆتۈردى.

— ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىشكە پېتىنغان نەدىن كەلگەن ياۋايى لەشكەركەن ئۇ؟

سۇلتان تەكيىي ئاستىدىكى ئالتۇن ساپلىق شەمشەرنى ئاللىقاچان قولىغا ئېلىپ بولغانىدى... فارابى شۇئان مېلودىيىنى ئۆزگەرتىپ، يەنە بىر ئاھاڭغا چالدى. سۇلتان شەمشەرنى تۇتقانچە پۈتۈن زېھنى بىلەن قالغۇن چېلىپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ كۈلكىلىك تەۋرىنىۋاتقان فارابىغا قاراپ قاقاھلاپ كۈلۈپ تېلىقىپ، كارۋىتىدا ئولتۇرۇپ قالدى. شەمشىرى قولىدىن چۈشۈپ، تېلىقىپ كۈلگىنىدىن تۈگۈلۈپ قالدى.

— ۋاي ھەزرىتى مەۋلانەم... تېخىچە ماڭا مۇزىكا چېلىپ بېرىۋاتاملا. بۇ ئاھاڭلىرى ئىچىمگە شەيتان كىرگۈزۈۋەتكەندەك نېمانداق كۈلدۈرىدۇ، نېمانداق كۈلكىلىك ھەجۋىي مۇزىكا بۇ ... بولدى ... بولدى، بولدى قىلسىلا، تېلىقىپ كۈلۈپ ئۈچەيلىرىم ئۈزۈلۈپ كەتمىسۇن ... ئۆزلىرىمۇ بۇ مۇزىكىنى چالغۇچە نېمانداق كۈلكىلىك قىياپەتكە كىرىپ قالدىلا؟ ... بولدى ... قورسىقىم ئېچىپ، ئات چاپقاندەك تاراقلاۋاتىدۇ ... دەرھال داستىخان تەييارلاڭلار، مەن ئۇستاز بىلەن يالغۇز ئولتۇرۇپ غىزالىنىمەن!

※ ※ ※

شۇنداق قىلىپ، ئەل فارابى ئوردىدىن يانغاندا، سۇلتاندىن باغداد مەدرىسىنى يەنە بىر تومەن تالىپ سىغقۇدەك كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشىغا پەرمان ئېلىپ قايتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھەر قېتىم ئۇخلىيالماسلىق كېسىلى تۇتقاندا، سۇلتان ئەل فارابى ھەزرەتتىن قالغۇن ئاڭلايدىغان، زېرىككەندە كۈلكىلىك ياكى يىغ-

لىنىدىغان مۇزىكا ئاڭلايدىغان بولدى ... ئەل فارابى ھەزرەتنىڭ ۋاقتى زايە بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان سۇلتان ئوردىدا بىر مۇزىكا ئۆمىكى قۇرۇشقا پەرمان چۈشۈردى. ئەل فارابى مۇزىكا ئۇستىلىرىنى ئۆزى بىر قوللۇق تاللاپ تەربىيىلەپ چىقتى. بۇ جەرياندا ئۇ ئوردىدا يەنە بىر رەسەتخانا تەسىس قىلىپ، ئاسمان جىسىملىرى - يۇلتۇز تەتقىقاتخانىسى ۋە ماتېماتىكىخانا، ئەنجۇمەنخانا قۇردى. ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغىنى، باغداد كۇتۇپخانىسى بۇرۇنقىدىن ئون ھەسسە زورايتىلدى. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ باغداد خەلىپىسى ئوردىسىنىڭ مەڭگۈلۈك خەلىپە راسخوتى بىلەن تەمىنلىنىدىغان ھوقۇقى قانۇنلاشتۇرۇلدى. باغداد مەدرىسى بىلەن باغداد كۇتۇپخانىسى ئەل فارابىنىڭ باغداد خەلىپىسىدىن ئالغان ھەددى - ھېسابسىز دەرھەملىرىنىڭ كۈچىدىن دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ تونۇلدى. باغداد ئوردىسى مۇزىكانتلىرى ئۈچۈن فارابى يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ھون دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئىككى تارىلىق غېجىكى ئاساسىدا ھازىرقى ئۇيغۇر غېجىكىنى ئىختىرا قىلىپ تەقدىم قىلدى. باغداد خەلىپىسى «بۇ تۆھپە ئۈچۈن قانداق مۇكاپات ئالىسىز؟» دەپ سورىغاندا، سۇلتانىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا لەشكەر تارتىپ جازا يۈرۈش قىلماسلىقىنى تىلىدى. ئەل فارابىغا يۈز كېلەلمەي، سۇلتان ئۈچ يىل تەييارلىق قىلغان ھەربىي يۈرۈشىنى، يەنى ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلىدىغان جازا يۈرۈشىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ...

دېمەك، ئەل فارابىنىڭ تەبىئىي پەندىمۇ، ئىجتىمائىي پەندىمۇ، سەنئەتتىمۇ كامالەتكە يەتكەن ئىلمى ھەم شۇ ئىلىملەرنىڭ پەزىلىتىدىن ئېرىشكەن كاتتا ئابرۇيى ئۇرۇش قىرغىنچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئالغان. نامى مەڭگۈلۈك بولغان باغداد خەلىپىلىكىنىڭ «ئىلىم - مەرىپەت خەلىپىلىكى» بولۇپ، دۇنياغا ئىلىم - مەرىپەت تارقاتقان كاتتا تۆھپىسى دۇنيا تارىخىدا ئەسىردىن ئەسىرگە، ئەجدادتىن ئەۋلادقا، ھەتتا ھازىرغىچە مەشھۇر بولۇپ

كەلمەكتە.

تەكىتلىمەكچى بولغىنىمىز: ھەزرىتى ئەل فارابى بارلىق ئىلىملەر قاتارىدا، «ئىلاھى ئىلىم — سەنئەت» نى ۋە مۇزىكىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەر ئىدى. بۈگۈنكىدەك ھەقىقىي سەنئەت ۋە سەنئەتكار بىلەن ھەقىقىي بولمىغىنى، ساپ مىللىي سەنئەت بىلەن ئارىلاش مەھسۇلاتلار بىللە مەۋجۇت بولۇپ، بىر - بىرىنى ئىنكار قىلىشىۋاتقان مەزگىلدە فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائىغا ئوخشاش ئەللامە، ئالىملىرىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئۇلۇغلىغان، قەدىرلىگەن، راۋاجلاندۇرۇشقا ھەسسە قوشقان روھى بىزگە ئۆرنەك ۋە ئىلھام بولۇشى كېرەك؛ سەنئەت بىلەن ئىلىم - پەننى، سەنئەت بىلەن دىننى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى قىلىپ خەلقنى قايمۇقتۇرىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ ھاياتىمىزدىكى رولى، ئورنىغا ئىلمىي مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

مەسئۇل مۇھەررىر : مەلىكە ئابدۇقادىر
مەسئۇل كوررېكتور: سەبىيەم ئەختەم

# يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام

## ئەختەم ئۆمەر

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2008 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2009 ـ يىل 2 ـ ئايدا بېيجىڭدا 2 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850 × 1168م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 5.25
سانى : 3000 — 6000
باھاسى : 10 .00 يۈەن

ISBN 978-7-105-09271-0/I.1921(维 277)

责任编辑：美力克·阿不都卡的
责任校对：赛比耶·艾合太木

## 图书在版编目(CIP)数据

从遥远的地方向祖国问好：维吾尔文/ 阿合坛木·吾马尔著. 一北京：民族出版社，2008.5（2009.2 重印）
ISBN 978-7-105-09271-0

Ⅰ. 从… Ⅱ. 阿… Ⅲ… 报告文学—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. I25

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 062876 号

出版发行：民族出版社 http://www.mzcbs.com
社　　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2008 年 6 月第 1 版
2009 年 2 月北京第 2 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 32 开
印　　张：5.25
印　　数：3000-6000 册
定　　价：10.00 元
ISBN 978-7-105-09271-0/I.1921(维 277)